خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى
ئەمەت نىياز

# ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى
ئەمەت نىياز

# ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئوسمان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسى

ئاپتورى: خوجا ئابدۇللا ئىبراھىمى
ئەھەت نىياز

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئوسمان

مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار ئابلىمىت

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787مم 1/32، باسما تاۋىقى: 9.5

1987 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى

1988 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىرازى: 1 — 5550

---

ISBN7 — 5373 — 0058 — 5/H·2

كىتاب نومۇرى: 5 — 9264 باھاسى: 0.75 يۈەن

# كىرىش سۆز

11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم، شائىر، دۆلەت ئەربابى، قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تونۇقۇش، بىلىش ئۈچۈن بىردىنبىر تەرجىمان تىلدۇر، ئادەمنى ئادەم قىلغۇچى بىلگىنكى تىلدۇر» دېگەن ئىدى.

تىل ئىنسانلارنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ راۋاجلانغان ۋە مۇكەممەللەشكەن.

ئىنسانلارنىڭ باشقا جانلىق مەۋجۇداتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى — تىلدىن ئىبارەت ئۇقۇش، بىلىش، ئالاقىلىشىش قورالىغا ئىگە بولغانلىقىدۇر. بۈگۈنكىدەك يۈكسەك پەن-مەدەنىيەتلىك ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىمۇ ھەرگىزمۇ تىلدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

مەلۇمكى، ماركسچە، لېنىنچە يېزىق ئىستىلى بىزدىن تىلنىڭ ئېنىق، توغرا، جانلىق، چۈشىنىشلىك، ئاددىي، ئوبرازلىق، قىزىقارلىق، جەلىپ قىلارلىق، گۈزەل، جەڭگىۋار بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن گىرامماتىكا، لوگىكا، ستىلىستىكا بىلىملىرىنى پۇختا ئۆگىنىش كېرەك. بۇ ئۈچ پەننىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ.

گراماتىكا — تىلنىڭ قۇرۇلۇش قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى ئىلىم. ئۇ تىلنىڭ ئېنىق، راۋان، چۈشىنىشلىك بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. لوگىكا — تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى پەن. ئۇ تەپەككۇر قىلىشنىڭ شەكىللىرى ھەم ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ نۇتۇقنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن توغرا بولغان - بولمىغانلىقىنى باشقۇرۇپ، تىلنىڭ توغرا بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. ستىلىستىكا — تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. يەنى تىلنى تۈزەش، تىلنى بېزەش، تىلنىڭ ئوبرازلىق، تەسىرلىك بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ.

يېزىقچىلىققا يېقىندىن كىرىشۋاتقانلارنىڭ ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئوي - پىكىرنى توغرا، جانلىق، ئېنىق، گۈزەل، ئوبرازلىق ئىپادىلىشىگە ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېزىقچىلىق ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىدتە بۇ «ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسى»نى تۈزۈپ چىقتۇق. كىتابىمىزدا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى تولۇق تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە ۋە ئۇلارنى توغرا ئەمەلىي مىساللار بىلەن ئىپادىلاشقا تىرىشتۇق. كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا رۇۋەيدۇللا ھەمدۇللا تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسىدىن ساۋات»، ھاجى ئەخمەت تۈزگەن «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا» قاتارلىق كىتابلاردىن مۇۋاپىق پايدىلاندۇق. سەۋىيىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن كىتابتا نۇقسانلار ھەتتا خاتالىقلارغا يول قويغان بولۇشىمىز مۇمكىن. كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

# مۇندەرىجە

ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسى توغرىسىدا چۈشەنچە... 1
ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان ستىلىستىكىلىق
ۋاسىتىلەر ........................................ 70
1. ئوخشىتىش ........................................ 70
2. سىمۋول ........................................ 90
3. سېلىشتۇرۇش ........................................ 107
4. جانلاندۇرۇش ........................................ 116
5. سۈپەتلەش ........................................ 136
6. پىر - پىراز (ئېلىشما ئىبارە) ........................................ 141
7. مۇبالىغە ........................................ 144
8. مېتونومىيە (ئوخشاشىمىز كۆچۈم)........................................ 156
9. ئېپىگراپ ........................................ 160
10. ئالماشتۇرۇش ........................................ 164
11. مەسەل ........................................ 175
12. چوڭقۇرلاشتۇرۇش ........................................ 181
13. دىئالوگ ........................................ 183
14. يانداشتۇرۇش ........................................ 188
15. يوشۇرۇن مەنىلىك سۆزلەر ........................................ 194
16. ئۆستۈرۈش ........................................ 204
ئېۋفېمىزىم (سىلىقلاشتۇرۇش) ........................................ 206

18. نەقىل كەلتۈرۈش ............ 211
19. تەڭداش كۈچەيتىش (قاتار ئىشلىتىش) ...... 215
20. تەقلىد قىلىش ............ 217
21. تەنە (كىنايە) ............ 220
22. ماقال تەمسىللەر ............ 229
23. ئىدىئوملار ............ 241
24. تەسەۋۋۇر ............ 247
25. يېپىشتۇرۇش ............ 253
26. ئېلىپىس ............ 257
27. مېتافورا (ئوخشاشلىق كۆچۈرۈم) ............ 260
28. رېتورىك سوراق ............ 264
29. رېتورىك مۇراجىئەت ............ 268
30. ھاياجانلىق سوراق ............ 274
31. ئېموتسىئونال (ھاياجانلىق) نۇتۇق ...... 279
32. سىنېكدوخا ............ 294
33. ئىرونىيە (دارىتما) ............ 297

# ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسى توغرىسىدا چۈشەنچە

«ستىلىستىكا» دېگەن سۆز ئادەتتە تىلىمىزدا «ئەدەبىي جەھەتتىن ئىشلەش» دېگەن مەنىنى يەنى تىلنى تۈزەشتۈرۈش ۋە بېزەش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

تىلنى تۈزەشتۈرۈش دېگەنلىك — ئىدىيەۋى مەزمۇننىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسلىنىپ، سۆز ۋە جۈملىلەرنى مۇۋاپىق تاللاش، مۇۋاپىق ئىشلىتىش، ئابزاس، بۆلەكلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

تىلنى بېزەش دېگەنلىك — ھەر خىل ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق تىلنىڭ روشەن، كونكرېت، جانلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش دېگەنلىكتۇر. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىدىيەۋى مەزمۇننى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تىلنىڭ ھەر قايسى ئامىللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئەڭ مۇۋاپىق بولغان ئىپادىلەش شەكىللىرىنى تېپىپ، تاللاپ ئىشلىتىش ئارقىلىق ماقالە ۋە نۇتۇق تىلىنىڭ قايىل قىلىش، تەسىرلەندۈرۈش ۋە ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ ستىلىستىكىدۇر.

ستىلىستىكا تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇ تىلشۇناسلىقنىڭ باشقا تارماقلىرى بىلەن (لېكسىكا، فونېتىكا، گراماتىكا بىلەن) زىچ مۇناسىۋەتلىك، ھەمدە ئۇ يەنە بەلگىلىك مۇستەقىللىككىمۇ ئىگە. لېكسىكا، فونېتىكا، گراماتىكا تىلنىڭ مەلۇم بىر تەشكىلىي قىسمىنى تەتقىق قىلىدۇ. ستىلىستىكا بولسا، تىلنىڭ مەلۇم بىر تەشكىلىي قىسمىنى تەتقىق قىلماستىن بەلكى تىلنىڭ بارلىق تەشكىلىي قىسمىنىڭ قوللىنىلىشىنى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىدۇ. دەرۋەقە ستىلىستىكا سۆز - ئىبارىلەرنىڭ قوللىنىلىشىنى تەتقىق قىلغاندا مۇقەررەر ھالدا لېكسىكىغا چېتىلىدۇ. يەنە ئۇ ئوخشاشمىغان قۇرۇلۇش (قۇرۇلمىنىڭ) ۋە ئوخشاشمىغان جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى تەتقىق قىلغاندا، مۇقەررەر ھالدا گراماتىكىغا چېتىلىدۇ. مەلۇم ستىلىستىكىلىق ھادىسىلەر فونېتىكىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئىكەن ئۇ، فونېتىكىغىمۇ چېتىلماي قالمايدۇ. بىراق ستىلىستىكا فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكىنىڭ ئۆزىدىكى سىستېما ۋە قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلماستىن، بەلكى، ئوخشاشمىغان ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە ئىگە بولغان سۆز - ئىبارىلەر، جۈملىلەر، ئاۋاز (ئىنتوناتسىيە)نى قانداق قوللىنىشنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىپادىلەيدۇ. دېمەك فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكا — ستىلىستىكىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. شۇنىڭ بىلەن ستىلىستىكا يۇقىرىقى بىلىملەردىن

پايدىلىنىش ئاساسىدا ئوخشاشمىغان ئەھۋال ئاستىدا (سورۇندا) ئوخشاشمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ ۋە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئۇندىن باشقا ستىلىستىكا تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ماقالىلەر قۇرۇلۇشىنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ.

**1) ستىلىستىكىنىڭ پرىنسىپى ۋە شەرتىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟**

ستىلىستىكىنىڭ پرىنسىپى — رېئال تىل شارائىتىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئالاقىلىشىش ئۈنۈمىگە دىققەت قىلىشتىن ئىبارەت.

تىل شارائىتى ئىجمائىي شارائىتنى ياكى ماقالە-نۇتۇقنىڭ ئالدى-كەينىنى (باش-ئاخىرىنى) كۆرسىتىدۇ. رېئال تىل شارائىتىغا بىرلەشتۈرۈش دېگەنلىك «بويىغا قاراپ كىيىم پىچىش» يەنى تىلدىن پايدىلىنىشتا رېئال تىل شارائىتىغا ماسلىشىش، تىلنى قوللىنىشتا ئىجتىمائىي شارائىتقا بىرلەشتۈرۈش، تىلنى دەل جايىدا قوللىنىش دېگەنلىكتۇر.

ستىلىستىكىنىڭ شەرتى بولسا، ئەسەر يازغاندا، نۇتۇق سۆزلىگەندە سۆزلەرنى تاللاش، ئىشلىتىش، جۈملىلەرنى قۇراشتۇرۇش، ئابزاس، بۆلەكلەرنى، قاتلاملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش جەريانىدا باش تېما، تېما، مەركىزىي

ئىدىيە ۋە مەقسەتنى نەزەردە تۇتۇپ ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەت.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «ستىلىستىكا» بىلەن «ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر» بىر ئۇقۇم ئەمەس. ستىلىستىكا ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر دېگەن ئۇقۇمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بېقىندۇرۇش ۋە بېقىنىش مۇناسىۋىتىدۇر.

خۇلاسە قىلغاندا، ستىلىستىكا ئادەتتە سۆزلەرنى قانداق تاللاش، قانداق ئىشلىتىش، جۈملىلەرنى قانداق تۈزۈش، جۈملە شەكىللىرىنى قانداق تاللاش، ھەر خىل ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى قانداق قىلىپ دەل جايىغا قويۇپ، ئۈنۈملۈك قوللىنىش (تىلغا ئىشلىتىش)تىن ئىبارەت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، ستىلىستىكا كونكرېت مەزمۇن، مەنىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن تەتقىقات جەريانىدا ئۇ ھامان كونكرېت مەنا ۋە كونكرېت مەزمۇندىن ئايرىلالمايدۇ.

### 2) ستىلىستىكىنىڭ رولى نېمە؟

ستىلىستىكا مىللىي تىل تاۋۇشلىرى، لۇغەت بايلىقى ۋە گرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ تىلنى جانلىق، ئوبرازلىق قىلىدۇ.

مەسىلەن:

«ھايات بېغىدا سەيىر ئەتكىنىمدە مەن بىر گۈلنى ئەسلەيمەن،
قىزىل گۈل خۇش پۇراق چاچقاندا بىر بۇلبۇلنى ئەسلەيمەن.
چېپىش مەيدانىدا ئىلگىرىلىگەن دۇلدۇلنى ئەسلەيمەن،
باھاردىن بەھرىمىز كەتكەن چېۋەر ئوغۇلنى ئەسلەيمەن.»
(نىمشېھىت «ئەسلەيمەن»)

شائىر نىمشېھىت بۇ شېئىردا لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئەسلەش ۋە سېغىنىش تۇيغۇسىدىكى ئوي - پىكرىنى ئاددىيلىكى ئىبارىلەر بىلەن يالىڭاچ ھالدا ئېيتماي بەلكى ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، تەكرارلاش قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق، تەسىرلىك ئىپادىلىگەن. شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنى يېڭىدىن ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزىل گۈلگە، گۈلنىڭ ئېچىلىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتكەن ۋە قىزىل گۈلنىڭ ئىشقىدا تىنىمسىز سايرىغان بۇلبۇلغا، كۈرەش مەيدانىدا ئالغا ئىلگىرىلىگەن دۇلدۇلغا ئوخشىتىپ، خۇددى ئۇستا رەسسامدەك لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئوبرازىنى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرگەن.

دېمەك، يازغۇچى - شائىرلار ئۆز ئەسەردە ئىپادىلىمەكچى بولغان شەيئىلەرنى ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق كونكرېت، تەسىرلىك، جانلىق قىلىپ تەسۋىرلەپ، كىتابخانلارنى ياكى تىڭشىغۇچىلارنى ئۆزى ياراتقان بەدىئىي مۇھىت ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، گۈزەللەشتۈرۈش ئىدىيە-

ۋى مەزمۇننى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقىلىشىش ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ يەردە دېگەن «گۈزەللەشتۈرۈش» كەڭ ۋە ئومۇمىي مەنىگە ئىگە بولۇپ، ياغلىما سۆز قىلىش، سۆز ئويۇنىتىش قاتارلىقلارنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى ھەر خىل ئالاقىلىشىش شارائىتىدىكى ھەر خىل ژانىر تەلەپ قىلىدىغان ئىپادىلەش ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ.

تىلىمىزدا نۇرغۇنلىغان ستىلىستىكىلىق ئۇسۇللار ۋە ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر بار. بۇلارنى ئورۇنلۇق، مەقسەتلىك قىلىپ ئىشلىتىپ، ئەسەر يازغاندا، نۇتۇق سۆزلىگەندە ئۇلارغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، ئوي - پىكرنى توغرا، ئېنىق، گۈزەل ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

### 3، ستىلىستىكىنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك؟

ھەرقانداق بىر ئەسەر ياكى نۇتۇق چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە بولۇشتىن سىرت، يەنە جانلىق، ئوبرازلىق بولغاندىلا ئاندىن كىشىلەرنى جەلپ قىلالايدۇ ۋە ئۇلارنى روشەن، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە قىلىپ زور تەربىيىگە ۋە ستىتىك زوققا ئىگە قىلالايدۇ. شۇڭلاشقا ستىلىستىكىنى ياخشى ئۆگىنىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن گىراماتىكا، لوگىكا پەنلىرىنى پىششىق ئىگىلەش، ئۇلارنى ستىلىستىكا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش لازىم. چۈنكى گىراماتىكا، لوگى

ـكا. ستىلىستىكىلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم - ئايرىم پەنـ
لەر بولسىمۇ، نۇتۇقنىڭ توغرا، ئىلمىي، جانلىق بولۇشـ
ـنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئوينىغان رولى جەھەتتە بىر -
بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ.

يىغىپ ئېيتقاندا، لوگىكا ستىلىستىكىنىڭ ئاساسى،
گراممانىكا بولسا، ستىلىستىكىنىڭ ئالدىنقى
شەرتى. شۇڭلاشقا ستىلىستىكا ھەققىدىكى تەتقىـ
قات تىلنىڭ لوگىكا ۋە گراممانىكا جەھەتلەردىكى توغـ
رىلىقىنى مۇھىم ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. مەلۇمكى، نۇ-
تۇق (تىل) لوگىكا ۋە گراممانىكا جەھەتلەردە ھەر
خىل نۇقسانلاردىن خالى بولالمىسا، ئۇ ھالدا نۇتۇق (تىل)
نىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.
شۇڭلاشقا بۇ ئۈچ پەننى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش
كېرەك.

تىل لوگىكا، گراممانىكا ۋە ستىلىستىكا جەھەتلەردىكى
تەلەپلەر بويىچە مۇۋاپىق، توغرا ئىشلىتىلسە، ئۇنىڭ
ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئىلگىرىكى
لەرمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن:

«ساۋۇردى چۇنشە جەربەرگىنى سەر - سەر،
سىزنىڭ سىمابىنى دەي قىلدى مەر - مەر.
ھەۋا داغى بۇلۇتىدىن كەيدى سىنجاب،
بۇلۇت داغى ھەۋاغا ساچدى سىماب.
دەي ئۇستادى نىچۇككىم زەرگەرى چىن،
زىلال ئەتفالى لەۋھىن قىلەي سىيمىن.
بولۇتدىنكىم تامىب ھەر قەترەئى سۇ،

بۇرۇلاەتىدىن ياغىپ ئالەمگە ئىنجۇ».
(ئەلشىرناۋايى، «پەرھاد - شىرىن»)
يەشمىسى:
«قاتتىق شامال دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئۇچۇردى.
قىش سوغۇقى سۇ سىمابىنى مەر-مەرگە ئايلاندۇردى.
ھاۋا تېخى بۇلۇتتىن سىنجاپ (كۆلرەڭ جۇۋا) كىيدى.
بۇلۇت تېخى ھاۋاغا سىماب (قار) چاچتى.
سوغۇق كۆللەرنىڭ ئۈستىنى چىمەن زەرگەرلىرىگە ئوخشاش،
باللارغا سۇزۇك سۇدىن كۈمۈش تەخت ياساپ بەردى.
بۇلۇتتىن تامچىغان ھەر تامچە سۇ،
سوغۇقنىڭ تۈپەيلىدىن ئالەمگە ئۈنچە بولۇپ ياغدى.»
ناۋايىنىڭ بۇ مىسرالىرىدا مۇھىتنىڭ ھەر خىل كۆرۈنۈشلىرى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئاجايىپ ئوخشىتىش ۋە سۈپەتلەشلەر بىلەن ئېنىق سىزىپ بېرىلگەن بولۇپ، كىشى بۇ تەسۋىرلەرنى ئوقۇغاندا بىرلا ۋاقىتتا تۆت پەسىل قوينىدا سەيلە قىلغاندەك بولىدۇ.
ستىلىستىكىنى ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن ستىلىستىكىغا ئائىت بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز. بۇ ئارقىلىق ستىلىستىكىنىڭ ئادەتتىكى ھادىسىلىرىنى ۋە ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلىشىمىز. كىتابىي بىلىمنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزىمىزنىڭ ئەقلىي بىلىمگە ئايلاندۇرۇشتا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپ مەشق قىلىشىمىز كېرەك.

مۇكەممەل ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، توغرا نۇقتىئىنەزەر، توغرا ئۇسۇل، ساغلام ئىدىيەۋى ھەسسىيات، مول جەۋھەرلىك ماتېرىيال ۋە ئەمەلىي تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇشتىن سىرت، ئىدەيەۋى مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن سۆزلەرنى تاللاش، ئورۇنلاشتۇرۇش. تىلنىڭ ئىپادىلەش شەكلىنى تاللاش، ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئورۇنلۇق پايدىلىنىش قاتارلىق ماھارەتنى ئىگىلەشىمىز زۆرۈر. ئەمدى بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىمىز.

## 1. سۆزلەرنى مۇۋاپىق تاللاش

سۆزلەرنى مۇۋاپىق تاللاش ۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىش سۆزنىڭ ستىلىستىكىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈلىدۇ. خۇددى ماتېرىيال بولمىسا، ئىمارەت سالغىلى بولمىغانغا ئوخشاش، سۆز بولمىسا، ھەرقانداق جۈملىنى قۇراشتۇرغىلى بولمايدۇ.

تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولغان، تىلدا ئەركىن قوللىنىلىدىغان، مەلۇم ئۇقۇم ۋە مەنىگە ئىگە بولغان، تىلنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى سۆزدۇر. سۆز بىلەن ئۇقۇمنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ، ئۇقۇم — سۆز، ئىبارىنىڭ مەزمۇنى. سۆز — ئۇقۇمنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى. تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن جۈملىلەردە مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشىمىز، جۈملىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن ئېنىق، تۇس جەھەتتىن روشەن، ئاۋاز جە-

ھەتتىن ئاھاگدار بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سۆز ئىشلىتىشتە سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىپ، ئېنىق بىلىشىمىز، سۆزلەرنىڭ مەنە ۋە ئىشلىتىلىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ھېسابقا ئېلىشىمىز لازىم.

قانداق قىلغاندا سۆزلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تەلىپىگە يەتكىلى بولىدۇ؟

ئىشلەتكەن سۆز توغرا، مۇۋاپىق، ئورۇنلۇق بولغاندا، ئاممىباب. خەلقنىڭ سۆزلەش ئادىتىگە ئۇيغۇن بولغاندا، سۆزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ ۋە تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

سۆز يەككە تۇرغاندا ئۇنىڭ مەنىسى بىلەن دائىرىسى نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. سۆز پەقەت گراممانىكىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ، مەلۇم جۈملە تەركىبىگە قاتنىشىپ، بىرەر ۋەزىپە ئۆتىگەندىلا توغرا ئىشلىتىلگەن ياكى توغرا ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «غۇنچەم بېشىغا قىپقىزىل نېپىز ياغلىق چىگىپ ئاستا قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ مەڭزىلىرى ئېسىق تەپتىدىن ئاناردەك قىزارغان، ماڭلايلىرىغا مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرى يېپىشقان ئىدى.» دېمەك، بۇ جۈملىدىكى سۆزلەر مۇۋاپىق تاللانغان بولۇپ، غۇنچەمنىڭ ھەرىكىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئۇنىڭ چىرايى، كىيىم - كېچەك تەسۋىرىدىكى «قىپقىزىل»،

«ئانارده‌ك»، «مەرۋايىتتەك» دېگەن ئوخشىتىش، سۈپەتلەشلەر جايىدا تاللىنىپ، جايىدا ئىشلىتىلگەچكە بۇ جۈملە ناھايىتى ئېنىق، توغرا، جانلىق، ئوبرازلىق چىققان.

بەزى كىشىلەر ئادەتتە سۆز قىلغاندا سۆزلەرنىڭ ئاڭلاتقان مەنىسى بىلەن ھېسابلاشماي ئۇنى خاتا قوللىنىدۇ، ھەتتا مەتبۇئاتتىمۇ بۇنداق ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن:

«بالا يىغلىدى، قاقشىدى، ئاپىسىنىڭ قەبرىسىگە باردى. ئۇ، پارقىراپ تۇرغان سېرىق توپا ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ، باغرىنى يېقىپ، قەبرىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ زار - زار يىغلايتتى.»

(تۇردى سامساق. «تىيانشان باغرىدا»)

بۇ مىسالدىكى «پارقىراپ تۇرغان سېرىق توپا» دېگەن سۆزلەر جايىدا ئىشلىتىلمىگەن. چۈنكى توپا پارقىرىمايدۇ. بىرى ئۆزىدىن نۇر چىقىرىدىغان جىسىملار پارقىرايدۇ. ئىككىنچىسى نۇر قايتۇرۇشى كۈچلۈكرەك بولغان جىسىملار پارقىرايدۇ. توپىنى «پارقىراپ تۇرغان» دەپ ئېلىش مۇۋاپىق ئەمەس. شۇڭا «يۇمشاق، نەم، سېرىق توپا ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ» دەپ ئالسا بولاتتى.

بىرەر سۆزنى دەل جايىدا، ئورۇنلۇق ئىشلىتىش ئوڭاي ئەمەس. ماياكوۋىسكى: «شېئىرىي ئىجادىيەت خۇددى ئۇران كولىغاندەك بىر ئىش. بىر گرام ئۇران كولاش ئۈچۈن يىل بويى ئەمگەك قىلىش كېرەك. ئويلاپ كۆرۈڭ-

بىر ئېغىز سۆزنى جايىدا قوللىنىش ئۈچۈن ئىنچىكە ھىلقتوندا «تىل ئورانى، كېرەك» دەيدۇ.

دېمەك، سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىپ، سۆزنى دەل جايىدا، ئورۇنلۇق ئىشلىتىش، سۆزلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن ماسلىشىش، بىرىكىش قاتارلىق قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق بىلىش، تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر شەرتى.

سۆزلەرنى مۇۋاپىق ئىشلىتىپ تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى ئىشتا ئاشۇرۇش كېرەك.

1) بىر مەنىلىك ھەم كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتىشكە، ھەمدە سۆز بىلەن سۆز مەنىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىلىۋېلىپ، سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرق ئېتىشكە ماھىر بولۇشىمىز لازىم. ئالايلى:

«ئوت» سۆزى كۆپ مەنىلىك سۆزدۇر. ئۇ ئوخشاشمىغان جۈملە تەركىبىدە، ئوخشاشمىغان مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

(1) مەشتىكى ئوت راسا كۆيدى (ئىسسىقلىق بېرىدىغان ئوت).

(2) ئوت - چۆپ قانچە مول بولسا، چارۋىلار شۇنچە سەمرىيدۇ (چارۋا - ماللار ئوزۇقلىنىدىغان تەبىئىي ئوت).

(3) بۈگۈن كۈننىڭ قىزىقلىقىدىن بەدىنىمگە ئوت كەتتى (بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ قىزىتلىق ھارارىتىنى بىلدۈرىدىغان ئوت).

بەزى سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى، ئېيتىلىشى (تەلەپپۇزى) ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما، جۈملىلەردىكى ئورۇنلىغان ۋەزىپىسى ۋە ئىپادىلىگەن مەنىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ خىل سۆزلەر شەكىلداش سۆزلەر دېيىلىدۇ. بەزەر سۆزنىڭ شەكىلداش بولغان ـ بولمىغانلىقىنى كونكرېت تىل شارائىتىدىلا بەلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

«قولۇڭدىن كەلگىچە چىقار ياخشى ئات،
ياخشىلىق قىل بالام، يامانلىقنى ئات.
نەسىھەتىم ياد قىلىپ ئال پەرزەنتىم،
يالغۇز يۈرسەڭ چاڭ چىقىرالماس ياخشى ئات».
(يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»)

بۇ شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى «ئات» نام، ئىسىم مەنىسىنى، ئىككىنچى مىسرادىكى «ئات» تاشلا مەنىسىنى، تۆتىنچى مىسراسىدىكى «ئات» سۆزى مىنىدىغان ئات مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

2) مەنداش سۆزلەرنى (يېزىلىشى، تەلەپپۇز قىلىنىشى ئوخشاش بولمىغان، ئەمما ئاڭلاتقان مەنىلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن بولغان سۆزلەرنى) مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئىنچىكە چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەپ، تىلنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئاشۇرۇشتا ماھىر بولۇشىمىز لازىم.

3) قارىمۇ قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىڭ لوگىكىلىق ۋە ستىلىستىكىلىق رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. قارىمۇ

قارشى مەنىلىك سۆزلەر، سېلىشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. قارىمۇ قارشى ئۇقۇمنى بىر - بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش توغرا بىلەن خاتانىڭ، گۈزەل بىلەن سەتنىڭ بىر تەرىپىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئوي - پىكىرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، «بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى» (يېڭەر). بۇ ماقالدا ئىككى خىل سۈپەتلىك ئادەم چۈشەنچىسى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇلغان بولۇپ، بىلىمنىڭ يېڭىلمەس ھەقىقەت ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلگەن. يەنە مۇنۇلارغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئا) ئالاقىلىشىش ۋە يېزىق تىلىدا ئەدەبىي تىلنى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

ب) شىۋىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك، پەقەت مۇۋاپىق سۆز تېپىلمىغان شارائىتتىلا شىۋىلەرنى ئىشلىتىپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق ئىزاھات بېرىش كېرەك.

س) مورفولوگىيە قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا قالايمىقان سۆز ياساپ تىلنى بۇزماسلىق كېرەك.

د) ئىدىئوم، ماقال - تەمسىللەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

2. جۈملە شەكىللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە تاللاش

تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن جۈملە شەكىللىرىنى مۇۋاپىق تاللاش ئىنتايىن مۇھىم.

جۈملىلەر سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەلۇم گراممانىكىلىق ۋە سىنتاكسىلىق يول بىلەن بىرىكىشى- دىن تۈزۈلۈپ، بەزىلىرى تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي- پىكىرنى، بەزىلىرى تولۇق ئاياغلاشقان بىرقانچە ئوي- پىكىرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەت ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتتى.

كۈن چىقتى، ھاۋا ئىچىلدى ۋە ئەتراپ نۇرغا چۆمۈلدى.

ئوخشاش ئوي- پىكىرنى ئوخشاشمىغان جۈملە شەكلى بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ. بۇنداق ئىپادىلىگەندە، ئىپا- دىلەش ئۈنۈمى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، «سىلىنىڭ دادىلىرى ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟» دېگەن جۈملىنى، «سىلىنىڭ دادىلىرى ئالەمدىن ئۆتتىمۇ؟» دېگەن جۈملە شەكلى بى- لەن ئىپادىلىسەك ئالدىنقى جۈملىگە قارىغاندا كېيىنكى جۈملە تېخىمۇ سىلىق چىقىپ، مۇسىبەت ئىلكىدە تۇرغان كىشىنىڭ كۆڭلىگە بىر خىل ھېسداشلىق تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.

جۈملىلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك شە- كىللەردە كېلىدۇ:

1) ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەتتىن تۈزۈلگەن ئۇزۇن جۈملە، (يېيىق جۈملە) مەسىلەن:

«مەن شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، تاڭ سەھەر پەيزىگە چۆمگەن ئانا ۋەتەننىڭ گۈزەل سىماسىنى قانغىچە تاماشا قىلدىم.»

2) ئىگە بىلەن خەۋەردىنلا تۈزۈلگەن جۈملە (يىغىق جۈملە) مەسىلەن:

«كۈن چىقتى.»

3) ئىگىسى ھەرىكەت ئىشلەيدىغان جۈملە (ئىگىلىك جۈملە) مەسىلەن:

«ئەخمەت ئوقۇدى ۋە يازدى.»

4) ئىگىسى ھەرىكەت ئىشلىمەيدىغان جۈملە (ئىگىسىز جۈملە) مەسىلەن:

«قىيىنچىلىق ئالدىدا ئارقىغا چېكىنمەسلىك لازىم.»

5) ئۇلۇك جۈملە، مەسىلەن:

«باھار كەلدى ۋە گۈللەر ئېچىلدى.»

6) قارىمۇ قارشى مەنىلىك جۈملە، مەسىلەن:

«شىۋىرغان ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، ئارمىيىمىز ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى.»

جۈملە ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان تىل ماتېرىياللىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تىپى، شۇنداقلا ئالاقىلىشىشنىڭ ئاساسلىق شەكلى سۈپىتىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان ۋاستە.

ئۇقۇم سۆزنى ئاساس قىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، ئۇقۇم — سۆزنىڭ مەنىسى، مەزمۇنى. سۆز بولسا، ئۇقۇمنىڭ شەكلى، ئۇقۇم — سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى بىلەن ئىپادىسىنى تاپسا، ھۆكۈم، ئەقلىي يەكۈن جۈملە ئارقىلىق ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ھۆكۈم — جۈملىنىڭ مەز-

مۇنى، جۈملە ھۆكۈمنىڭ شەكلى. ھۆكۈم شەيئىلەرگە نىسبەتەن تەستىقلاش ياكى ئىنكار قىلىشنى بىلدۈرىدىـ غان تەپەككۇر شەكلىدۇر. شۇڭا جۈملە تۈزۈشتە ھۆكۈمـ نىڭ توغرا بولۇش - بولماسلىقى مۇھىم شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۈملە تۈزۈشتە، جۈملە بۆلەكلىرىنى جاـ يىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىشىمىز كېرەك. مۇنۇ مىسالنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

«دۆت كىشىلىك پارتىيىگە قارشى گۇرۇھ» تارمار قىلىندى.»

بۇ جۈملىدە ئەگەشمە بۆلەك بولغان ئېنىقلىغۇچى جايىغا چۈشمىگەچ، خاتالىق يۈز بەرگەن. بۇ جۈملىنى: «پارتىيىگە قارشى دۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنـ دى» دەپ تۈزسە توغرا بولاتتى.

تىلنى توغرا ئىپادىلەش ئۈنۈمىگە ئىگە قىلىپ، تىلـ نىڭ ئالاقىلىشىش رولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، خاتا قوللىنىلغان جۈملىلەرنى ئالدى بىلەن گرامماتىكا جەـ ھەتتىن تۈزەپ، ئاندىن لوگىكا، ستىلىستىكا جەھەتتىن تۈزىتىشىمىز كېرەك. تۆۋەندىكى پارچىنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى:

«... ئۇنىڭ رەڭگى - رۇخسارى كىشىنىڭ قىستىسىنى كەلتۈرەتتى. يۈزى ئادەتتىن تاشقىرى سوقچاق بولۇپ، كەڭلىكى بىلەن ئۇزۇنلۇقى بىر - بىرىگە زادى مۇناسىپ كەلمەيتتى. ئۇنىڭ بېشى خۇددى بويىنىغا بىر باش كۆك

قوناق دۇم قوندۇرۇپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى.»
(خاۋەرن «پارلاق يىل»)

يۇقىرىقى قوشما جۈملىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ھەر بىر ئاددىي جۈملىلەردىمۇ مەسىلە بارلىقىنى، ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭمۇ توغرا قوللىنىلمىغانلىقىنى، قىسقىسى جۈملىنىڭ مەزمۇنىدىمۇ، شەكلىدىمۇ خاتالىق يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئاپتور پېرسوناژنىڭ رەڭگى - روخسارى ئۈستىدە سۆزلەۋېتىپ، بىردىنلا ئۇنىڭ بېشى، يۈزىگە كۆچىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئاددىي جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ تەبىئىي، زىچ باغلىنىش يوق. بۇنىڭ بىلەن جۈملىدە ئىپادىلەنمەكچى بولغان پىكىردىمۇ مۈجمەللىك كېلىپ چىققان. ئادەمنىڭ يۈزىنى كۋادرات جىسىملارغا ئوخشاش «كەڭلىكى» ۋە «ئۇزۇنلۇقى» دەپ ئاتاشمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى ئادەمنىڭ يۈزى تۆت چاسا جىسىم ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمنىڭ بېشىنى دۇم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان كۆك قوناققا ئوخشىتىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. دېمەك يۇقارقى مىسالدىكى قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر ئۆز ئارا مەلۇم سىنتاكسىسلىق يول بىلەن باغلىنىپ كەلمىگەچكە، دېمەكچى بولغان ئوي - پىكىر تولۇق ۋە توغرا ئىپادىلەنمىگەن.

«ھەممىسى كەلدى.»

«كەلمىگەن بىرمۇ كىشى قالمىدى.»

يۇقارقى ئىككى ئاددىي جۈملىگە قاراپ باقايلى.

ئۇنىڭ باشتىكىسى تەستىقى جۈملە، كېيىنكىسى ئىنكار جۈملە. ھەر ئىككى جۈملىدىكى ئاڭلاتقان ئوي - پىكىر ئوخشاش بولسىمۇ تەكىتلەش نۇقتىسى ئوخشاشمايدۇ. كۆزەللىك تۈسى جەھەتتىمۇ شىنداق. شۇڭلاشقا تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، ئالاقە ۋاسىتىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن جۈملە شەكىللىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىمكان قەدەر جۈملىنى قىسقىراق تۈزۈپ، ئوي - پىكىرنى يىنىك ۋە ئېنىق ئىپادىلەشكە تىرىشىش كېرەك.

جۈملە تۈزۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار

1) جۈملە قائىدىلىك بولۇشى لازىم. بۇ ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنىڭ پاكىتقا ئۇيغۇن بولۇشى. ئوبيېكتىپ شەيئىلەر قانۇنىيىتىنىڭ توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىگە قارىتىلغان.

2) جۈملە ھېسسىياتلىق، ئاھاڭدار بولۇشى. يەنى ئوقۇشقا ئەپلىك، ئاڭلىنىشقا يېقىملىق بولۇشى لازىم.

3) جۈملە تىزىمىش مەنتىقىسى ۋە ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى، يەنى خەلقنىڭ سۆزلەش ئادىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

3. ئابزاس، بۆلەكلەرنى مىۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش.

ئابزاس — نېمىسچە «absats» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بىزنىڭ تىلىمىزدا تېكستتە «تولۇق بىر پۈتۈن مەزمۇننى ئىپادىلەپ، بىر خەت بېشىدىن ئىككىنچى بىر خەت بېشىغىچە كەلگەن مەنتىقى قىسىم» دېگەن مە-

نىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىر پارچە ماقالىنى تەلەپكە لايىق قىلىپ يېزىپ چىقىش ئۈچۈن سۆز، جۈملىلەر ئۈستىدە ئىخلاس بىلەن ئويلىنىشتىن سىرت، ئابزاس ۋە بۆلەكلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئابزاس ماقالىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قۇرۇلۇش شەكلى بولۇپ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، ئاخىرلىشىشىدىن ئىبارەت ئۆزگىرىش جەريانى ماقالە ئىچىدە ئابزاس، بۆلەكلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ماقالە مۇۋاپىق ئابزاس، بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىكەن. باش-ئاخىرى مۇكەممەل باغلىنىشقا ئىگە بولالمايدۇ. پىكىر ئې-نىق، رەتلىك، توغرا، جانلىق، چۈشىنىشلىك بولمايدۇ. ئابزاس، بۆلەكلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغاندىلا ئاساسىي مەزمۇن، يازغۇچىنىڭ ئوي - پىكرى ۋە ئارزۇلىرىنى كىتابخانلار ئېنىق بىلەلەيدۇ.

بىز تۆۋەندە لۇشۈننىڭ «تىرۇتسكىچىلارنىڭ خېتىگە جاۋاب» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئابزاسلارغا بۆلۈنۈشىنى كۆرۈپ باقايلى.

بۇ ئەسەر جەمئىي تۆت ئابزاسقا بۆلۈنگەن. ئەسەر-نىڭ ئابزاسلىرى ئېنىق بولۇپ، قۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، باش-ئاخىرى زىچ باغلاشقان.

2-، 3- ئابزاسلاردا ھەم تومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىش ھەم ئايرىم - ئايرىم رەددىيە بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىل-غان، ئەگەر ئاخىرقى ئابزاس ئىككىنچى ئابزاسنىڭ ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا، قارىماققا باغلىنىشى زىچ-

تەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەنمەيتتى. چۈنكى، بۇ ئەسەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — خەتنىڭ مەزمۇنىغا جاۋاب بېرىش. ترروتسكىچىلارنىڭ ئەكسىيەتچى ئۆكتىمىزەرلەرنى تەنقىد قىلىش. ئۇلارنىڭ ئەكسىل ئىنقىلابىي ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەت:

«سىلەرنىڭ ئۆشتۈمتۇتلا ماڭا خەت - ژۇرنال ئەۋەتىشىڭلار سەۋەبسىز ئەمەس...» دېگەن جۈملە ئەڭ ئاخىرقى ئابزاستا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئەڭ ئاخىرقى ئابزاسنىڭ بېشىدا «ئاخىرىدا» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن. مانا بۇ سۆز يالغۇز قۇرۇلۇش جەھەتتىنلا باغلاش رولىنى ئويناپ قالماستىن، بەلكى، قوشۇمچە ئىزاھلاش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. بۇ ئارقىلىق مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بىز ئابزاسلەرنى مانا مۇشۇنداق ئايرىشىمىز كېرەك.

4. ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى توغرا ئىشلىتىش

كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا. تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ بېرىدىغان؛ تار مەنىدىن ئېيتقاندا تىلنى جانلىق، ئوبرازلىق، كونكرېت، گۈزەل قىلىپ بېرىدىغان ۋاستىلەر ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

يازغان ئەسەرلىرىمىز، سۆزلىگەن سۆزلىرىمىز مول مەزمۇنغا، مۇكەممەل بەدىئىي تۈزۈلمىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە جانلىق، ئوبرازلىق ئەدەبىي تىلغىمۇ ئىگە بولۇشى لازىم. تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمى قانچە ياخشى بولسا، ئەسەرلىرىمىزنىڭ، سۆزلىگەن سۆزلىرىمىزنىڭ كىتابخانلار ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا بېرىدىغان

ئەسىرى زور، قايىل قىلىش كۈچىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمى مەسىلىسى — ئاساسلىقى ھەر خىل ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، تىلنىڭ جانلىقلىقى ۋە ئوبرازلىقلىقىنى ئاشۇرۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىش تىل ماھارىتى مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ، تىلغا كونكرېت، جانلىق، ئوبرازلىق تۈس بېرىدۇ. بۇ خىل ۋاستىلەر بىزنىڭ يازما ۋە ئېغىز نۇتقىمىزدا دائىم دېگۈدەك قوللىنىلىدۇ. شۇنداقلا ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەردە قوللىنىلىش ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى ژانىرلاردا كۆپرەك، بەزى ژانىرلاردا ئازراق قوللىنىلىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى ئوبرازلاشقان بەدىئىي تىل، شۇڭا ئۇلاردا ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ فارابى گۈزەل ئەخلاق ئۈستىدە توختالغاندا «دەرەخنىڭ كامالىتى مېۋە بېرىش بىلەن بولغىنىدەك، سائادەتنىڭ كامالىتى گۈزەل ئەخلاق بىلەن بولىدۇ. يەنى ئەڭ زور سائادەتكە ھەر ۋاقىت تېخىمۇ ئەخلاقلىق بولۇشقا غەيرەت قىلىش بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ.» — دەپ كۆرسىتىدۇ. فارابى بۇ سۆزىدە بىر ئىنساننىڭ گۈزەل ئەخلاق بىلەن بولىدىغانلىقىنى، دەرەخنىڭ كامالىتىنىڭ مېۋە بېرىش بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئوخشاتقان. بۇ يەردە ئوخشىتىشتىن ئىبارەت ستىلىستىكىلىق ۋاستە قوللىنىلغان.

ئۇلۇغ ئەدەب ئەخمەت بىننى مەھمۇت يۈكنەكى ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» («ھەقىقەت بوسۇغىسى») ناملىق داستانىدا ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«بىلىگدىن ئۇرۇرمەن سۆزۈمگە ئۇلا،
بىلىگگە يا - دوست ئۆزۈگنى ئۇلا.
بىلىگ بىرلە بولۇر سائادەت يولى،
بىلىگ بىل سائادەت يولىنى بۇلا.
...
سۆڭەككە يىلىگە تەگ ئەردىگە بىلىگ،
ئەردىن كوركى ئەقىل ئول سۆڭەكىنىڭ يىلىگى
بىلىگسىز، يىلىگسىز، سۆڭەك تەگ ھالى،
يىلىگسىز سۆڭەككە سونالماز ئىلىگ»

يەشمىسى:

سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن،
ئەي دوستۇم، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى باغلا.
سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ،
بىلىم ئال، سائادەت يولىنى ئاچ.
...

ئادەمدە بىلىم بولۇشى، سۆڭەكتە يىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ.

ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا، سۆڭەكنىڭ زىننىتى — يىلىكتۇر.

بىلىمسىز كىشى يىلىكسىز سۆڭەكتەك كاۋاك بولىدۇ.
(ھالبۇكى) يىلىكسىز سۆڭەككە ھېچكىم قول ئۇزاتمايدۇ.

شائىر يۇقىرىقى مىسرالاردا ئىلىم ـ مەرىپەت ھەققىدىكى چوڭقۇر مەنىلىك كۆزقارىشىنى ئوخشىتىش ۋە سىمۋوللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق جانلىق، ئوبرازلىق، راۋان، چۈشىنىشلىك بايان قىلغان، كىشىلەرنى بىلىملىك بولۇپ سائادەت يولىنى ئېچىشقا، نادانلىقتىن ھەزەر ئەيلەپ، پاراسەتلىك بولۇشقا ئۈندىگەن. سۆڭەكنىڭ جەۋھىرى ئۇنىڭ ئىچىدىكى يىلىك بولسا ئادەمنىڭ زىننىتى (قەدرى قىممىتى) ئۇنىڭ قەلبىدىكى پاراسەت ۋە بىلىمدۇر، دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر بىلەن مەرىپەتلىك بولۇشنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى مۇھىم ئورنىنى ۋە رولىنى دەل جايىدا چۈشەندۈردى. ئاندىن كېيىن بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ۋە ئاقىۋىتى توغرىلىق ئىجادىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىلىمسىزلىكنى، نادانلىقنى كېپىشتۈرۈپ قامچىلايدۇ.

ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋائىي ئۆز شاگىرتى بەھزادنىڭ شېئىرىيەت بابىدا كامالەتكە يەتكەنلىكىنى: «سىز بۈگۈن ھىلال (ئاي) ئەمەس، بەلكى بەدر (14 كۈنلۈك تولۇن ئاي) بوپسىز» دېگەن جۈملە بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇ جۈملىدە ئوخشىتىشتىن ئىبارەت ستىلىستىكىلىق ۋاسىتە ناھايىتى جايىدا، ئورۇنلۇق ئىشلىتىلگەن. «ھىلال» بەھزادنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى ئىدى. دېمەك، بۇ جايدا شائىرنىڭ كامالىتى 14 كۈنلۈك ئايغا ئوخشىتىلغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك شائىرى، داستانچىلىق

ئالتۇن دەۋرىنىڭ ۋەكىلى ئابدۇرېھىم نىزارى «رابىيە — سەئىدىن» داستانىدا رابىيەنىڭ گۈزەللىكىنى مۇنداق سۈرەتلەپ بەرگەن:

«گۈزەللىكتە، يۈزى گويا گۈل ئىدى،
لېۋى لەئلى شېرىنلىقى مول ئىدى.

تار كىرپىكى ئوق، قاشى ئىدى يا،
كۆزى جادۇ، ساچى بىغايەت قارا.»

شائىر نىمشېھىت ۋەتەنپەرۋەرلىك تولۇپ تاشقان «سېغىندىم» دېگەن شېئىرىنىڭ خاتىمىسىدە ئۆز ئانا ۋەتىنىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى بۇلبۇلنىڭ گۈلگە مەپتۇن بولغانلىقىغا ئوخشىتىدۇ:

«نىمشېھىتنىڭ سېغىنىشلىق سالامى،
سېغىنغاندىن ئۆزگە يوقتۇر كالامى.
قىزىل گۈلگە بۇلبۇل شەيدا بولغاندەك،
مەن گۈلىستان ۋەتىنىمنى سېغىندىم.»

مۇبالىغە، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ.

«بىر دانە ئىدىم، مىڭ دانە بولدۇم،
ئەقلى - ھوشۇمدىن بىگانە بولدۇم.
...
سەندەك قىزىلگۈل ھەرجايدا بولماس،
ھەر جايدا بولسا، سېنىڭچە بولماس.

خۇشتارمەن ساڭا ئامرىقىم، يارىم دېگەيسەن.»

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ مۇبالىغە كۆپ ئۇچرايدۇ.
مەسىلەن:

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ؟
باشقا قىسا بىر قۇچاق.
كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ؟
ئۆلگىچە جانغا پىچاق.

يارىنى كەپتۇ دېسە،
يۈگۈرۈپ چىقاي باشىم بىلەن.
يارى يۈرگەن كوچىلارنى،
سۈپۈرەي ساچىم بىلەن.
يارى يۈرگەن كوچىلارغا،
سۇ سېپەي ياشىم بىلەن.»
(ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى)

«داۋانچىڭغا قوغۇن تېرىدىم پىلەكلىرى تۈز،
ياڭزا - ياڭزا سۇيىغا چۈشۈپتۇ ئۈزۈلۈپ تاللاپ ئۈز،
سىنىڭ ئۈچۈن تاياق يېدىم بىرمىڭ ئالتە يۈز،
يەنە يېسەم شۇنچە يەرمەن جانىم قارا كۆز.»
(«قەمبەرخان قوشىقى»)

هازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ستىلىستىكىلىق

ۋاسىتىلەر كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلماقتا. مەسىلەن:

«... زەيتۇنەم يوغان ئىككى ئۆرۈم چىچىنى كەينىگە تاشلاپ ئېتىكىنى تولدۇرۇپ تەرگەن پاختىنى قاپقا تۆكتى - دە، كەڭ ئويماندىكى ئاق ئالتۇن ئېتىزلىرىدا ياىراپ ئىشلەۋاتقان قىز - چوكانلارغا نەزەر تاشلىدى. ئېتىز ئىچى گويا خۇشال توي مەرىكىسىگە ئوخشايتتى. كۆڭۈللۈك چاقچاق، شوخ، ساغلام كۈلكە، يېقىملىق ئىلھام بەخش ناخشا، بۇ يەردىكى ئەمگەكنىڭ دائىمىي ھەمراھى ئىدى.»

(ئېيۇم تۇردى «قىزىل تاغ باتۇرلىرى»)

يۇقىرىقى مىسالدا، ئوخشىتىش، سۈپەتلەشتەك ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر جايىدا ئىشلىتىلگەن.

ستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى سىياسىي-نەزەرىيەۋى ماقالىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«باشقا خىسۇسىيەتلىرىدىن تاشقىرى، جۇڭگودىكى 600 مىليون ئاھالىنىڭ روشەن بىر خۇسۇسىيىتى ھەم كەمبەغەل ھەم ئاق بولغانلىقى. بۇلار قارىماققا يامان ئىش، ئەمەلدە ياخشى ئىش. كەمبەغەل ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. ئىشلەيدۇ، ئىنقىلاب قىلىدۇ. بىر پارچە ئاق قەغەزنى ئالساق، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېچ نەرسە بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ئەڭ يېڭى ئەڭ چىرايلىق رەسىملەرنى سىزغىلى بولىدۇ.»

(ماۋزېدۇڭ. «بىر كوپېراتىپنى تونۇشتۇرۇش»)

«... بۇ ئىككى خىل كىشىلەر سۇبيېكتىپ قارىشىغىلا يۆلىنىپ، ئوبيېكتىپ ئەمەلىي شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئېتىبارسىز قارايدۇ. بىرەر نۇتۇق سۆزلىسە، ئۇلارنىڭ نۇتقى ئا، ب، س، د ۋە بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچىلەر بىلەن توشقان بولىدۇ. بىرەر ماقالە يازسا، ئۇلارنىڭ ماقالىسى بىر تاغار قۇرۇق گەپ بىلەن تولغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش نىيىتى يوق. قۇرۇق گەپ سېتىپ، باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋېلىش غەرىزىلا بار. تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال. پىختا ئەمەس، چۈرۈك. ئۆزىنىڭكىنىلا راست ھېسابلايدۇ. ئاكاڭ قارىغاي جاھاندا بىر، دەيدۇ. ھەممە يەردە «چىنچەيى داچېن»لىق قىلىدۇ. مانا بۇلار بىزنىڭ قوشۇنىمىزدىكى بەزى يولداشلارنىڭ ئىستىلى. بۇنداق ئىستىلنى ئۆزۈڭگە قوللانساڭ، ئۆزۈڭگە زىيان يەتكۈزىسەن؛ كىشىنى تەربىيەلەشتە قوللانساڭ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىسەن؛ ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىشتا قوللانساڭ، ئىنقىلابقا زىيان يەتكۈزىسەن. قىسقىسى، پەنگە قارشى، ماركسىزم - لېنىنىزمغا قارشى بۇنداق سۇبيېكتىپىزملىق ئۇسۇل — كومپارتىيىنىڭ چوڭ دۈشمىنى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ چوڭ دۈشمىنى، خەلقنىڭ چوڭ دۈشمىنى، مىللەتنىڭ چوڭ دۈشمىنى، پارتىيىۋىلىكنىڭ ساپ بولمىغانلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.»

(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 - توم 21 - بەت)

«... بىرىنچى، خەلق ئاممىسىدىن تىل ئۆگىنىش لازىم. خەلق تىلى باي، جانلىق كېلىدۇ، ئەمەلىي تۇرمۇشنى ئىپادىلەيدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز تىلنى ياخشى ئۆگەنمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ يازغان ماقالىلىرىمىز، سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىمىزدا بىرنەچچە ئېغىز بولسىمۇ جانلىق، ھەقىقىي كۈچلۈك سۆزلەر يوق، پەقەت قېتىپ قالغان بىرنەچچە تال سىڭىرلا بولۇپ، خۇددى بىپەسەڭگە ئوخشاش ئاۋاق، كۆرۈمسىز كېلىدۇ، ساغلام ئادەمگە ئوخشىمايدۇ.»

(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3- توم، 86-بەت)

«... يۈز يۇيۇشنى مىسالغا ئالساق، بىز ھەركۈنى يۈزىمىزنى يۇيۇپ تۇرىمىز، نۇرغۇن كىشىلەر بىر قېتىم يۇيۇش بىلەنلا قالمايدۇ، يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، چالا قالدىمىكىن، دەپ يەنە ئەينەككە قارايدۇ. بىر قۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ (قاتتىق كۈلكە) قاراڭلار، بۇ نەقەدەر مەسئۇلىيەتچانلىق! بىز ماقالە يازغاندا، نۇتۇق سۆزلىگەندە، ئەنە شۇ يۈز يۇغاندەك مەسئۇلىيەتچان بولساق، يامان بولماس ئىدى.»

(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3- توم، 90- بەت)

ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى مۇۋاپىق قوللىنىش يالغۇز تىل ماھارىتى مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇ كونكرېت ئىدىيىۋى مەزمۇننى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش مەسىلىسىدۇر. ئىپادىلەش ۋاس-

تىلىرى كونكرېت ئىدىيەۋى مەزمۇن بىلەن بىرلەشمە قىسمىتى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

«مەكتەپ گۈللىكىدە ئېچىلغان گۈللەر خۇددى پادىشاھلارنىڭ تاجىسىغا چېكىلگەن گۈللەرگە ئوخشاش، مەكتەپكە ئالاھىدە زىننەت بېرىپ تۇراتتى.»

يۇقىرىقى مىسالدا، گراماتىكا جەھەتتە مەسىلە يوق. بىراق ئىدىيەۋى مەزمۇن كۆزدە تۇتۇلماي، بىر تەرەپلىمە ھالدا سۆزلەرنى گۈزەللەشتۈرۈش كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن مەزمۇن جەھەتتە نۇقسانلىق كۆرۈلگەن. يەنى مەكتەپ گۈللىكىدە ئېچىلغان گۈللەرنى پادىشاھنىڭ تاجىسىغا چېكىلگەن گۈللەرگە ئوخشىتىش مۇۋاپىق بولمىغان. دېمەك ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللانغاندا، جەزمەن ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيەۋى مەزمۇننى نەزەردە تۇتۇش كېرەك.

بىز ئەمدى ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ستىلىستىكىنىڭ باشقا مەزمۇنلىرى ۋە ژانىرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى:

ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر (شەكىللەر) ستىلىستىكىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىدىن بىرىدۇر. ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر سۆز- ئىبارىلەرنى تاللاش، مۇۋاپىق ئىشلىتىش، جۈملە تۈزۈش ۋە ئۇنى مۇۋاپىق تاللاش، ئىشلىتىش، ئەسەرلەرنىڭ ئابزاس، بۆلەكلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەر بىلەن ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرۈلگەندىلا ئەسەرنىڭ، ئۇتۇقنىڭ رولىنى تېگىشلىك جارى قىلدۇر-

فلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، مەيلى يېزىقچىلىقتا بولسۇن، مەيلى نۇتۇقتا بولسۇن، ئاساسىي دىققەتنى يالغۇزلا ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈۋالماستىن، بەلكى ستىلىستىكىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى بولغان سۆز تاللاش، سۆزلەرنى توغرا ئىشلىتىش، جۈملىنى مۇۋاپىق تۈزۈش، مۇۋاپىق ئىشلىتىش، ئابزاس، بۆلەكلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەرگىمۇ ئەستايىدىل ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇلارنى ستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، باشقا نەرسىلەر دەپ چۈشىنىش توغرا ئەمەس. ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر پەقەت يۇقىرىقى ئاساسىي مەزمۇنلار بىلەن بىرلىشىپ كەلگەندىلا، ئۆز رولىنى تولۇق ئۆتىيەلەيدۇ.

جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىدە، ئۆزىنىڭ پارلاق قەدىمكى ئەنئەنىلىرى ئارقىلىق ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلىگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىخقا، قويۇق رېئالىزملىق خۇسۇسىيەتكە، كۆپ خىل شەكىل، كۆپ خىل ژانىرغا ئىگە بولغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن ستىلىستىكىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش جەھەتتىمۇ ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا زادى قاچاندىن باشلاپ ستىلىستىكىدىن پايدىلىنىلغانلىق توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. مىلادى 4- ئەسىردە تۈرك (ئۇيغۇر) يېزىقىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان قوغۇرسۇر ئالتۇنىنىڭ

«تۆلەس قوشىقى» قەدىمكى قوشاقلار ئىچىدە ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ناھايىتى جايىدا قوللىنىلغان قوشاق ھېسابلىنىدۇ:

«چوغاينىڭ تاغلىرى، باغرىدىن ئاقار،
تۆرالار دەرياسى ئويناپ دولقۇنلار..
ئاسماننىڭ گۈمبىزى بارىگاسىمان،
تۇرىدۇ پايانسىز دالىنى قاپلاپ.

شۇنچە كۆپ غۇبارسىز ساماۋى ئاسمان،
دالىلار بىپايان، كۆرۈنمەيدۇ قاش.
كۆرۈنۈپ قالىدۇ سانسىز چارۋا – مال،
ئەسكەندە شاماللار ئوتلار ئەگسە باش.»

— بۇ قوشاقتا، يايلاقتىكى ئاجايىپ مەنزىرىلەر سۈرەتلەنگەن: چوغاي تاغلىرىنىڭ باغرىدا يايپېشىل ئېگىز ئۆسكەن ئوتلار... يەلپۈنۈپ تۇرغان چەكسىز يايلاقلارنىڭ چېتىگە كۆز يەتمەيدۇ. يايلاقنىڭ چېتى ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن ... تەڭداشسىز كۆپكۆك ئاسمان. ئۇ، گويا يوپيۇمىلاق، چوڭ چېدىرغا ئوخشايدۇ. ئۇشتۇمتۇت چىققان شامالدىن ئوت – چۆپلەر داۋالغۇپ، دولقۇن ھاسىل قىلىدۇ ۋە بۇ دولقۇن ئوپۇقنىڭ چېتىگىچە يامراپ بارىدۇ. ئوتلار دولقۇنى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيگەندە، پادا – پادا بولۇپ ئوتلاۋاتقان ئاتلار، كالىلار، قوي – ئۆچكىلەر كۆزگە كۆرۈنىدۇ. مانا بۇ – چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان

تۇرالار (ئۇيغۇرلار) نىڭ قەدىمكى جايلىرىنىڭ شېئىرىي
كارتىنىسىدۇر. قوشاقتا جانلىق ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش،
مۇبالىغە، سۈپەتلەش قاتارلىق ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر-
دىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىلغانلىقى ئۈچۈن، سەددىچىن سې-
پىلىنىڭ تېشىدىكى پايانسىز چارۋىچىلىق مەيدانى، بۇ
يەردە چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان شەر-
قىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا
بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتى ئوبرازلىق، جانلىق، رو-
شەن، تەسىرلىك ھالدا كۆز ئالدىمىزدا نامايان
بولىدۇ.

قەدىمكى قوشاقلاردىن يەنە بىرىنى كۆرۈپ
باقايلى:

«زوركىنىڭ باشىغا چىقسام،
كۆرۈندى قۇمۇل باغلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام؛
سىرىلدى سەرۋەك تاغلىرى.»

بۇ قوشاقنى ئوقۇغىنىمىزدا، زۇلۇم دەستىدىن
يۇرتىدىن ئايرىلغان، زوركى تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ،
يىراقتىن يۇرتىغا قاراپ، سېغىنىش ئوتىدا يۈرەك-باغ-
رى خۇن-خۇن بولغان، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش
تۆكۈلۈۋاتقان بىر دەردمەننىڭ سىماسى كۆز ئالدىمىزغا
كېلىدۇ. قوشاقنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدىكى «سىرىلدى»
سۆزىنىڭ جانلاندۇرۇش رولىغا قاراپ باقايلى: «سىرىل-
دى سەرۋەك تاغلىرى» دېگەن مىسرا ئارقىلىق كۆز ئال-

دىمىزغا گويا تاغ ئاشۇ دەردمەننىڭ ئاھۇ-زارىغا چىدى-
ماي، ئىچى سىرىلىپ، ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇۋاتقاندەك،
يەنە بىر تۇرۇپ دەردمەننىڭ قان-ياشلىرىدىن تاغ
ئېرىپ سىرىلىپ كېتىۋاتقاندەك مەنزىرە كۆرۈنىدۇ. بۇ
ئوبرازلىق پىكىر دەردنى چۈشىنىدىغان ھەرقانداق كى-
شىگە چۈشىنىشلىك.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ
بولغان يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە، ئەسلى نۇسخىسى
ۋە شەكلى بىلەن زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ كەلگەن
يىرىك ئەدەبىي مىراس «مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى»-
دىمۇ ستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ نەمۇنىلى-
رىنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

«... ساقىنتىم: تۇرۇق بۇقالى ئىراقدا بوكسەر.
سەمىز بۇقا تورۇق تىيىن بىلمەز ئەرمىس.»

(... مەن مۇنداق ئويلىدىم: ئورۇق بۇقا بىلەن
سېمىز بۇقا يىراقتا ئۇسۇشسە، ئورۇق بۇقا بىلەن
سېمىز بۇقىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ...)

«... يۇپقا ئەرىكلىگ توپلا غالى ئۇچۇز ئەرمىس،
ئىنچكە ئەرىكلىگ ئۈزگەلى ئۇچۇز: يۇپقا قالىن بول-
سار، توپلا غۇلۇق ئالىپ ئەرمىس. يىنچكە يوغان بول-
سار، ئۈزگۈلۈك ئالىپ ئەرمىس...»

(... يۇپقا نەرسىنى ئېگىش ئاسان، ئىنچىكە نەر-
سىنى سۇندۇرۇشمۇ ئوڭاي. (لېكىن) يۇپقا قېلىن بول-
سا، (ئۇنى) ئېگىش ئاسان ئەمەس. ئىنچىكە (نەرسە)
يوغان بولسا، (ئۇنى) سۇندۇرۇش ئاسان بولمايدۇ...)

(«تۈن يوقۇق مەڭگۈ تېشى» دىن)

دېمەك، يۇقىرىقى مىسالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى»دىكى سۆزلەرمۇ ئالاھىدە تاللانغان. جايىدا ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىكى بەدىئىي تەسۋىرلەر ئېنىق، ئوبرازلىق. يەنە خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ ئۆزلەشتۈرمە ھالەتلىرىمۇ ئۇنىڭدا ئۇچرايدۇ.

قەدىمكى تاش ئويمىلارمۇ خەلقىمىزنىڭ ستىلىستىكىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، «كۈلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دا ئىلتەرىش قاغاننىڭ قاغانلىقىنى مۇستەھكەملەش جەريانى ۋە بىلگە قاغان، كۈلتېگىنلەرنىڭ لەشكىرى يۈرۈشلىرى جەريانى ھەققىدە مۇنداق بىر ئابزاس بار:

«تەڭرى كۈچ بىر تۇك ئۈچۈن قاڭىم قاغان سۈسى بۆرى تەگ ئەرمىش، ياغىسى قويىن تەگ. ئەرمىش. ئىلگەرۇ قۇرىغارۇ سۈلەپ تىرمىش قۇبراتمىش... قىرىق ئارتۇقى يىتى يولى سۈلەمىش، يىگىرمى سۈڭۈشمىش. تەڭرى يارلىقادۇق ئۈچۈن ئىللىگىگ ئىلسىرەتمىش، قاغانلىغىغ قاغان سىراتمىش، ياغىغ باز قىلمىش، تىزلىگ سوكۇرمىش، باشلىغىغ يوكۈندۈرمىش. قاڭىم قاغان ئانچا ئىلىگ تۆرۈگ قازغانىپ ئۇچا بارمىش...»

(... تەڭرى كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن دادام قاغاننىڭ ئەسكەرلىرى بۆرىدەك ئىدى. دۈشمىنى

قويدەك ئىدى. شەرققە، غەربكە ئادەم ئەۋەتىپ ئەسكەر يىغدى... قىرىق يەتتە قېتىم قوشۇن باشلاپ، يىگىرمە قېتىم ئۇرۇش قىلدى. تەڭرى ئىلتىپات قىلغانلىقى ئۈچۈن ئېلى بارلارنى ئەلسىز قىلدى، قاغانى بارلارنى قاغانسىز قىلدى. دۈشمەننى بويسۇندۇردى. تىزى بارلارنى تىزلاندۇردى. بېشى بارلارنى باش ئەگدۈردى. دادام قاغان شۇنداق قىلىپ، يۇرتنى ئېلى... ئۆرۈپ ئادەتنى تۈزگۈزۈپ ئۆلۈپ كەتتى...)

قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا زىچ بېرىككەن ھالدا، تىلدا ئالاھىدە يېڭىلىنىشلەر بولدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، بېرىش ئاساسىدا ئالاھىدە يۈكسەلدى. تىلنىڭ بېزىكى بولغان ستىلىستىكىدىمۇ شۇ دەۋرگە ماس تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. جاھان تۈركولوگلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى كۈچلۈك جەلپ قىلغان، ئۇيغۇر مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنىدىغان «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇق»، «چاشتانى ئىلىگ بەگ»، «ئىككى تېگىننىڭ رىۋايىتى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەر مۇشۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر. بىز پەقەت «ئوغۇزنامە» ئەسىرىدىكى ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرگە دىققەت قىلىپ، «ئوغۇزنامە»نىڭ بېشىدىكى، ئوغۇزخاننىڭ تاشقى قىياپىتىنى سۈرەتلەپ بېرىلگەن مۇنۇ ئابزاسنى كۆرۈپ باقايلى:

«... ئاداغى ئۆد ئاداغى دەگ، بەلى بۆرى

بەللىرى دەگ، ياغرى كىش ياغرىدەگ، كۆگزۈ ئادوغ كۆگزۈدەگ ئېردى. بەدەنىنىڭ قاماغى تۈك تولۇكلۇگ ئېردى. يىلقىلار كۈتەيە تۇرۇر ئېردى. ئاتلارغا مىنە تىن- رۇر ئېردى. كىك ئاۋلايۇ تۇرۇر ئېردى...»

(... ئايىغى ئۆكۈزنىڭ ئايىغىدەك، بەلكىسى بۆ- رىنىڭ بەلكىسىدەك، كۆكسى (بولسا) ئېيىقنىڭ كۆكسى- دەك ئىدى. پۈتۈن بەدىنى تۈكلۈك ئىدى. ئاتلارغا مى- نەتتى. ھايۋانلارنى ئوۋلايتتى...)

يېقىنقى كىچىككىنە پارچىغا قارىساقلا «ئوغۇز- خان» ئېپوسىنىڭ بەدىئىي پورترېتىنى كۆركەم، رەڭدار، تەسىرلىك سىزىپ بېرىشنىڭ، جۈملىدىن مۇۋاپىق سىتى- لىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىشنىڭ ئۆلگىسى ئىكەنلى- كىنى بىلەلەيمىز. بىز يەنە «ئوغۇزخان» ئېپوسىدا سا- ھىبجامال قىزنىڭ پورترېت تەسۋىرىنىڭ قانداق بېرىل- گەنلىكىگە قاراپ باقايلى:

«... كۈنلەردىن بىر كۈن ئوغۇزخان بىر جايدا تەڭرىگە سىغىنىۋاتاتتى. (ئەتراپ) قاراڭغۇلىشىپ، ئاس- ماندىن بىر كۆك نۇر چۈشتى. (بۇ نۇر) كۈندىن يورۇق، ئايدىن نۇرلۇق ئىدى. ئوغۇزخان (ئۇنىڭ تېشىغا) بېرىپ بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىزنىڭ بارلىقىنى كۆردى. (ئۇ قىز) يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدا ئاتەشتەك نۇرلۇق بىر مەڭى بولۇپ، قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى. بۇ قىز شۇن- چىلىك گۈزەل ئىدىكى، كۈلسە كۆك ئاسمان قوشۇلۇپ

كۆلەتتى. يىغلىسا، كۆك ئاسمان بىللە يىغلايتتى...

... يەنە بىر كۈنى ئوغۇزخان ئوۋغا چىقتى. ئۇ ئالدىدىكى بىر كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەرەخنى كۆردى. شۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز يالغۇز ئولتۇراتتى. (ئۇ) بەكمۇ چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك، چېچى خۇددى دەريا سۈيىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، كىشىلەر ئۇنى كۆرسە، «ھاي - ھاي»، «ئا - ئۇھ، ئۆلىدىغان بولدۇق»، دېيىشەتتى. (ئۇنى كۆرگەن) سۈتمۇ قىمىزغا ئايلىناتتى...»

مىلادى 840 - يىلى ئۇيغۇرلار قاراخانىلار دۆلىتىگە قەدەم قويدى. 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ بويسۇندۇرۇشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. ئىسلام ئىدىيولوگىيىسى كەڭ - كۆلەمدە تارقالدى. كېيىنچە قاراخانىلار خاقانى ئابدۇلكېرىم سۇتۇق بۇغراخان (مىلادى 955 - يىلى ۋاپات بولغان) 932 - يىلى ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە خاقانىيىدە ئىسلام دىنى رەسمىي دۆلەت دىنى دەپ جاكالاندى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى تەسىرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ئىزچىل تۈردە تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە مېڭىۋەردى.

ئەبۇ نەسىر فارابى، مەخمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت بىننى مەخمۇت يۈكنەكى قاتار-

لىق بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسىنى تېخىمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى. ئالايلى، ئەسلىدە تۈركىي - ئەرەبىي سۆزلۈكلەرنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا 300گە يېقىن ماقال - تەمسىللەر، 243 كۇپلېت شېئىرنىي پارچىلار (بېيىت، رۇبائىيلار) 800 گە يېقىن سۆزلۈكلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ قامۇستىن بىز ستىلىستىكىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئاجايىپ نەمۇنىلىرىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. مەسىلەن:

«قىش يايى بىلەن توقۇشتى،
قىڭەر كۆزىن باقىشتى،
توتاشقالى ياقىشتى،
ئۇتغالىماق ئوغراشۇر،
قىش يايغارۇ سۆۋلەنۇر،
ئەر، ئات مەنىن ياۋرۇيۇر،
ئىگلەر يەنە ساۋرايۇر،
ئات يىن تاقى بەكرەشۇر،
ياي قىش بىلەن قارىيىشتى،
ئەردەم ياسىن قۇرىشتى،
چەرىگ تۇتۇپ كورۇشتى،
ئوقتاغالى ئوترۇشۇر،
سەندە قاچار سوندىلاچ،
مەندە تىنار قارلىغاچ،
قاتلىنغ ئۆتەر سىزندۇۋاچ،

ئەركەك - تىشى ئۇچراشۇر.»

يەشمىسى:

قىش بىلەن ياز بىر - بىرى بىلەن ئۈچرىشىپ،
سوقۇشقىلى تۇردى.
بىر - بىرىگە يامان كۆزلىرى بىلەن قاراشتى.
ئۆزئارا تۇتۇشۇش ئۈچۈن يېتىلىشتى.
(ئۇلار) بىر - بىرىنى تۇتۇپ چىشلەش ئۈچۈن
تىرىشىۋاتىدۇ.
قىش يازغا قاراپ ۋارقىرىدى:
مەندە ئادەملەر، ئاتلارنىڭ بەدەنلىرى چىڭىيدۇ.
ئاغرىق - سىلاق يوقىلىدۇ.
(ئادەملەر ۋە ھايۋانلارنىڭ) مۇسكۇللىرى قېتىپ،
قۇۋۋەت تاپىدۇ.
ياز قىش بىلەن زىتلاشتى.
پەزىلەت ياسىنى كىرىپ (بەتلەپ) قوشۇن تارتىپ،
كۆرەشتى. ئوق ئېتىشقا ئىنتىلىشتى.
(ياز ئېيتتى.) سەندىن سۆڭگۈلۈگۈچ قاچىدۇ.
مەندە (بولسا) قارلىغاچلار ياپرايدۇ.
بۇلبۇللار نەغمە - ناۋا قىلىدۇ.
ئەركەك بىلەن چىشى قوشۇلىدۇ.

مەسەل خاراكتېرىدىكى بۇ شېئىردا جانلاندۇرۇش (ئادەملەشتۈرۈش) ئۇسۇلى جايىدا قوللىنىلغان. شېئىردا باي تەسۋىرىي ۋاستىلەر، جانلىق ئوبرازلار كۆزگە چېلىقىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ: «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرى-دىمۇ، ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ماھىرلىق بىلەن قوللى-

-نىلغان. مەسىلەن، ئالىم بۇ ئەسىرىدە سىمۋولدىن ئۈنۈم-
-لۈك پايدىلىنىپ، «كۈن تۇغدى» دېگەن غايىۋى خان
ئوبرازىنى ياراتقان. ئالىم بۇ ئوبراز ئارقىلىق خاقان-
-دىن ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى كۈتىدۇ. يەنە بىر جە-
-ھەتتىن خەلقنىڭ تەلىپىنى ئىپادىلەپ، خاقاندىن ئادىل،
توغرا قانۇنلارنى تۈزۈپ ئىجرا قىلىشنى، ئىجتىمائىي
تەرەققىياتقا يول ئېچىشنى، جەمئىيەتنى دېمۇكرا-
-تىيىلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە شائىر بەخت-
-ئامەت خىسلىتىگە ئىگە بولغان «ئاي تولدى» ئوبرازىنى،
(ۋەزىرگە سىمۋول قىلىنغان) ئەقىل ۋە پاراسەت خىسلى-
-تىگە ئىگە بولغان «ئۆگدۈلمىش» ئوبرازىنى، سەۋر-
-تاقەت، ھاياغا ئىگە بولغان «ئۆتكۈرمىش» ئوبرازىنى
سىمۋولىتىك ئاساستا يارىتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇخشاشمىغان
ئەخلاقىي تەلىپىنى، يەنى ئەقىل - پاراسەتنى مەدەنىي-
-يەت ئىشلىرىغا بېغىشلاشنى، پادىشاھ، ۋەزىرلەر ئۈچۈن
سەمىمىي يول كۆرسىتىشنى، كىچىك پېئىل، كەمتەر، قا-
-نائەتچان، يېگىلمەس بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. بىز ئەمدى
بۇ ئەسەردىن بىرنەچچە مىسال ئېلىپ كۆرەيلى:

«كۈيەر ئوت تۇرۇركۈچ، ياغىزساكۈيەر،
تۇرۇسۇ تۇرار، ئاقسا نېمەت ئۈنەر.»

يەشمىسى:
كۈچ بىر كۆيىۋاتقان ئوتكى (ئۇنىڭغا) يېقىنلاشسا
(كىشى) كۆيىدۇ.
قانۇن سۇدۇركى، ئۇ ئاقسا نېمەت ئۈنىدۇ.
«تىل ئارسلان تۇرۇر، كۆر، ئىشكتە ياتۇر،

ئايا ئەۋلىك ئەر، ساق باشىڭنى يېيۇر.»

يەشمىسى:

تىل ئىشىكتە ياتقان ئارسلاندۇر.

ئەي ئۆي ئىگىسى، ئېھتىيات قىل، بولمىسا بېشىڭنى يەيدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئەدەبىي تۈزۈلۈش جەھەتتىنمۇ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇنىڭدىكى پۈتۈن ۋەقەلىك ئۈچىنچى شەخس تىلىدىن بايان قىلىنىدۇ. تەشەببۇس قىلماقچى بولغان ئاساسىي ئىدىيە پېرسوناژلار دىئالوگى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ. داستاننىڭ كومپوزىتسىيىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار ئىچىدە، دىئالوگ ۋە ئوبرازلىق ئوخشىتىش ئاساسىي ئورۇننى، تەسۋىر ئىككىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. جانلاندۇرۇش، ئوبرازلاشتۇرۇش، ئوخشىتىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر مۇۋاپىق قوللىنىلىپ، ئەسەردە يۈكسەك خاسلىققا ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازى، كىشىگە ھاياجان بەخش ئېتىدىغان، قىزىق، رەڭدار، كۆركەم مەنزىرە تەسۋىرى سىزىپ بېرىلگەن.

مەسىلەن:

65. «ئېرىنچەك قىشىغ سۆردى يازقى ئەسىن،
ياروغ ياز يەنە قوردى دۆلەت ياسىن.

70. تۈمەن تۈ چېچەكلەر يازىلدى كۆلە.
يىپار تولدى كافۇر ئاچۇن يىد بىلە.

74. كۆكشىن، تۇرنا كۆكتە ئۈنس يانقولار،
تىزىلمىش تىتىر تەگ، ئۇچار، يەلكۆرەر.

80. قالىق قاشى تۇگدى، كۆزى ياش ساچار،
چېچەك يازدى يۈز، كۆر، كۈلەر قاتغۇرار.»

يەشمىسى:

65. جاپا قىشنى قوغلاپ يازغى ئېسىن، (شامال)
پارلاق ياز يەنە قۇردى دۆلەت ياسىن.

70. تۇمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۈلۈپ،
ئىپار، كافور ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

74. تىزىلغان تۇگىدەك كۆكش (بىرخىل قۇش) تورنىلار
ئۇچار، يەلپۈنەر ھەم ئۈنس ياڭرىتار.

80. قاشىن تۇردى ئاسمان، كۆزى ياش چاچار،
چېچەكلەر يۈز ئاچتى، كۈلۈپ قاتقارار.

ئەخمەت بىننى مەھمۇت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» دېگەن مەشھۇر داستانىدا، شائىرنىڭ باي تەسەۋۋۇر كۈچى، كۆركەم، ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلى، ئوخشىتىش، سىپىلىشتۇرۇش قاتارلىق بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلغاچقا، كىتابخانلاردا چوڭقۇر سىنتىك زوق، مەنىۋى ھۇزۇرلۇق قوزغىلىدۇ. مەسىلەن:

«كونى سۆز ئەسەل تەگ بو يالغان بەسەل،

بەسەل يەپ ئاچتما ئاغىز يە ئەسەل.
بىزيالغان سۆز ئەگ تەگ، كۆنى سىرزۇشقا.
بۇ بىر سىز ئۆزاقى ئورزۇلمىش مەسەل.»

يەشمىسى:
راست گەپ ھەسەلدەك، يالغىنى پىياز،
ھەسەل يېگەن، پىياز يەپ ئاغزىڭنى ئاچچىق قىلمىغىن.
يالغان سۆز گويا كېسەل، راست گەپ شىپادۇر.
بۇ بۇرۇندىن تارتىپ دېيىلىپ كەلگەن مەسەلدۇر.

«يېمىشسىز يىغاچ تەگ كەرەمسىز كىشى،
يېمىشسىز يىغاچنى كەسىپ ئۆرتەگىل.»

يەشمىسى:
تار قورساق كىشى گويا مېۋىسىز دەرەختۇر،
مېۋىسىز دەرەخنى كېسىپ قالىغىن.

مىلادى 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان موڭغۇللار كۈچىيىپ باش كۆتۈردى. 1206 - يىلى تېمورچىن «چىڭگىزخان» ئۇنۋانى بىلەن موڭغۇللار پادىشاھلىقىنى قۇردى ۋە سىرتقا كېڭىيىپ، ئۇرغىن جايلارنى بېسىۋالدى. چىڭگىزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىستىلاچىلىق بىلەن قولغا كەلتۈرگەن زېمىنلارنى تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي (1224 - يىل ئۆلگەن) ئىلى دەرياسىدىن تارتىپ ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان بىپايان زېمىننى، جۈملىدىن مەۋارە ئۈننەھر ۋە شىنجاڭ تەۋەلى-

رىنى باشتۇردى. بۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلى تەرەققىيات-
تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن «چاغاتاي-
تىلى» دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. «چاغاتاي تىلى» نامى بىلەن
ئاتالغان بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبى-
ياتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىكى سەھىپىسىدىن ئاجايىپ
تەرەققىيات نەتىجىلىرى بىلەن ئورۇن ئالدى. بۇ مەزگىل-
دە، ئۇيغۇرلار ئىچىدىن دۇنياغا داڭلىق مەشھۇر مۇتەپەك-
كۇرلار، ئالىملار، شائىرلار... تۈركۈملەپ مەيدانغا كەلدى.
ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋايى، چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ
مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن لۇتفى، سەككاكىلار ئۆز ئەسەرلى-
رىنىڭ تىلىنى «ئۇيغۇر ئىبارىسىنىڭ فەسۇھەسى ۋە تۈر-
كىي ئەلفازىنىڭ بالاغىتى» (ئۇيغۇر سۆز - ئىبارىلىرى-
نىڭ ئەڭ توغرىسى ۋە تۈركىي تىل تەلەپپۇزىنىڭ يۈك-
سەك كامالەتكە يەتكەنلىكى» دەپ كۆرسەتتى. ئۇيغۇر
ئەدەبىي تىلى بولغان «چاغاتاي» تىلىنىڭ تەرەققىياتىدا،
بولۇپمۇ بۇ تىلنىڭ ستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى
يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، ناۋايى
قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە زور-
دۇر. بۇ سۆزىمىزنى دەلىللەش مەقسىتىدە، بىز بىرنەچچە
مىسال ئېلىپ كۆرەيلى.

«بىر سېنىڭ غەبغەبىدۇر سىبى سىمىن،
بىر سېنىڭ ئىككى بادامى مۇقەششەر.
...
بىر سېنىڭ ئىككى قاشىدۇر يەڭى ئاي،
بىر سېنىڭ تەلئەتىدۇر ئەيدى ئەكبەر.»

يەشمىسى:

«بىرسىنىڭ ئېگىكى ئاق ئالمىدەك،
يەنە بىرسىنىڭ قاپاقلىرى ئەگ ياخشى بادام.

بىرسىنىڭ ئىككى قېشى يېڭى چىققان ئايدەك،
يەنە بىرسىنىڭ يۈزى تولغان ئاي...»
(ئانابى)

«ئى قامەتى سەرۋ، كۆزى نەرگىس، ئېڭى لالە،
زۇلفۇڭ ئىرۇر ئول لالە ئۈزە مۇشكى كەلالە.»

يەشمىسى:

ئەي سەرۋى بويلۇق نەرگىس كۆز، لالە مەڭىزلىك يار،
چاچلىرىڭ ئاشۇ لالە ئۈستىدە خۇش پۇراق
چاچقۇسى ئىپار.

«مېنىڭتەك گويا كۆردى يۈزۈڭنى ئەبرى نەۋرۇزى،
كۆزىن ياشىدىن يەر - يۈزى ۋەردى ياسمەن بولدى.»

يەشمىسى:

ئەتىيازنىڭ بۇلۇتلىرى ماڭا ئوخشاش يۈزۈڭنى كۆرگەندە،
كۆز يېشى بىلەن يەريۈزىنى ياسمەنزارلىققا
ئايلاندۇرۇۋەتتى.

٢٤٦

«جانىم كۆرگەن جاپانىڭ ئەگدەن بىرىن،
بولۇرگەر كۆرسە سەندان پارە - پارە.
كۆلۈردە كۆرسە ئاغزى بىرلە تاشىن،

بولۇر گۈلنارى خەندان پارە - پارە.»
يەشمىسى:
ئەگەر مەن كۆرگەن جاپانىڭ مىڭدىن بىرىنى كۆرسە،
تۆمۈر چىنىڭ سەندانىمۇ پارە - پارە بولۇپ كېتەتتى.
ئاغزى بىلەن چىشىنى كۈلگەن چېغىدا كۆرسە،
ئانار گۈلى كۈلۈپ قات - قات يېرىلىدۇ.

«ئەگەر شېرىن ئۈچۈن پەرھات ئىشقى كۆھكەن بولسا،
نېتاڭ سەككاكى ھەم جانا يولۇڭدا جانكەن بولدى.»
يەشمىسى:
شېرىننىڭ ئىشقىدا پەرھات تاغ كەسكۈچى بولغان بولسا،
ئەي يار، سەككاكىمۇ يولۇڭدا جېنىنى پىدا قىلسا
ئەجەب ئەمەس.

ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى سەككاكىنىڭ يۇقىرىقى شېئىرىي مىسرالىرىدا مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن قانداق ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىقىنى روشەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز.

شائىر لۇتفى سىمۋوللاشتۇرۇش، مۇبالىغە، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشنىڭ چېۋەرلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە غايەۋى ئوبرازلار بىلەن تىپىك شەخسلەر ئوبرازىنى بىرلەشتۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ بېرىشتە بولسۇن، تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە بولسۇن

كامالەتكە يەتكەن شائىردۇر. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ مەش-
ھۇر داستانى «گۈل ۋە نەۋرۇز»دىن كەلتۈرۈلگەن مۇنۇ مىسالغا قاراپ باقايلى:

«بۇ گەز بەھرام ئاچچىغىدىن چەكتى بىر تىغ،
ياپىپ قالغاننى كىردى ماھ دەرمىغ.

كى ئالەم ئۆرتەنە يازدى دەمىدىن،
غەلەك ماتەم تونىن كەيدى غەمىدىن.»

يەشمىسى:
بەھرام ئاچچىقىدىن بىر قىلىچ ئۇرۇۋىدى، گۈلقال-
قانىنى دالدا قىلدى.
(بۇ چاغدا) گويا ئاي بۇلۇتنىڭ ئىچىگە كىرگەندەك
بولدى.
ئۇنىڭ ئۇتلۇق نەپىسىدىن، ئالەم كۆيۈشكە باشلىدى.
غەم قايغۇسىدىن ئاسمان ماتەم تونىنى كىيدى.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى ئۇلۇغ خىزمەتلىرى بىلەن 15 - ئەسىر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە تەڭداشسىز زور تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلشىر ناۋايى ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسىنى بېيىتىش، راۋاجلاندۇرۇش، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشتە ئالاھىدە تۆھپە قوشتى.

«بۇ تاغكىم ئەنىڭ ۋە سىفتە دورتۇل،
كى باردۇر بىز ئەنى قاز ماققە مەشغۇل.
كىلىبدۇر بىر باشى شەرقى شەمايىل،
يەنە بىر باشى غەربىي سارى مايىل.

ئاقار شەرقىدە بىر چەشمە ھالى،
سۈيى ئول نەۋئىكىم ھەيران زىلالى.
رىبان ئەيىنلىمە يان ئولچەشمەنى خەيىل
كى ئولگان ئىچسە ئەيلەر جان سەرى مايىل.»

يەشمىسى:

بەزلەر قىزمۇاتقان مانابۇ تاغنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ئۇزۇن.

ئۇنىڭ بىر ئۇچى شەرققە، يەنە بىر ئۇچى غەربكە بېرىپ تۇتىشىدۇ.

ئۇنىڭ شەرقىدە بىر بۇلاق ئاقىدۇ، ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيى تىرىكلىك سۈيىدەك سۈزۈك.

ئادەملەر ئۇبۇلاقنى «تىرىكلىك بۇلىقى» دەپئاتىشىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى ئۆلۈك ئىچسە تىرىلىدۇدېيىشىدۇ.

ناۋايى ئۆزىنىڭ داستانلىرىدا ئوخشىتىش، سۈپەتلەش قاتارلىق شتىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق، تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى ئۇستا رەسساملاردەك كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا سۈرەتلەپ بەرگەن. مەسىلەن:

«ساۋۇردى چۇن شەجەر بەرگىنى سەرسەر،
سۇنىڭ سىمابىنى دەي قىلدى مەرمەر.

ھەۋا داغى بولۇتتىن كەيدى سىنجاب،
بولۇت داغى ھەۋاغا ساچدى سىماب.

دەي ئۇستادى ئىچۈككىم زەرگەرى چىن،
زىلال ئەتغالى لەۋھىن قىلدى سىمىن.

بۇلۇتتىدىنكىم تامسا ھەرقەترەسى سۇ،
بۆرۆدەتتىن غايىپ ئالەمگە ئىنجۇ.»

يەشمىسى:

قاتتىق شامال دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئۈچۈردى.
قىش سوغۇقى سۇ سىمابىنى مەرمەرگە ئايلاندۇردى.

دالا تېخى بۇلۇتتىن سىنجاپ(كۆلرەڭ جۇۋا) كىيدى.
بۇلۇت تېخى ھاۋاغا سىماب (قار) چاچتى.

سوغۇق كۆللەرنىڭ ئۈستىنى چىن زەرگەرلىرىگە ئوخشاش.
بالىلارغا سۈزۈك سۇدىن كۈمۈش تەخت ياساپ بەردى.

بۇلۇتتىن تامچىغان ھەر تامچە سۇ،
سوغۇقنىڭ تۈپەيلىدىن ئالەمگە ئۈنچە بولۇپ ياندى.

يەنە بىز ناۋائىنىڭ ئوبراز يارىتىش، ۋەقەلەر تەسۋىرىنى بېرىش، ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتە ئوخشىتىش، مۇبالىغە، مەجاز قاتارلىقلاردىن، ھەقىقىي سۆز سەنئەتكارى، ئىلمىي پاساھەت (ستىلىستىكا) پىرىنىڭ پېشۋاسى سۈپىتىدە تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلانغانلىقىغا دائىر تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

«كەبۇتەردىلەر بوخىنكى باد پايماي،
راۋان مىندى، شەفەق گۈلگۈنىدە ئاي.»

يەشمىسى:

(ئۇنىڭ) شامالغا ئوخشاش ئۇچقۇر قەدەملىك

قىزنىڭ ئىچىنى كەلتۈرۈشتى.
(شېرىن) ئاتقا مىنىۋېدى، گويا گۈل رەڭلىكشەپەق
ئۈستىدە ئاي پەيدا بولغاندەك بولدى.

«چۈ چىقتى يەلگە گۈل بەرگى تەرىدەك،
فەلەك رەخشىگە مىھر خاۋارىدەك.»

پەشمىسى:
(شېرىن) يېڭى ئېچىلغان گۈلنىڭ بەرگى كۆتۈ-
رۈلگەنگە ئوخشاش، ئېتىغا مىندى.
(بۇ چاغدا) نۇر چاچقۇچى قۇياشمۇ، كۆك ئاس-
ماندا ئېتىغا مىنگەندەك بولدى.

«سارىغ ياپراغ ئۈزەكىم ئولتۇرۇپ زاغ،
بولۇپ ئانداغكى سارىغ لەلەدە داغ.

پەشمىسى:
سارغايغان ياپراقلار ئارىسىدا ئولتۇرغان قاغا،
خۇددى سېرىق لەيلى گۈلنىڭ يۈزىگە چۈشكەن
داغدەك كۆرۈنەتتى.

تىرەك سارغارتىبان يۈز زارىلەردەك،
سارىغ ئاغرىغ بىلەن بىمارلەردەك.

پەشمىسى:

تېرەكلەر دەردمەنلەرنىڭ يۈزىدەك سارغايغان،
گويا (ئۇلار) سېرىق كېسەل بىلەن ئاغرىغان
كېسەللەرگە ئوخشايتتى.

چىمەننىڭ ھەر ياغاچى بىر سارىغ قۇش.
بولۇپ بارى تۇلەك ئەييامىغا تۇش.»

يەشمىسى:

(چىمەنگى) ھەر بىر دەرەخ بىر سېرىق قۇشتەك كۆرۈنەتتى.
(خۇددى) ئۇلار تۈلەش چاغلىرىدىكىدەك ئىدى.

مىلادى 14 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى پەيدىنپەي پارچىلىنىشقا باشلىدى. مىلادى 1514 - يىلى 8 - ئاينىڭ 21- كۈنى قەشقەر سۇلتانلىقى قۇرۇلدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ خانلىق مەركىزى يەكەنگە يۆتكەلدى. خانلىقنىڭ نامى «سەئىدىيە خاندانلىقى» دەپ ئاتالدى.

«سەئىدىيە خانلىقى»نىڭ ئابدۇرەشىدخان ھۆكۈم سۈرگەن يىللىرىدە، مەدەنىي ھايات ئىنتايىن جانلىنىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» ھېسابلانغان بۇ مەزگىلدە، مەشھۇر ئۇيغۇر مۇزىكىسى «12 مۇقام» سىستېمىلاشتۇرۇلدى. ئابدۇرەشىدخان، ئامانىيساخان، مىرزا ھەيدەر قەشقەرى، قىدىرخان يەركەندى، مەۋلانە خۇلقى، ئاياز قۇشچى قاتارلىق مەشھۇر سىياسىئونلار، شائىرلار، مۇزىكىشۇناسلار ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ راۋاجلىنىپ مۇكەممەللىشىشىگە ئاجايىپ زور تۆھـ

پىلەرنى قوشتى. جۈملىدىن تىل گۈزەللىكىگە ئائىت ئىلىم — ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسىدىمۇ جانلىنىش مەيدانىغا كەلدى. مەسىلەن، سۇلتان سەئىدخاننىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

«قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈدە بىر گۈلى رەئناسى بار؟
قايسى [illegible]ىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار؟
ھۆر بىرلە جەننەتولمەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
يارنىڭ كويىدا يۈزىڭ جەننەتولمەئۋاسى بار.
لەئلىدىن خەتتى بۇدۇر ھەردەم تىرىكلىككە نىشان،
خۇش نىشانە دۇركى ئىككى قاشىدىن تۇغراسى بار.
بىر چۈچۈك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمە بەردىڭ ھايات،
لەئلى جان بەخشىڭدە گويا كىم مەسىھ ئەنفاسى بار.
يۈزى ئۆزرەكاكۇلى زۇلفى پەرىشان كۆرگىنى،
ئى سەئىد ئاشۇفتە كۆڭلۈڭنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.»

يۇقىرقى شېئىردا شائىر رىتورىك سوراقتىن بەك جايىدا پايدىلانغان.

ئەمدى ئابدۇرەشىدخاننىڭ مۇنۇ نەزمىسىدىكى ئوخشىتىشلارنى كۆرۈپ باقايلى:

«گەر بويىڭنى سەرۋى دېسەم، سەرۋىنىڭ يوق مېڭىشى،
گەر لېۋىڭنى غۇنچە دېسەم، غۇنچىنىڭ يوق سۆزلىشى.»

سىمۋولىزم ئاساس، رېئالىزم قوشۇمچە قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 17 —، 18 — ئەسىرلەرگە قەدەم قويغاندا، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ

راۋاجلاندى. بۇ دەۋرنىڭ ۋەكىلى مۇھەممەت ئىمىن خوجامقۇلى (خىرقىتى) مەشھۇر ئەسىرى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»دە سىمۋول، ئوخشىتىش، كىنايە، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، ئوبرازلارنى جانلىق، ئىخچام سۈرەتلەپ بەردى. بولۇپمۇ شائىر داستاننىڭ تېما ئىدىيەسىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن چوڭقۇر، ئىنچىكە كۆزىتىش، ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى، ئالايلى، مەۋجۇت شەيئىلەر ئىچىدىن سابا، قىزىلگۈل، بۇلبۇل، گۈلى قەھقەھ قاتارلىقلارنى تاللىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئادەمگە خاس خۇسۇسىيەتلەر بىلەن جانلاندۇردى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىنى ئېنىق ئىپادىلىدى. داستاندىكى سابا دەردمەن خەلققە بەخت يارىتىشقا ئىنتىلىدىغان، ياخشىلىق، ۋاپادارلىقنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا چىداپ تۇرالمايدىغان، قاراڭغۇلۇق ۋە زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان غايىۋى قەھرىماننىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىدۇر. قىزىلگۈل بولسا، سەممىي، ئەخلاقلىق، مۇھەببەتكە سادىق، يورۇقلۇق ۋە ئادالەتنى ئارزۇ قىلىدىغان ۋاپادار مەشۇقەنىڭ ئوبرازىدۇر. بۇلبۇل — ئۆز مۇھەببىتىنى، يورۇقلۇقنى، ئادالەتنى قەدىرلەيدىغان سەممىي ئاشىقنىڭ سىمۋولىدۇر. گۈلى قەھقەھ — فېئودال، زوراۋان كۈچلەرنىڭ سىمۋولىدۇر.

بىز يەنە مۇشۇ دەۋردىكى ئاتاقلىق سۆز ئۇستىسى زەلىلىنىڭ بىرقانچە خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن قانداق پايدىلانغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.

ئوخشىتىشتىن:

«لەيلىنىڭ خالىنى كۆرگەچ تەن ئۆيىدە ناتاۋان كۆڭلۈم،
قوشدۇركىم قەپەستە تەلپۈنۈپ كۆپ ئىزتىراپ ئەيلەپ.»

يەشمىسى:

لەيلىنىڭ ئۈستىدىكى خالنى كۆرۈش بىلەن، تىنىمدىكى بۇ بىچارە كۆڭلۈم، خۇددى قەپەزدە تەلپۈنگەن قۇشتەك تاقەتسىزلەندى.

«سىنى لەيلىنى رەنادەك ئاجايىپ دىلرابا دەرلەر،
مىنى مەجنۇنى ھەيراندەك كويۇڭدا بىرگادا دەرلەر.»

يەشمىسى:

سىنى گۈزەل لەيلىدەك ئاجايىپ سۆيۈملۈك دېيىشىدۇ،
مىنى مەجنۇندەك كويۇڭدا ئىڭگراپ يۈرگەن گاداي دېيىشىدۇ.

جانلاندۇرۇشتىن:

«تاغ ئۆزرە چىقىپ ئەردى تاماشا بىلەن شېرىن،
كۆرگۈزدى نەۋا نالىسىدىن تىشەئىي پەرھات.»

يەشمىسى:

شېرىن تاغ ئۈستىگە تاماشا قىلىپ چىققان ئىدى. پەرھاتنىڭ تاش كەسكۈچى كەكىسى نالە قىلىپ ناۋا قىلدى.

«نە كافىر كۆزلەرىڭ ئالەمنى تەنھا ئەيلىدى تاراج،
شەبىخۇن كەلتۈرەرغەم... يۈزىڭ ئىتاپ ئەيلەپ.»

يەشمىسى:

كۆزلىرىڭ نېمە دېگەن رەھىمسىز، ئۇ، ئالەمنى
ئۆزى يالغۇز بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى.
كىپچىلىرى غەم - قايغۇ ھۇجۇم قىلىپ، ماڭا يۈز-
مىڭلاپ ئازاب كەلتۈردى.

مۇبالىغىدىن:

«تەبەسسۇم ئەيلىبان تاكى نەزەر قىلساڭ گۈلىستانغا،
قوپۇپ گۈلدىن بارى مۇردە ھەمەۋا ھەسرەتتادۇرلەر.»

يەشمىسى:

ئەگەر سەن گۈلىستانغا تەبەسسۇم بىلەن كۆز تاشلىساڭ،
گۈلدىكى جىمى ئۆلۈكلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ۋاي دات
دېيىشىدۇ.

سىلىشتۇرۇشتىن:

باھارنىڭ ئارەزى تاپتى تەراۋەت ئەمدى خەت چىقسۇن،
بىرەڭگى ئەرغىۋانى، ياسمەن ئەلۋەتتە - ئەلۋەتتە.»

يەشمىسى:

يۈزۈڭ باھاردەك ئېچىلىپ ياشناپ كەتتى.
قىزىلگۈل بىلەن ياسمەن گۈلنىڭ رەڭگى جامالىڭ
ئالدىدا ھېچگەپ ئەمەس ئەلۋەتتە.

يەنە، مەشھۇر دەۋر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىنىڭ ئاپتورى موللا ئەلىم شەھيارىمۇ داغلىق سۆز ئۇستىسى. بۇلۇپمۇ نېمۇدالىزم تۈزۈمىنىڭ دەھشەت-لىك ئېكسپىلاتاتسىيسى ئاستىدىكى خەلقنىڭ ئاھۇ-

زارىنى بولبولنىڭ پاجىئەسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇر-
گەنلىكىدىن ئىبارەت ماھارىتىگە قاراپ، شەھيارنىڭ
سەۋۇللاشتۇرۇش ئۈستىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ
ئالالايمىز.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 18 - ئەسىرگە كەلگەندە يېڭى
بىر دەۋرگە قەدەم قويدى. چىڭ سۇلالىسى جۇڭگونى
بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن غەربىي دىيارنىڭ ئىچكى
ئۆلكىلەر بىلەن بولغان سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى
ئالاقىلار، باردى - كەلدىلەر كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن
ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە بەلگىلىك ئىلگىرىلەش-
لەر مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا يېڭى
سەكرەش بارلىققا كەلدى. ئابدۇرېھىم نىزارى مانا مۇشۇ
دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىللىرىدىن بى-
رىدۇر. شائىرنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «رابىيە - سەئىدىن»
داستانىنىڭ تىلى ئەينى دەۋر ئۈچۈن خاس خاراكتېرگە
ئىگە ئاممىباب، گۈزەل ئەدەبىي تىلدۇر. بولۇپمۇ ئۇيغۇر
تىلى ستىلىستىكىسىدىكى ھەر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللى-
رىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە بۇ داستان ۋەكىللىك ئورۇن-
نى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن:

«چۇ گەردۇن بىزاھىر ئېرۇر قەۋ ئەرۇس،
بەسى زىپ بىرلە قىلىبدۇر جۇلۇس.
كى خۇرشىد خاۋەر يۈزى كۆزگۈسى،
قۇلاقىغا پەرۋىن ئېرۇر ئۈنچۈسى.
كى زۇلفىغا شانە بولۇپتۇر ھىلال،

كييەر جامەس ھەم يىپشل بىرلە ئال.
نەزەر ئەيلەر ھەركىم دىلى جان بىلە.
ئانى كەلتۈرۈرگە كۆپ ئارمان بىلە.
بەسا ئۆمىر ئىچرە قىلىپ ئىزتىراپ.
بولۇر زارۇ ـ ھەيران يۈزىگە قاراپ.
ئۇشۇل بىخىرەد كىم ئىبرۇرسادە، گۇل،
دىمەس نەۋ ئەرۇس ھەم بىرۇر ئاغا قول.
بىلۇر مەۋسۇمنى ئۈزاقتىن ـ ئۈزاق،
ۋە لىكىن تۇتارغا قويار ئۇل تۈزاق.
بەسى شىرىن ئىشتۈركى ئەپسا نەسىن.
ئەگەر قەست قىلسا ئانىڭ دەناسىن.
باشىن قەيد بىرلە گىرىپتار ئىتەر.

• ھالاك ئەتكۈسىدۇر ئانى ئاقىبەت.
قولىدا تۆكۈلگەي قانى ئاقىبەت.»

يەشمىسى:

پەلەك قارىماققا ياش چوكانغا ئوخشاش،
ئاجايىپ زىبۇ-زىننەت بىلەن ئولتۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ.
پارلاق قۇياش ئۇنىڭ ئەينىكى،
ھۆكەر يۇلتۇزى بولسا، قۇلىقىغا ئاسقان مۇنچىقى.
ئەگىم ئاي چېچىغا ئاسقان تاغىقى،
يېشىل ـ ھالرەڭلەر بولسا (ئۇنىڭ) كىيىمى.
ھەممە كىشى جان-دىلى بىلەن ئۇنىڭغا كۆز سالىدۇ.
(ئۇنى) قولغا كەلتۈرۈشنى ئارمان قىلىدۇ.
ئۆمۈر بويى بەكمۇ تاقەتسىزلىنىپ،

ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ ھەيرانۇ ـ ھەس بولىدۇ.
مۇنداقلار ئەقىلسىز، ساددا، گول كىشىلەردۇر.
(ئۇلار) بۇ ياش چوكاننىڭ قول بەرمەسلىكىنى
ئويلىمايدۇ.
ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئۇنى قولغا كەلتۇرۇش پەيـ
تىنى كۈتىدۇ.
لېكىن (بۇ ياش چوكان) ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن
توزاق قۇرىدۇ.
(كىشىلەر) ئۇنىڭ شېرىن ئەپسانىسىنى ئاڭلاپ،
(توزاقتىكى) داننى يېيىش قەستىدە بولسا،
ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، ئويۇن كۆرسىتىپ،
ئۆزىگە تارتىدۇ.

ئاخىرىدا ئۇنى ھالاك قىلىدۇ.
ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭ قېنىنى تۆكىدۇ.

شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى داستانىدا ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەۋجۇت شەيئىلەر ئىچىدىن لالە، سەۋسەن، غۇنچە، بۇلبۇل، بېھى، قاغا، قۇشقاچ، ھۇقۇش، تاۋۇس، توخۇ ... قاتارلىق قۇش ۋە نەرسىلەرنى ئازاب چەككەن دەردمەنلەر ئوبرازى قىلىپ تاللاپ، ياندىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش ۋە كىنايە قىلىش يولى بىلەن ئەسەرنى ئىنتايىن تەسىرلىك ھالغا كەلتۇرگەن.
مەسىلەن:

«نىدىن ئارسلاننىڭ ئېرۇر جىسمى داغ؟
سىتەمگەر زاماندىن ئەمەس كۆڭلى ساغ.
جەبەلىنىڭ يۈزىكىم پەسى يارەدۇر،
كى تىرناغى زەخمى بىلە پارەدۇر.
تۇتار بىر مەجنۇن باشىنى تۈۋەن،
ئانى غەمكىن ئەتمىش بۇ دەھرى كۇھىن.
دېدىم نەۋئەرۇس ئېرۇر پىرزۇزال،
ھەجەب ھەرزە گۇيدۇر، ئەپسۇن سىگال.
ئانىڭ ۋەرزىشىدۇر سىتەمكارلىغ.
دەمى شاد يۇرسەڭ، دەمى زارلىغ.
ئېرۇر سىپلەپەرۋەر ئانىڭ قىلمىشى،
ئەمەسدۇركى ئىمىن ئانىڭدىن كىشى.

يەشمىسى:
نېمە ئۈچۈن ئارسلاننىڭ جىسمى (ئالا - تاغىل) داغ؟
(چۈنكى) جاپاكار زاماندىن ئۇنىڭ كۆڭلى ساق ئەمەس.
نېمە ئۈچۈن تاغنىڭ ۋۇجۇدى پۈتۈنلەي يېرىق؟
(چۈنكى، زاماننىڭ) تىرنىقى بىلەن شۇنداق پارە - پارە قىلىنغان.
(ئەنە) تالى مەجنۇن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرماقتا،
ئۇنى بۇ كونا دۇنيا ئاشۇنداق غەمكىن قىلغان.
دېمەكچىمەنكى (بۇ دۇنيا) ياش چوكان ئەمەس،
بەلكى ئۇ غەيۋەتخور جادۇگەر بىر قېرى دەللەدۇر.
ئۇنىڭ قىلمىشى ھەمىشە زۇلۇم سېلىش.
(ئۇ) بىردەم سېنى شاد قىلسا، بىردەمدىلا زار قاقشىتىدۇ.

ئۇنىڭ ئىشى پەسكەشلىكتۇر.
ئۇنىڭدىن ھېچكىممۇ ئامانلىق تاپالمايدۇ.

ئۇلۇغ ئوكتەبىر ئىنقىلابى ئىنسانلار تارىخىدا يېڭى دەۋر ئاچتى. ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى بىزگە ماركسىزم، لېنىنىزمنى ئېلىپ كەلدى. جۇڭخوا زېمىنىدىكى مىللەتلەر قاتارىدا، ئۇيغۇر خەلقىمۇ، ئۆتمۈش فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ زۇلمەتلىك، قانخور جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى، بۇ جەمئىيەتنى ئۈزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ماركسىزم، لېنىنىزم بىلەن قوراللىنىپ، كۆرەشكە ئاتلىنىش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى.

ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان تالانتلىق ئىنقىلابىي يازغۇچى، شائىرلار قەلەمنى قورال قىلىپ، فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كۆرەشكە ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ فېئودال زوراۋان كۈچلەرنى ئۇچۇق - ئاشكارا پاش قىلىشى دەۋرنىڭ ھەر خىل چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقىچە، ئۈنۈملۈك بىر يولنى تاللىشىغا توغرا كەلدى. بۇ يول — ئەدەبىي ئىجادىيەتتە سىمۋوللاشتۇرۇش، ئوخشىتىش، كىنايە، رىتورىك سوراق، رىتورىك مۇراجىئەت قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، خەلقنى دۈشمەنلەرگە قارشى كۆرەش قىلىشقا چاقىرىش يولى ئىدى. بىزنىڭ ئىلغار پىكىرلىك تالانتلىق ئەدىبلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز مۇشۇ يول بىلەن ماڭدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى ھەقىقەتنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان قارىشىنى:

«قۇياشقا دالدا قىلماقلىق ئەقىلسىزلىك دەلىلدۇر،
سېنىڭ يوپقا بۆز خالتاڭ بېكىزلەرنى يوشۇرغايمۇ؟»

دېگەن سىمۋولستىك ئۇقۇملار بىلەن ئىپادىلىسە، زۇلۇمغا، جاھالەتكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى، يورۇقلۇققا، ئازادلىققا بولغان سېغىنىشىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

«جاھالەت بۇلۇتى توستى، قۇياشنى ھېچ كۆرۈپ بولماس،
مۇقەددەس ئول قۇياشنى بۇ دىيار قايتا كۆرەلگەيمۇ؟»

يەنە شائىر، فېئوداللىق خۇراپاتلىق ئىسكەنجىسى ئاستىدا نادانلىق ئازابىنى تارتىۋاتقان خەلقنى ئويغىتىش، باللارنى ئىلىم - مەرىپەت بىلەن قوراللاندۇرۇش مەقسىتىدە:

«ئوقۇتماي باللارنى ئوينىتىپ خوپ ياخشى قىلدۇق،
ئىست! بۇ باللار ئاخىرى يېرىم ناننى تاپالىغايمۇ؟»

دېسە، ئازادلىق ئۈچۈن بولۇۋاتقان كۈرەشنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقى، قاراڭغۇ كونا دۇنيانىڭ ئورنىنى نۇرلۇق يېپيېڭى دۇنيانىڭ ئالىدىغانلىقى

ھەققىدە:
«نەرەببال بورنىنى ھەم يامغۇرۇڭنىڭ ھېچ تېگى يوقتۇر،
لېكىن ئابدۇخالىقنىڭ ئۈمىدى ھېچ ئۈزۈلمەيدۇ» دەپ جاراڭلىق خىتاب قىلىدۇ.

«ئەي تەبىئەتنىڭ دەھشەتلىك مەنزىرىسى،
كۆللەرنى يىللار ياساپ ئۆتەمسەن؟
رەھىمسىزلەرچە كۆرزى بىلەن،
باش ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۇرامسەن؟
ياق! سېنىڭ ئىزگۈ شەپقىتىڭ يوق.
ئۆلىمىگەن چايانسەن.
يىغلاپ زارلانسا،
رەھىمسىزلىكتە قارا قەھرىمانسەن.
سەن قارا قەھرىمان ئۆز دەۋرىڭدە،
چىشلەپ كۆزنى ياشلايسەن.
كىملەرنى قاقشاتمىدىڭ،
تاغ، دېڭىز، جانلارنى سەن.
دەۋر ئېقىمىدا چالغان سازىڭ،
ۋىڭىلداپ ئۆتەر قۇلاقتىن.
قايناپ ئۆرلەپ، تاشار سۇلار،
كۆركەم، نازۇك ئىككى بولاقتىن.
ئاققان ياشلار كىملەرنىڭ يېشى بىلەمسەن؟
يېتىم-يېسىر يوقسۇللارنىڭ ئىڭەنلىكىنى بىلەمسەن؟!
سەل بولۇپ ئاقسا دىرىلداپ تىترەپ ياشلار،
قىقاس سېلىپ قاقاقلاپ كۈلەرسەن.
...

شائىر ئەنۋەر ناسىرى «قىشقا بېغىشلاپ» دېگەن يۇقىرىقى شېئىرىدا، دەھشەتلىك قىش مەنزىرىسىنى ئەينى ۋاقىتتىكى زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتكە سىمۋول قىلغان. كىنايە، رىتورىك سوراقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ياڭراق ئاۋاز بىلەن كونا جەمئىيەتكە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان.

ئوت يۈرەك، ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ «يىللارغا جاۋاب» شېئىرىدا:

«يىللار مەيدەمنى كېرىپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى،
قېرىشىمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويارمەن ئوغلۇمنى.»

دېگەن ياڭراق ئاۋازى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، زالىملارغا، چېرىك، قاراڭغۇ جەمئىيەتكە بولغان كۈچلۈك غەزىپىنى ئىپادىلىسە، پېشقەدەم، تالانتلىق شائىر نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى «بىلىم ئىشقىدا» دېگەن شېئىرىدا بىلىمنى ۋاپادار يارغا، بىلىمسىز كىشىنى كېسەل ئاددىمگە، مائارىپنى گۈلزارلىق باغچىغا ئوخشىتىپ مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

«جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار، بولۇر ئۇ، كاھىدا بار-يوق.
...

بىلىمسىز ساق بۇ تېنىڭ مەجرۇھلاردەك نالە-پەرياتتا،
جاھان ئىچرە بىلىمسىز دىلدەك ئەسكى بىمار يوق.
...
بىلىمگە ئاشنا بولساڭ، ئوقۇش ئىشقىدا بۇلبۇل بول،
ئۆگەنمەككە مائارىپ باغچىسىدەك ياخشى گۈلزار يوق.»

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش شارائىتى (تەبىئىي شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى، ئىجتىمائىي شارائىتى) ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلغان مەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى سىتىتىك قاراشلىرى، تۇرلۇك رېئال ۋە ئەپسانىۋى تونۇشلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسى ئالاھىدە بىر پەن سۈپىتىدە بۇگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ خىل مول ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى يالغۇز يازما ئەدەبىياتىمىزدىلا ئەمەس، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىمۇ گەۋدىلىك ھالدا ئۆز رولىنى جارى قالدۇرۇپ كەلدى. مەسىلەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرىدا، بولۇپمۇ خەلق قوشاقلىرىدا قىزىلگۇل دائىم دىگۇدەك خۇشاللىق، كۆڭۈل ئازادىلىكىنىڭ، سۆيۈملۈك مەشۇقىنىڭ سىمۋولى، بۇلبۇل بولسا قىزىلگۇل (مەشۇقە)نىڭ سادىق شەيداسىنىڭ سىمۋولى، چاشقان، قاغا، يىلان قاتارلىقلار ھەر خىل سەلبىي شەخسلەرنىڭ سىمۋولى قىلىنىپ كەلدى. ھۇقۇش

ۋەيرانىلىق، شۇملۇق، قاراڭغۇلۇقنىڭ، ھۆپۈپ چېقىمچى، ھەسەتخورلۇق ۋە پاسكىنىچىلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنىپ كەلدى. شۇنىمۇ ئېزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىسلام مىستىك ئەدەبىياتىدا ھۇقۇش كېچىلىرى ئۇخلىماي خۇدانى يادلىغۇچى ئىجابىي ئوبراز سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ. ئىسلام شائىرلىرى خۇداغا بولغان كۈچلۈك ساداقىتىنى ئىزھار قىلىشتا ئۆزلىرىنى كۆپىنچە ھۇقۇشقا ئوخشىتىدۇ. ھۆپۈپمۇ يۇقىرىقى ئېتىقاد سەۋەبىدىن ئىجابىي ئوبراز دەپ قارىلىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ھۆپۈپ پۈتۈن ئالەمگە پادىشاھ بولغان سۇلايماننىڭ ۋەزىر بولغان ئىكەن. ھۆپۈپنىڭ تاجىسى ئاشۇ ۋەزىرلىك مەنسىپىنىڭ يادىكارى ئىكەن. دېمەك ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىدا ھۇقۇش، ھۆپۈپلەرنى ئىجابىي شەخس سۈپىتىدە تونۇيدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. يەنە ئالايلى، خەلقىمىز كاككۇك بىلەن زەينەپنى مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئاشىق - مەشۇقلارغا، لەيلى قازاق، يىگەن چېچىكى قاتارلىقلارنى ياسانچۇق، چىدامسىز كىشىلەر ھالىتىگە ۋە ئىشەنچسىز مۇھەببەتكە، يۇلتۇزنى بەختكە، قارا ياغاچنى يىڭنە، ئەمما چىداملىق دەردمەنگە، قىزىل رەڭنى خۇشاللىققا، ئاق رەڭنى ساپلىق ۋە قۇتلۇقلۇققا، سېرىقنى پەرىشانلىق ۋە غەمكىنلىككە سىمۋول دەپ تونۇيدۇ.

بەزى سىمۋوللۇق ئىپادىلەر خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى سىمۋوللۇق ئىپادىلەر بىلەن ئوخشىشىپمۇ كېتىدۇ. لېكىن يەنە كۆپ

ھاللاردا روشەن پەرقلىقمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەجدىھا زوراۋانلىقنى سىمۋول قىلىنسا، خەنزۇ ئەدەبىياتىدا قەھرىمانلىقنى سىمۋول قىلىنىدۇ. ئاپتاپپەرەس ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇراقسىزلىق ۋە ئىككى يۈزلىمىچىلىككە سىمۋول قىلىنسا، خەنزۇ ئەدەبىياتىدا يورۇقلۇق ۋە قۇياشقا تەلپۈنۈشكە سىمۋول قىلىنىدۇ.

بۈگۈن ئۆتمۈشنىڭ داۋامى بولغىنىدەك، ئەتىمۇ بۈگۈننىڭ داۋامى بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكىدەك ئېنىق، توغرا، گۈزەل مىللىي تىلىنى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسى ۋە ستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئىشىنىمىزكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق گۈللىنىدىغان، تەرەققىي قىلىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئالغا باسىدىغان ئەۋزەل سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي تىلى ۋە مىللىي مەدەنىيىتى تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى دۇنيادىكى باي، كۆركەم، نەپىس تىللارنىڭ بىرى، ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك تارى-

خىي تەرەققىياتلار جەريانىدا خىلمۇ خىل، مول بولغان ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى توپلىغان ۋە قوللانغان. بىز تىل ئەمەلىيىتى جەريانىدا بۇلارنى دەل جايىدا ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشىمىز كېرەك.

ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ھەر خىل ژانىرلاردا قانداق قوللىنىلىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلىۋېلىش كېرەك. ئالايلى: پروزا، پوئېزىيە (شېئىرىيەت) ئەدەبىيات-سەنئەت ژانىرىغا مەنسۇپ، ئادەتتىكى ئىلمىي ماقالىلەر، ئىلمىي دوكلاتلار سىياسىي مۇھاكىمە ژانىرىغا مەنسۇپ، ئوخشاشمىغان ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ تىلىنىڭ قوللىنىلىشى جەھەتتە ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ھەممە ژانىرغا ماس كېلىۋەرمەيدۇ. ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئەدەبىيات-سەنئەت ژانىرىدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدۇ. چۈنكى ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بۇ ژانىرغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ. كۆپلىگەن ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئىلىم-پەن، خەت-ئالاقە ژانىرلىرىغا ماس كەلمەيدۇ. بولۇپمۇ مۇبالىغە، تەڭلەشتۈرۈش قاتارلىقلارنى، ئىلىم-پەن، خەت-ئالاقە ژانىرلىرىدا مۇتلەق قوللىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئىلىم-پەن تەتقىقاتى ۋە ئىلىم-پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەقىقىي، چىن پاكىتلارنى، سان-سىفىرلارنى ئاساس قىلىدۇ.

سىياسىي مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى مۇۋاپىق ھالدا ئاز ۋە ساز قوللىنىش كېرەك. بۇ خىل ژانىردا، تەكرارلاش، رىتو-

رىك سوراق، رىتورىك مۇراجىئەت كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

دېمەك، ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەردە ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، خاراكتېرىگە قاراپ، ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى مۇۋاپىق قوللىنىشىمىز، قوللىنىشقا بولمايدىغانلىرىدا قوللانماسلىقىمىز لازىم. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

(1) ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىۋى مەزمۇننىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ، مۇۋاپىق كېلىدىغان ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىش لازىم.

(2) تاللىغان ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىككە، سىياسىۋىلىككە، روشەن سىنىپىي خىسلەتكە ئىگە بولۇشى ھەمدە جانلىق، ئوبرازلىق بولۇشى لازىم.

(3) ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى مۇۋاپىق قوللىنىش ئۈچۈن دەيدىكەنمىز شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتىشىمىز لازىم.

## ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر

### 1. ئوخشىتىش

**1) ئوخشىتىش دېگەن نېمە؟**

چۈشەندۈرمەكچى بولغان مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ خاراكتېرى، ھالىتىنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئوخشاشلىقى بولغان يەنە بىر شەيئىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ ئوبرازلىق، جانلىق ۋە تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدىغان، ستىلىستىكىلىق ۋاستە — ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوخشىتىش كىشىلەرگە شەيئىلەر توغرىسىدا تېخىمۇ روشەن، جانلىق تەسىر بېرىدۇ. چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

«بىلىم ئېلىش قىيىن ھەم جاپالىق ئىش.»

«بىلىم ئېلىش خۇددى يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولىغاندەك قىيىن ھەم جاپالىق ئىش.»

بۇ ئىككى جۈملىنى سېلىشتۇرساق ھەر ئىككى جۈم-
لىدە بىلىم ئېلىشنىڭ قىيىن ھەم جاپالىقى سۆزلىنىدۇ.
بىراق ئىككىنچى جۈملە بىرىنچى جۈملىگە قارىغاندا ھەم
كونكرېت، ھەم ئوبرازلىق، شۇڭا تەسىرلىكرەك.

«ئوقۇتقۇچى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» (لېنىن)

بۇمىسالدا، ئوقۇتقۇچى روھى ئىنژېنېرغا ئوخشىتىلغان.

ئوخشىتىش بىرنى سۆز، جۈملىلەرنى ئىخچام قول-
لىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن ئەڭ مۇھىمى
دېمەكچى بولغان ئوي - پىكرىمىزنى كىتابخانلارنىڭ
ئېنىق چۈشىنىشى ۋە بۇ ھەقتە تەسەۋۋۇر قىلىشىغا يار-
دەم بېرىدۇ. ئەدىبلەر ئۆچۈن ئېيتقاندا ناتونۇش، ئاب-
ستراكت نەرسىلەرنى تونۇشلۇق، چۈشىنىشلىك، كونكرېت،
ئاددىي نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئىم-
كانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

### 2) ئوخشىتىشنىڭ تەركىبىي قىسمى

ئوخشىتىشنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى مۇنداق بولىدۇ:

چۈشەندۈرۈلىدىغان شەيئى — ئوخشالغۇچى شەيئى،

چۈشەندۈرگۈچى شەيئى — ئوخشىغۇچى شەيئى.

«گويا»، «ئوخشاش»، «خۇددى»، «كەبى»، ««دەك»، «تەك»
قاتارلىق ئوخشىتىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئوخ-
شىتىش سۆزلىرى ۋە قوشۇمچىلىرى.

تۆۋەندىكى مىسالنى كۆرۈپ باقايلى:

«بىز كوممۇنىستلار گويا ئۇرۇق، خەلق بولسا گويا يەر. بىز قايسى يەرگە بارساق شۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتىشىمىز كېرەك.»

(ماۋزېدۇڭ)

بۇ مىسالدىكى بىر سىزىق سىزىلغانلىرى ئوخشالغۇچى. ئىككى سىزىق سىزىلغانلىرى ئوخشىغۇچى. ئۈچ سىزىق سىزىلغانلىرى ئوخشىتىش سۆز قوشۇمچىلىرىدۇر. بۇ خىل ئامىللاردىن تۈزۈلگەن ئوخشىتىش ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«... ئىلگىرى قانلىق كۆڭلەكنى ئاتامغا مەن ئاپىرىپ، داغى بالا بىلەن كۆڭلىنى غەش قىلغان كىشى مەن ئىدىم. ھېلىمۇ بۇ كۆڭلەكنى ئاپىرىپ، ئاتامنى خۇشال-خورام قىلىپ، غۇنچىدەك تۈگۈلگەن كۆڭلىنى گۈلدەك ئېچىلدۇرماق، پاختىدەك ئاقارغان كۆزلىرىنى چىراغدەك روشەن قىلماق، زەپىرەڭدەك يۈزلىرىنى ماھى تابانىدەك نۇرانە قىلماق مېنىڭ ئىشىمدۇر...»، «... بۇ ئىككى غەمدە ئېزىلگەن، زۇلۇم بىلەن باغرى يارا بولغانلار بىر-بىرىگە خۇددى باش باھارنىڭ يامغۇرىدەك قىممەتلىك گۆھەرلىرىنى چېچىشتى...»

(«يۈسۈپ - زۇلەيخا»دىن)

«تال چىۋىقتەك بويۇڭغا،
قىرغاۋۇلدەك خۇيۇڭغا.

كۈچۈم يەتمەي تويۇڭغا،
يېشىم سىزدەك ئاقسان قىز.

لېۋىڭ لەئلى مارجاندۇر،
قېشىڭ جادى قىغاندۇر،
ئەسلىڭ بەلكى ئىنساندۇر،
ھۆرلەر دىلەن تۇغقان قىز.

سىيا زۇلپۇڭ ئەنبەردەك،
كۆز قاراشىڭ شەمشەردەك،
كىرپىكلىرىڭ خەنجەردەك،
كويىقاپتىن چىققان قىز.»

(نەسىھەت «قىز»)

يۇقىرىقى شېئىردا شائىر قىزنىڭ بويىنى تال چىۋىققا، خېيىنى قىرغاۋۇلغا، لېۋىنى لەئلى مارجانغا، قېشىنى جادى قىغانغا، زۇلپىنى ئەنبەرگە، كۆز بېقىشىنى شەمشەرگە، كىرپىكلىرىنى خەنجەرگە ئوخشاتقان. بىز يەنە تۆۋەندىكى پارچىلارغا قاراپ باقايلى:

«... دەلىكە ئاپتاپىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئۇسساپ،
قاغزى خۇددى سەدەپتەك قۇرۇپ كەتتى.»

---

(«جامەئۇل ھېكايەت»تىن)

«ئۇنىڭ نەزەرىدە يەرلەرنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىش خۇددى توگۈلگەن مۇشتەك كوللېكتىپلاشقان دېھ-

قاتلارنى بورانمۇ ئۇچۇرۇپ كېتەلەيدىغان، سۇمۇ بېسىپ كېتەلەيدىغان چۆلدىكى قۇمدەك چېچىۋېتىش ئىدى...»

(ئەخەت تۇردى «باھاردىكى جۇدۇن»)

«... مۇندىن خېلى بۇرۇنقى يىللارنىڭ بىرىدە، قەشقەرگە بارغىنىمدا، ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم. ماڭا ياندىش كارىۋاتتا بىر ئاغرىق ياتاتتى. ئۇ ئادەمنىڭ ئەپتى - سىياقى بەك ئوسال، بەكمۇ رەزگى بولۇپ، يۈزى ھەم بەدەنلىرى بەئەينى ئاپتاپتا سولىشىپ، قورۇلۇپ قالغان قاپاقىلا ئوخشايتتى...»

«... چوكان خۇددى چىراغنى چۆگىلىگەن پەرۋانىدەك پىرقىراپ يۈرەتتى...»

(تۇردى سامساق «تىيانشان باغرىدا»)

3) ئوخشىتىشنىڭ باشقا ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن گىرەلىشىشى

بەزى چاغلاردا، ئوخشىتىش باشقا ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن گىرەلىشىپمۇ (ئارىلىشىپمۇ) كېلىدۇ. مەسىلەن:

«... مېنىڭ خەلق ئالدىدا سۆكۈشۈم بايىغا ئېغىر كەلدى، ئېھتىمالىم، زەھەر يۇتقان يىلاندەك تولغىنىپ، ئېغىزىغا كەلگەن گەپنى بوغۇزىغا يۇتۇۋەتمەي كاپىشىپ، دىۋدىلەپ كەلدى. لېكىن قول ئۇزاتمىدى. «تاك» ئېتىپ چەككىدەك بولسا، تازا قوپاي دېگەن ئىدىم...»

(ئابدىراخمان قاھار «ئىلى دولقۇنلىرى»)

«...كەلگۈسىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ كۈلمىنىشى ئۇچۇن قازا تاپقان ھەر بىر كىشى، تاشتىن ياسالغان ھەيكەلگە ئوخشاشتۇر. ئىنقىلاب يولىنى توسماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەم ئۆز مۇرىسىگە ئالتۇن پاگون تاقىۋالغىنى بىلەنمۇ، ئەربىر پور كۆتەكتىن ياسالغان قورچاقتىن باشقا نەرسە ئەمەس...»

(يولىئوس پوچىك «ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز»)

بىرىنچى مىسالدا ئوخشىتىش — تەقلىد بىلەن بىللە كەلگەن. باشتىكىسى ئوخشىتىش، كېيىنكىسى تەقلىد. ئىككىنچى مىسالدا ئوخشىتىش لۆتتا بىلەن بىللە كەلگەن. («پور كۆتەكتىن ياسالغان قورچاق»)

4) ئوخشىتىشنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى

ئوخشىتىشنىڭ ئۈچ خىل شەكلى بار:

(1) ئېنىق ئوخشىتىش: ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى ۋە ئوخشىتىش سۆز قوشۇمچىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل تولۇق بولغان ئوخشىتىش — ئېنىق ئوخشىتىش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ئوخشىتىش ناھايىتى ئېنىق، روشەنلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ. مەسىلەن:

«... مەن خۇددى قارىغايدەك، قار - شىۋىرغانلاردىن قورقماي دائىم بىر خىل تۇرىمەن. مەن خۇددى

تالغا ئوخشاش قەيەرگە سانچىپ قويسا شۇ يەردە كۆكـ
لەپ چىقىمەن.»

ئىپنىق ئوخشىتىش قوللىنىلغان بۇ جۈملىلەردە يول-
داش لى فىڭنىڭ قىينچىلىقتا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە
ئاممىۋى كۆزقارىشى روشەن ئىپادىلەنگەن.

«...سىيىت كۆزىنى ئوغرىنىڭكىدەك ئالاق - جالاق
قىلغان ھالدا ئەتراپقا سەپسىلىپ، چاشقانغا ئوخشاش،
تەشمە ئىچىگە كىرىپ كەتتى...»

(«ييشىل مايسىلار»دىن)

يۇقىرىقى مىساللارنىڭ ھەممىسىدە ئۈچ خىل ئىلىپ-
مېنت تولۇق.

ئاخىرىغا گويا، خۇددى، دەك، تەك قاتارلىق قو-
شۇمچە سۆزلەر ئۇلانسىلا ئۇ سۆزلەر ئوخشىتىش بولىۋەر-
مەيدۇ. ئالدى ۋە ئاخىرقى مەزمۇنىغا ئاساسلىنىپ
يەنى ئوخشىتىش مۇناسىۋىتىنىڭ بار-يوقلۇقىغا ئاساسلى-
نىپ ئوخشىتىش ياكى ئوخشىتىش ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم
قىلىش كېرەك. مەسىلەن:

ئۇ، بۈگۈن كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ.

مەن ئۇنى خۇددى بىر يەردە كۆرگەندەكلا
قىلىمەن.

بۇ جۈملىلەردىكى «كەلمەيدىغاندەك»، «خۇددى
بىر يەردە كۆرگەندەكلا» سۆزلىرى ئوخشىتىش بولالماي-
دۇ. چۈنكى ئۇلاردا ئوخشىغۇچى، ئوخشاتقۇچى يوق.

(2) يوشۇرۇن ئوخشىتىش: يوشۇرۇن ئوخشىتىش ئىنىق ئوخشىتىشقا قارىغاندا بىرقەدەر ئىلگىرىلىگەن ۋە چوڭقۇرلاشقان ئوخشىتىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى يوشۇرۇن بولىدۇ. ئوخشىتىش سۆز قوشۇمچىلىرى بولمايدۇ. ئىنىق ئوخشىتىشتا ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق باغلىنىش بولسا، يوشۇرۇن ئوخشىتىشتا ماسلىشىش باغلىنىشى بولىدۇ. بۇنىڭ فورمۇلىسى — «A»، «L» دېمەكتۇر. مەسىلەن:

«ماركسىزملىق ئۇسۇل — سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىكى دۇربۇن ۋە مىكروسكوپ.»

بۇ ئوخشىتىشتا ماركسىزملىق ئۇسۇل ئوخشالغۇچى، دۇربۇن، مىكروسكوپ بولسا ئوخشىغۇچىدۇر. بۇ خىل ئوخشىتىش شېئىرلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«بىز شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى، بىز ئۈمىد يۇلتۇزلىرى،
كۈرەش قاينىمىدا ئۆسكەن كىرسىز پاك - قۇندۇزلىرى.
بىز كۈرەش يارىتىمىز، بىز ئۇنىڭغا جان ئاتىمىز،
كۈرەش بىزگە شۇنداق يېقىن، ئۇ ئاتا - ئانىمىز.»
(ل. مۇتەللىپ «بىز شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى»)

(3) ۋەكىللىك ئوخشىتىش: ۋەكىللىك ئوخشىتىش ئوخشىغۇچى شەيئىنى بىۋاسىتە ھالدا ئوخشالغۇچى شەيئىنىڭ ئورنىغا قويۇلىدىغان ئوخشىتىشتۇر. يەنى ئوخشالغۇچى شەيئىنى ئېيتماي ئوخشىغۇچى شەيئىنى ئوخشالغۇچى،

شەيئىنىڭ ئورنىغا قويۇپ كۆرسىتىدىغان ئوخشىتىشتۇر.
بۇ خىل ئوخشىتىش يوشۇرۇن ئوخشىتىشقا قارىغاندا بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئوخشىتىشتۇر. بۇنىڭدا پەقەت ئوخشىغۇچى شەيئى كۆرۈنۈپ، ئوخشالغۇچى شەيئى كۆرۈنمەيدۇ. مەسىلەن:

«بىر تامچە سۇ كەڭ دېڭىزغا قويۇلغاندىلا، ئاندىن ئۇ، مەڭگۈ قۇرۇمايدۇ.»

بۇنىڭدا ئوخشىغۇچى شەيئى كۆرسىتىلگەن، ئەمما ئوخشالغۇچى شەيئى ياكى ئادەم كۆرسىتىلمىگەن. لېكىن بىز بۇ ئوخشىتىشنى ئاڭلىغان ياكى ئوقۇغىنىمىزدا ئوخشىغۇچىنىڭ نېمىگە ئوخشىتىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. يەنى بىر ئادەم پەقەت كەڭ ئامما بىلەن بىر تەن، بىر جان بولۇپ بىرلىشىپ كېتەلىگەندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت چوڭقۇر داۋلىنى چۈشىنىپ ئالالايمىز.

«لەنىتى يىرتقۇچلار چايانلار،
شوراپ بولدى قېنىمىزنى.
قالدۇرماي يوقاتساق ئۇلارنى،
قىزىل كۈن يورۇتار جاھاننى!...»

(«يېتىپىر شېئىرلىرىدىن تاللانما» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىل 1 - ئاي نەشرى)

مەشھۇر «ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى»دىن ئېلىنغان

يۇقىرىقى مىسالدا، ئەزگۈچىلەر، ئېكسپلاتاتورلار يىرتقۇچ چاياننلارغا ئوخشىتىلغان. پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقى ۋە پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئازادلىق، ھۆرلۈككە ئېرىشىدىغانلىقى قىزىل قۇياشىنىڭ جاھاننى يورۇتىدىغانلىقىغا ئوخشىتىلغان. بۇ يەردە دەرھال بىزگە كۆرۈنىدىغىنى ئوخشالغۇچى بولماستىن بەلكى ئوخشىغۇچىدۇر. يەنى ئوخشىغۇچى مەۋجۇت، ئوخشالغۇچى بېرىلمىگەن.

5) ئوخشىتىشنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى:

ئوخشىتىشلار توغرا ۋە ئورۇنلۇق قوللىنىلسا، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك زور رولى بولىدۇ:

(1) ئۇ تىلنىڭ ئوبرازلىقلىقى ۋە جانلىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ تۇرقى، ھالىتىنى ئېنىق سۈرەتلەشكە ياردەم بېرىدۇ. ھەتتا پېرسوناژلار ئوبرازىنىمۇ يارىتىقلى بولىدۇ. مەسىلەن:

«... مەززى سۆزەكلىرى، جىقىپ تۇرغان، لەۋلىرى ياغاق 50 ياشلارغا كىرگەن بىر ئايال مىنىڭ ئالدىمدا قوللىرىنى بېلىگە تايىنىپ، چاتىرىقىنى كېرىپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىغا پەشتاما تارتىۋالغان ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ قىياپىتى گويا كەڭ ئېچىلغان سىركولغا ئوخشايتتى.»

(لۇشۈن «يۇرتۇم»)

بۇنىڭدا لۇشۈن دۇفۇ ساتقۇچى ئايال سودىگەر ياڭ

ئىرساۋىنىڭ قىياپىتىنى «كەڭ ئېچىلغان سىركولغا» ئوخشىتىپ ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرقىنى، ھالىتىنى ناھايىتى ئېنىق، ئەينەن سۈرەتلەپ بەرگەن.

(2) ئوخشىتىش كىشىلەرگە تېخىمۇ روشەن ۋە جانلىق تەسىر بېرىپ چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن:

«يۈزى قېپقىزىل،
خۇددى جىنەستە.
زىلۋا بويلىرى،
سىرلىق گۈل دەستە.»

(ل. مۇتەللىپ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت»)

(3) ئوخشىتىش ئارقىلىق جۈملە ۋە سۆزلەرنى ئىخچام، جانلىق، گۈزەل قىلىشتىن سىرت كىتابخانلارنى ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلغىلى، ئابستراكت (تۇتۇق) نەرسىنى تونۇشلۇق، چۈشىنىشلىك، كونكرېت نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىدىيىۋى مەقسەتنى ئېنىق قويغىلى، مۇرەككەپ، چوڭقۇر قائىدە ـ قانۇنلارنى ئاددىي، ئاممىباب قىلىپ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

«... ئۇ دېڭىز ياقىسىدا تۇرۇپ، يىراقتا قارىغاندا دېڭىزدىن موما ياغاچنىڭ ئۇچى كۆرۈنگەن بىر كېمە، ئۇ ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ، يىراقتا قارىغاندا، شەرقتىن نۇر چېچىپ، ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر قۇياش. ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قاتتىق تەۋرەۋاتقان،

پات ئاردا دۇنياغا كېلىدىغان بىر بوۋاق.»①

بۇ مىسالدا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ ئوخشىتىش ئىشلىتىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىدا يېڭى دولەتنىڭ پات ئاردا يېتىپ كېلىدىغانلىقىدەك ۋەزىيەت ئېنىق كۆرسەتىلگەن. ئۇ ئەمەل ئاغمىچىلىقنىڭ ئۈمىدسىزلىك مۇقاملىرىغا كۈچلۈك رەددىيە، ئىنقىلابىي خەلقتە كۈچلۈك ئىلھام بېرىلگەن.

دېمەك، بۇ ئوخشىتىشلاردا ئابستراكت بىر قائىدە، ئاددىي، كونكرېت، جانلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈلگەن.

ئوخشىتىش ئەدەبىي ئەسەرلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ، يەنى، ئوخشىتىش ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژلار ۋە نەرسىلەرنىڭ ئوبرازىنى جانلىق يارىتىش قىلى بولىدۇ.

ئابدۇرېھىم نەزارى: «رابىيە - سەئىدىن» داستانىدا نۇرغۇن مەنىلىك ئوخشىتىشلاردىن پايدىلىنىپ، رابىيە ئوبرازىنى ياراتقان. شائىر رابىيەنى قۇياش بىلەن ئايغىمۇ تەڭ قىلماي، ئۇنى گۈلگە ئوخشىتىپ سۈرەتلەيدۇ، مەسىلەن:

«ئاڭا تەڭ بولماس قۇياش بىلەن ئاي،
يانە يەخشىلار بار دېگەن سۆزگە ۋاي.»

جابىرنى بولسا گۈل يۈزىگە قونغان زاغ (شۇملۇق تىلەيدىغان قاغا) غا ئوخشىتىدۇ.

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1- توم، 204 — 205 - بەت)

«گۆل يۈزى ئۈستىگە قوناي دېدى زاغ،
تۇتۇپ گۆل يۈزىنى قاچتى ھەممە چاغ.»

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ئوخشىتىش ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدۇ. بۇ ئوخشىتىشلار قوشاقنىڭ تىلىنى ئىخچام، گۈزەل، ئوبرازلىق، تەسىرلىك ھالغا كەلتۈرۈشتە زور رول ئوينايلا قالماستىن مەزمۇنىنى بېيىتىش ۋە ئۇنى چۈشىنىش، ئەستە قالدۇرۇشقا ئاسانلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ، مەسىلەن:

«ئاپئاق ئۆپىدەك يارىم،
شېشە قۇتىدەك يارىم.
ئاچچىغى كېلىپ قالسا،
چاققاق ئوتىدەك يارىم.

ئوتمۇ بۇ ئاتەشمۇ بۇ،
كىم تۇتاشتۇردى ماڭا.
مەندىكى ئوتنى سېلىپ،
شۇل خۇدا سالسۇن ساڭا.»

**٦) ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىش بىلەن كىنودىكى ئوخشىتىش توغرىسىدا**

ئوخشىتىش ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە كەڭ تۈردە قوللىنىلىدىغان بىر خىل ستىلىستىكىلىق ۋاستىدۇر. ئۇ، ئوخشاشلا ئېكراندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر خىل ئىپادىلەش ۋاستىسىدۇر. قاملاشقان،

جايىدا قوللىنىلغان بىر ئوخشىتىش ئۇنتۇلغۇسىز دەرىجىدىكى كۈچلۈك بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى قائىدە-قانۇنلارنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ. كىشىلەر بۇ خىل ئوخشىتىشتىن ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر مەزمۇننى چۈشىنىپ ئالىدۇ. ئوخشىتىش ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق قوللانغاندا مەنە يەنى ئەسەرنىڭ مەزمۇننى ياخشى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. ئوخشىتىش نەرسىلەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلەش، ھېسسىياتنى تولۇق ئىزھار قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

كىنو سەنئىتىدىكى ئوخشىتىش بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىشنىڭ رولى، خىزمىتى ئاساسەن ئوخشاش. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوخشىتىش ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرىدۇ ۋە قائىدە - قانۇنلارنى چۈشەندۈرىدۇ. ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرۈشتە، شەكىل، ھالەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىق نەزەردە تۇتۇلىدۇ. قائىدە - قانۇنلارنى چۈشەندۈرۈشتە ئىچكى قىسمىدىكى ماھىيەتلىك باغلىنىش نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئەسلىدە سەنئەتنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بار. ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن بولۇپمۇ سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن كىنونىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يېقىن. كىنودىكى ئوخشىتىش ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىشنى ئاساس قىلىدۇ.

ئالايلى، ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ، كىنودىمۇ قەيسەرلىك قارىغايغا ئوخشىتىلىدۇ. مەسىلەن، «جىمخۇڭچاڭ»

كىنودا جىڭجۇڭچاڭ — مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرىدىغان قارىغايغا ئوخشىتىپ كۆرسىتىلگەن. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىش بىلەن كىنودىكى ئوخشىتىش بىر-بىرىگە سىڭىشىدۇ. بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ. بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. بېيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاجايىپ ئۇستىلىق، ماھارەت ئارقىلىق كىنودىكى ئوخشىتىشتىن ئىبارەت بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىسى شەكىللىنىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىش بىلەن كىنودىكى ئوخشىتىشنىڭ ئوخشايدىغان يەرلىرى روشەن بولۇپ، ئۇنى كۆرۈۋېلىش ئوڭاي، ئۇنى ئوڭاي چۈشىنىپ كەتكىلى بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا، كىنودىكى ئوخشىتىش بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىشنىڭ پەرقى بارمۇ - يوق؟ بار. بۇ پەرق ئاساسلىقى ئوبرازنى قانداق يارىتىش ۋە ئوبرازنى قانداق گەۋدىلەندۈرۈش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىشتا يېزىق ۋاستە قىلىنىدۇ، تىلغا تايىنىپ ئوبراز يارىتىلىدۇ ۋە ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئوخشىتىشنى كىتابخانلار تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق چۈشىنىپ ئالالايدۇ. ئۇلارغا ئوخشىغۇچى ۋە ئوخشالغۇچى نەرسىلەر ھەم كۆرگەندەك ھەم كۆرمىگەندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنى ئاسان ئېنىق كۆرۈپ ئالالمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل نەرسىلەر ئۈستىدە تولۇق بولغان سەزگۈگىلا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتابخانلارنىڭ يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئوبراز ئۈستىدىكى تونۇش-

لىرى بىردەك بولمايدۇ.

كىنودىكى ئوخشىتىش بولسا، بۇنداق ئەمەس. كىنودىكى ئوخشىتىشلار بىۋاسىتە ھالدا ئېكراندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبرازلار بولۇپ، ئەمەلىي بولغاچقا ئۇ تاماشىبىنلارنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەچكە، ئۇلار چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئېكراندىكى ئوبراز ھەممە تاماشىبىنغا ئوخشاش بولۇپ كۆرۈنىدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش ۋە گۈزەللىك تەلىپىنى قاندۇرىدۇ.

دېمەك، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق ئويلىغاندىلا «كۆرگىلى» بولىدۇ. كىنودىكى ئوخشىتىشنى ئويلىمىسىمۇ كۆز بىلەنلا كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىشتا، كۆپرەك مەنىۋى ھايات تەكىتلىنىدۇ. بۇ خىل ئوخشىتىش ئارقىلىق كىتابخانلار مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، چوڭقۇر (سىرلىق) پەلسەپىۋى قائىدە - قانۇنلارنى چۈشىنىۋالالايدۇ. كىنودىكى ئوخشىتىشتا بولسا، كىشىلەر كۆرۈش ئەزالىرى ئارقىلىق بىلىپ ئالالايدۇ. شۇنداق بولغاچقا كىنو سىنارىيىسىنى يازغۇچىلار يالغۇز ئەدەبىي تالانت (قابىلىيەت) كە موھتاج بولۇپلا قالماستىن بەلكى كىنو جەھەتتىكى پىكىر يۈرگۈزۈشكىمۇ ماھىر بولۇشى كېرەك.

كىنو سىنارىيىسى ئاپتورلىرى ئىجادىيەت ئېلىپ بارغاندا يېزىق ۋە تىل ئارقىلىق ئوخشىتىشلارنى بېرىدۇ.

ھىراق بۇلار كىنونىڭ شەكلى ۋە قانۇنىيىتىگە ئاساسلى-
نىپ مۇلاھىزە يۈگۈزۈش، ھەم ئېكران ئوبرازىنىڭ
ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇش ھەم ئەدەبىي ئەسەر-
كىنو سېنارىيىسىنىڭ قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم.
بۇ ئېكران ئۈنۈمىگە ئېرىشىشنىڭ يولىدۇر.

ئاخىرىدا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى،
كىنودىكى ئوخشىتىش ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئوخشىتىشقا
ئوخشاشلا رېئال تۇرمۇشتىن كەلگەن. بۇ قۇرۇق تەسەۋ-
ۋۇرغا تايىنىلغان ئەمەس. قۇرۇق تەسەۋۋۇرغا تايىنىلغان
ئوخشىتىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئۇ لاۋزا،
ئېتىقسىز بولىدۇ. يېڭى، سەممىي بولغان ئوخشىتىشلارغا
ئېرىشىش ئۈچۈن تۇرمۇشنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش
ۋە چوڭقۇر ھالدا ئۆگىنىش كېرەك.

گرېتسىيە پەيلاسوپى ئارستوتېل ئۆزىنىڭ «شېئىرى-
يەت ئىلمى» دېگەن ئەسىرىدە «ئوخشىتىش تالانتىنىڭ
بەلگىسىدۇر» دېگەن ئىدى. ئەدىبلەر ۋە كىنو سەنئەت-
كارلىرى ئوخشىتىش ئۇسۇلىنى ئۇستىلىق بىلەن قوللانغانە
تۇرمۇشنى چوڭقۇر ھالدا كۆزىتىپ، تۇرمۇشنى چۈشى-
نىپ، ئوخشىتىشتىن ئىبارەت بۇ بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسى-
تىسىنى ماھىرلىق بىلەن قوللانغاندىلا ئاندىن چوڭقۇر
پەلسەپىۋى قائىدە - قانۇنلارنى چۈشىنىشلىك قىلىپ
كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئادەتتىكى شەيئىلەرنى نۇر چاچ-
قۇزالايدۇ. ئابستراكت ئۇقۇملارنى كونكرېتلاشتۇ-
رالايدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئوخشىتىش گۈللىرىنى
سوتسىيالىزم ئېكرانىدا پورەكلەپ ئېچىلدۇرۇپ، ئۇنى

ئۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

7) ئوخشىتىشنى قوللانغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ئوخشىتىشنى قوللانغاندا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

(1) ئوخشىتىشلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولماي «يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، بازارنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىدىكى ئادەملەر خۇددى بۆرە كېلىپ قالغاندەك قېچىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى.» دېگەندەك ئوخشىتىلسا، توغرا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئوخشىتىشتا يامغۇردىن قاچقان ئادەملەرنىڭ كەيپىياتى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن.

(2) ئوخشىتىشلارنى ئىشلىتىش مەسىلىسى يالغۇزلا تىل ماھارىتى مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ ئالدى بىلەن مەزمۇن مەسىلىسى. شۇڭا ئوخشىتىشنى قوللانغاندا ئىدىيىۋى مەزمۇنغا يەنى مۇھەببەت - نەپرەتنىڭ ئېنىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىشى زۆرۈر.

تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

«ئاسمىنىڭ نورمال روھىي ھالىتى بۇزۇلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاللىقانداق بىر ئەندىشىنىڭ شەپىسىنى سېزىپ، گويا تۇگمەنىنىڭ تاقىلدىغۇچىسىدەك ئالدىراپ سوقۇشقا باشلىدى...»

(ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن «سىرلىق تېلېگرامما» قەشقەر سىفەن شۆيۈەن گېزىتى 1984 - يىل، 2 - سان)

بۇ مىسالدىكى «گويا تۇگمىدىنىڭ تاقىلدىغۇچىسىدەك تالدىراپ سوقۇشقا باشلىدى» دېگەن ئوخشىتىش مۇۋاپىق ئوخشىتىش ئەمەس. چۈنكى ئادەمنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇ-شىنى ھەرقانچە ئەنسىز ھالەتتە كۆرسىتىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئەمەلىيەتتە يۈرەكنىڭ «تاقىلدىغۇچ-تەك» سوقۇشى مۇمكىن ئەمەستە.

«... نېمەتنىڭ قوللىرى غەزەپ ۋە ئەلەمدىن تىترەپ كەتتى. ئۇ دېۋەيلەپ كېلىپ بىر كاچات سال-غان ئىدى، سايىمنىڭ يۈزىدە بەش بارماقنىڭ ئىزى قالدى. سايىم كېلىشتۈرۈپ بىرنى تېپىۋىدى، نېمەت داجىپ بېرىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭ-شاپ سايىمغا تاشلاندى، ئىككىسى بوغۇشۇپ كەتتى. بۇ خۇددى ئىككى كۈچۈكنىڭ بىر تال سۆڭەك ئۈچۈن ئىككى پۈتلۈق بولۇشۇپ جان - جەھلى بىلەن ئېلى-شىغا ئوخشايتتى...»

«... كىشىلەر بېسىپ كىرگەندە نېمەتنىڭ يۈزى قانغا بويالغان بولۇپ، خۇددى سوقۇشۇپ پاخشە بولغان خورازغا ئوخشاپ قالغان ئىدى...»

(ئابلىمىت سابىر «دەرۋازىۋدىن»)

مانا بۇ مىسالدىكى ئوخشىتىش جايىدا بېرىلگەن-

ئۆتكەندىن كىتابخانىلار مال ـ دۇنيا ئۈچۈن پۈتۈن ئار ـ زۇيۇسىنى ئۇنتۇغان، ۋىجدانىنى بۇلغانغان، رەھبەرى كادىرلىق سالاھىيىتىنى يوقاتقان نىمەتنىڭ يىرگىنىشلىك قىياپىتىنى كۆرۈپ ئالالايدۇ.

(3) كونكرېت نەرسىلەر ئابستراكت نەرسىلەرگە، كىتابخانىلارغا تونۇشلۇق بولغان نەرسىلەر تونۇشلۇق بولمىغان نەرسىلەرگە ئوخشىتىلىشى لازىم. مەسىلەن:

«تولۇن ئايدەك ئاپئاقسەن،
زىبالىقىم قول ئۈزات.
شېرىن سۆزلۈك خۇما كۆز،
نۇر چىراغىم قول ئۈزات.»
(«قىزىل گۈلۈم» داستانىدىن)

(4) قوللىنىلغان ئوخشىتىش ئوتتۇقىنىڭ، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، ئومۇمىي روھىغا ماس بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا ئوخشىتىشنىڭ تەسىرچانلىق ئۈنۈمى بولىدۇ. تۆۋەندىكى شېئىردا بۇ تەلەپ خېلى مۇۋاپىق ئورۇنلانغان.

«مەكتىپىم، قىزچىقىڭ مىسالى گۈلباغ،
تاڭ بىلەن غۇنچىلار كۆركەم ئېچىلغان.
بۇلبۇللار ماكانى، ۋىسال يۇرتى سەن،
مېھرىڭنىڭ يالقۇنى ھەر يان چېچىلغان.

ئارزۇيۇم كۆلمەكتە سېنىڭدە بۈگۈن،
چۈنكى بىر ئانا سەن مېنى باققۇچى.

بولۇشقا تەييارمەن سېنىڭ ئالدىڭدا،
تىلسىملار قەسرىگە چىراغ ياققۇچى.»
(ئابدۇسالام مۇللاق «ئارزۇيۇم كۈلەر سەندە»)

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئاپتور يۇقىرىقى شېئىردا ئوخشىتىش ئۇسۇلىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان، يەنى مەكتەپنى گۈلباغقا، ئوقۇغۇچىلارنى غۇنچىغا، ئوقۇغۇچى-لارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى گۈلنىڭ ئېچىلىۋاتقانلىقىغا، مەكتەپنى بۇلبۇللار ماكانىغا، ئوقۇغۇچىلارنى بۇلبۇلغا، بىلىمنى مېھرىنىڭ يالقۇنىغا، مەكتەپنى ئانىغا ئوخشىتىپ ئوي - پىكرىنى چوڭقۇر شېئىري ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلىگەن.

(5) كىتاب ئوقۇش ۋە تىل ئالاقە مۇناسىۋىتى جەريانىدا جانلىق، مۇۋاپىق بولغان ئوخشىتىشلارنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا، ئەستا-يىدىل ئويلىنىپ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە يېڭى - يېڭى ئوخشىتىشلارنى يارىتىش ئارقىلىق ئوي - پىكرىمىزنى جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشى-شىمىز كېرەك.

## 2. سىمۋول

سىمۋول مەجاز تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ تۇرمۇشتىكى بىرەر ۋەقە، چۈشەنچە ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىپادىسى ئۈچۈن شەرتلىك ھالدا، كۆچمە مەنىدە قوللى-

ىلىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىدۇر. مەسىلەن، ھازىر كىشىلەر كەپتەرنى تىنچلىقنىڭ، تاڭنى يورۇقلۇق، ئىستىقبالنىڭ، تۈننى بەختسىزلىك ۋە ھالاكەتنىڭ سىمۋولى ئورنىدا تونۇپ كېلىۋاتىدۇ.

### 1) سىمۋول دېگەن نېمە؟

سىمۋول — مېتافورا ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ تۈرى بولۇپ، مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىنى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككىنچى بىر شەيئى ياكى ھادىسە ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلىدۇر.

سىمۋولدا، مۇناسىۋەتلىك بولغان شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ نامى ئەسلىدە دېمەكچى بولغان شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ نامى ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. يەنى تۇرمۇشتىكى ماھىيەتلىك شەيئى ۋە ۋەقەلەر باشقا شەيئى، ۋەقەلەر ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

سىمۋول كونكرېت شەيئى ئارقىلىق مەلۇم بىر ئابستراكت چۈشەنچە ياكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغان سىتىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ، دېمەكچى بولغان ئوي - پىكىر، مەقسەتنىڭ كىتابخانلار. ئاڭلىغۇچىلار ئۈچۈن چۈشىنىشلىك، جانلىق، ئوبرازلىق بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

ئەنۋەر ناسىرى كۆپچىلىككە تونۇشلۇق بولغان «قىشقا بېغىشلاپ» شېئىرىدا بىر قارىماققا دەھشەتلىك قىش مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەت-

ە ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگىنى جەبىر -زۇلۇم چېكىگە يەت-
كەن ئادەمخور كونا جەمئىيەتنىڭ روشەن كارتىنىسىدۇر.

«ئەي تەبىئەتنىڭ دەھشەتلىك سەنزىرىسى.
كۈنلەردىن يىللارنى ياساپ ئۆتەمسەن؟
رەھىمسىزلەرچە كورزى بىلەن.
باش ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۇرامسەن.
ياق، سېنىڭ ئىزىڭ - شەپقىتىڭ يوق.
ئۆمىلىگەن چايانسەن.
يىغلاپ زارلانسا.
رەھىمسىزلىكتىن قارا قەھرىمانسەن.
سەن قارا قەھرىمان ئۆز دەۋرىڭگە.
چىشلەپ كۆزنى ياشلايسەن.
كىملەرنى قاقشاتمىدىڭ.
تاغ، دېڭىز جانلارنى سەن.
دەۋر ئېقىمىدا چالغان سازىڭ.
زىڭىلداپ ئۆتەر قولاقتىن.
قايناپ، ئۆرلەپ، تاشار سۇلار.
كۆركەم نازۇك ئىككى بولاقتىن.
ئاققان ياشلار كىملەرنىڭ يېشى بىلەمسەن؟
يېتىم - يېسىر يوقسۇللارنىڭ ئىگەلىكىنى بىلەمسەن؟
سەل بولۇپ ئاقسا دىرىلداپ، تىترەپ ياشلار.
قىزقاس سىلىپ قاقاقلاپ كۈلەرسەن.
...

يۇقىرىقى شېئىردا قىش مەنزىرىسى ياۋۇز كونا جەم-
ئىيەتكە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئەينى زامانىدىكى زۇ-

لۇم، ئېكسپلاتاتسىيە ھۆكۈم سۈرگەن كونا جەمئىيەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ يەردە شائىر ئۆتمۈشنى باشقا شەيئى (قۇش)نىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

ئالېكسى ماكسىمۇۋىچ گوركىنىڭ «بوران قۇش قوشىقى» دېگەن ئەسىرىدە بوراننىڭ يېقىنلىشىشى ۋە ئۇنىڭ تەنتەنىسى كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا! تۇرغان روسىيە پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. بېلىق ئالغۇچى قۇشلار ئىنقىلابنىڭ بوران - چاپقۇنىدىن قورقۇپ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان روسىيە بۇرژۇئا قوغدىغۇچىلىرىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان.

### 2) سىمۋولنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى

سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلىدا ئەسلى شەيئى بىۋاسىتە كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنى كىتابخانلار ئويلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق ھېس قىلالايدۇ. چۈنكى سىمۋول شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك ئوخشاشلىققا ئاساسلىنىدۇ. مەسىلەن:

«شىددەت بىلەن باشلانغاندا بوران شۇ كۈن،
ھەتتا قومۇرۇپ يۇلۇپ تاشلار دەل - دەرەخنى،
چىركاۋلارنىڭ مۇنارىنى بىتچىت قىلىپ،
پاچاقلار ھەم سەلتەنەتلىك تاجۇ - تەختنى!»
(گېنرىخ گېيىنىڭ «كۆتۈرۈپ تۇرۇڭلار»)

سىمۋوللارنىڭ تەركىبىگە كىرگۈچى (قاتناشقۇچى)

شەيئىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى خىلمۇخىل بولىدۇ. سىمۋوللۇق ۋاسىتىلەردە بىر - بىرىگە ئالماشقان قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەتلەرمۇ ئۇچرايدۇ. يەنى بۇ قىسمەنلىك بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ، ئالاھىدە نەرسە بىلەن ئابستراكت نەرسىلەرنىڭ ئۆزئارا ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى شەيئىلەر ئومۇمەن بىر - بىرىگە ۋەكىللىك قىلدۇرۇلىدۇ.

سىمۋول تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە كېلىدۇ:

(1) تاللىۋېلىنغان ئوخشىتىش ماتېرىيالى ئەسلى شەيئىنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

«ھەر بىر ئىشىكتىن بىردىن پۇقرا چىقىپ، خىرىش، ياقىمغان ھالدا، ئۆڭۈپ ئالا - بۇلا بولۇپ كەتكەن بىر پارچە كونا لاتىنى ئېسىپ قويدى.»

(لۇشۈن «چۇقان»)

بۇ جۈملىدىكى «ئۆڭۈپ ئالا - بۇلا بولۇپ كەتكەن بىر پارچە كونا لاتا» گومىنداڭ بايرىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

(2) قىسمەنلىك ئومۇمىيلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن، «نەچچە مىڭ كۆز بىزگە تىكىلمەكتە.»

(3) كونكرېت نەرسە ئابستراكت ئۇقۇمغا ياكى ئابستراكت چۈشەنچىگە ۋەكىللىك قىلدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

«نە ئۈچۈن بىلەمسەن خىراز ھەر سەھەر،
تۇرۇپ ماتەمسىمان ئاھ - نالە قىلار.

ئۇ بىزگە دەپدۇكى تاڭ ئەينىكىدە،
ئۆمرۈڭدىن تۈن ئۆتتى، ئۆزۈڭ بىخەۋەر.
(«ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى» دىن)

(4) تەسلى شەيئىنىڭ بىرەر بەلگىسى ياكى ئالا-
ھىدىلىكى شۇ شەيئىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:
«...سىركۆل قاھايتتى ئەنسىزلىنىپ ئۇراتتى.»
(لۇشۇن «يۇرتۇم»)

بۇ يەردە «سىركۆل» ياڭ ئەرساۋغا ۋەكىللىك قىلى-
غان.

سىمۋول ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغاندا، ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيىۋى مەزمۇننى كۆچ-
لۈك تەسىرچانلىققا، يالقۇنلاپ تۇرغان قىزغىن ھېسسى-
ياتقا، قايىلچانلىققا ئىگە قىلغىلى، سىمۋوللاشتۇرۇلغان شەيئىلەرنىڭ تىپىك خۇسۇسىيىتىنى كىتابخانلار ئالدىدا روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىتابخانلارنىڭمۇ يازغۇچىنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي - پىكرى ھەققىدە قىزغىن تەسەۋۋۇر قىلىشىنى، ئىزلىنىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

3) سىمۋول بىلەن ۋەكىللىك ئوخشىتىشنىڭ پەرقى

سىمۋولدا كونكرېت نەرسە ئارقىلىق شەيئىنىڭ بەلگىلىك مەنىسى ئىپادە قىلىنىدۇ. ئالايلى، جىن - شەي-
تان تارىختىكى ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ، بوران - چاپ-
قۇن ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ، قىزىل ئىنقىلاب ۋە ئىنقىلاب-

چىلارنىڭ، قارا بۇلۇت قىش - زىمىستان، زۇلۇم، ئازاب ئوقۇبەتلىرىنىڭ، قۇياش تاڭ، ئازادلىق - ھۆرلۈكنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ.

ۋەكىللىك ئوخشىتىشتا بولسا، ئوخشالغۇچى شەيئى كۆرۈلمەي ئوخشىغۇچى شەيئى ئوخشالغۇچى شەيئىنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: «بىر تامچە سۇ كەڭ دېڭىزغا قوشۇلغاندىلا ئۇ مەڭگۈ قۇرۇمايدۇ.»

بۇ مىسالدا ئوخشىغۇچى شەيئى كۆرۈنگەن. ئەمما ئوخشالغۇچى شەيئى (ئادەم) كۆرۈنمىگەن. شۇ سەۋەبتىن سىمۋول ۋەكىللىك ئوخشىتىشقا ئوخشايدۇ. ۋەكىللىك ئوخشىتىش بىلەن سىمۋولنىڭ تۈزۈلۈش ئاساسىدا يەنە مۇنداق پەرقلەرمۇ بار.

ۋەكىللىك ئوخشىتىشتا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ئاساسىي شەرت. بىزنىڭ رولى ئوخشىتىشتىن ئىبارەت. ۋەكىللىك ئوخشىتىشنى ئېنىق ۋە يوشۇرۇن ئوخشىتىشقا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

«لاي پۇتلۇق دېۋىلەر مىجىپ تاشلاندى.»

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»، لاي پۇتلۇق دېۋىلەرگە ئوخشايدۇ.»

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»، لاي پۇتلۇق دېۋىلەردۇر.»

يۇقىرىقى بىرىنچى مىسالدىكى ۋەكىللىك ئوخشىتىش ئىككىنچى مىسالدا ئېنىق ئوخشىتىشقا، ئۈچىنچى مىسالدا يوشۇرۇن ئوخشىتىشقا ئۆزگەرتىلگەن. «تۆت كىشىلىك گۇ-

ۋە» دېگەن ئوخشالغۇچى بىلەن «لاي پۇتلۇق دىۋىلەر» دېگەن، ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق مەۋجۇت. يەنى بۇلارنىڭ ئارىسىدا ساختىپەز، زەئىپ بولۇشتەك ئوخشاشلىق مەۋجۇت. سىمۋولدا بولسا، سىمۋول قىلىنغۇچى (سىمۋول ئاساسى) بىلەن سىمۋول مەنىسى ئوتتۇرىسىدا ھەر خىل باغلىنىش بولۇپ، بۇ باغلىنىش شەيئىلەر ئارىسىدىكى شەكلەن ئوخشاشلىقنى كۆرسەتمەستىن ماھىيەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىقنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

«ئاينى بۇلۇت توسۇپتۇ،
يۇلتۇزلارمۇ ئۆچۈپتۇ.
كۆر ئازابى ئۆلۈكتىن،
تىرىكلەرگە كۆچۈپتۇ.»

(«نۇزۇگۇم» داستانىدىن)

بۇ مىسالدا، «ئاي ۋە يۇلتۇزلار» ئېزىلگۈچى خەلققە، «بۇلۇت» زوراۋان كۈچلەرگە سىمۋول قىلىنغان.

دېمەك، سىمۋولدا «A» شەيئى ئارقىلىق «B» شەيئى كۆرسىتىلىدۇ. يەنى ئاپتور ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن مەقسىتىنى («B» شەيئىنى) تۇرلۇك شەيئىلەرگە يۆتكەپ («A» شەيئى ئارقىلىق) ئىپادىلەيدۇ.

دەرۋەقە سىمۋول بىلەن ۋەكىللىك ئوخشىتىش ئوتتۇرىسىدا قىسمەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان يېقىن مۇناسىۋەتمۇ بار. يەنى بەزى ھاللاردا سىمۋول ئاساسى بىلەن سىمۋول مەنىسى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىقتىن ئىبارەت ھەر خىل باغلىنىش مۇناسىۋىتىمۇ بولىدۇ. شۇ سە-

ۋەبتىن بەزىبىر سىمۋول بىلەن بەزىبىر ۋەكىللىك ئوخشىتىش ئوتتۇرىسىدا يېقىنلىق مۇناسىۋەت كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن، ماكسىم گوركىنىڭ «بوران قۇش قوشىقى» دېگەن ئەسىرى سىمۋوللۇق ئۇسۇلدا يېزىلغان. «بوران قۇش» ئىنقىلابچىغا سىمۋول قىلىنغان. ئىنقىلاب بىلەن بوراننىڭ شىددەتلىك بولۇشتەك ئوخشاشلىقى بولغاچقا، ئىنقىلاب بورانغا ئوخشىتىلغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مانا بۇ خىلدىكى ھەم سىمۋوللۇق مەنىگە، ھەم ئوخشىتىش مەنىسىگە ئىگە بولغان سىمۋولنى ئوخشىتىشلىق سىمۋول دەپ ئاتايمىز. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇنۇ بىر پەرقنى ئەستە چىڭ تۇتۇش لازىم: ۋەكىللىك ئوخشىتىشتا گەرچە ئوخشالغۇچى كۆرۈنمىسىمۇ، ئوخشالغۇچى نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس. ئەمما، سىمۋوللاردا سىمۋول مەنىسىنى ئاسانلىقچە بىلىۋالغىلى بولمايدۇ.

### 4) سىمۋولنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار ۋە سىمۋولنىڭ فورمۇلىسى

سىمۋول — سىمۋول ئاساسى ۋە سىمۋول مەنىسىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن تەركىب تاپىدۇ.

سىمۋول قىلىنغۇچى — سىمۋولنىڭ ئاساسى بولىدۇ.

سىمۋولنىڭ ئاساسى ئىپادىلىگەن مەنە — سىمۋول مەنىسى بولىدۇ. تۆۋەندىكى مىسالغا قارايلى:

«ئۇچۇردۇم شۇڭقار قۇشۇمنى،
ھېچ بىر يەردە دېرىكى يوق،

هەسرەت بىلەن ئۆل سەييارنى،
ئاپماغۇنچە قارارىم يوق.»
(«غېرىب - سەنەم» داستانىدىن)

«شۇڭقار» بۇ يەردە ئىجابىي قەھرىماننىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى بولۇپ، ئۇ سىمۋولنىڭ ئاساسىدۇر. «شۇڭقار» غېرىبجان دېگەن ئىجابىي قەھرىمانغا سىمۋول قىلىنغاچقا، غېرىبجان سىمۋولنىڭ مەنىسىدۇر.

بىز بۇنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنـدۈرۈش ئۈچۈن سىمۋولنىڭ ئاساسىنى «A» بىلەن، سىمۋولنىڭ مەنىسىنى «B» بىلەن بەلگىلەش شەرتى ئاستىدا، تۆۋەنـدىكى مىسالنى كۆرۈپ باقايلى:

«ۋەتىنىمىز ئاسمىنىدا قىزىل بايراق لەپىلـدىدى.»

بۇ مىسالـدا «قىزىل بايراق» غەلىبىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان («A» ئاساس) غەلىبە سىمۋولىنىڭ مەنىسى. («B» مەنە).

سىمۋولـدا پەقەت سىمۋولنىڭ ئاساسـى كۆرۈلىدۇ. مەنىسىنى كىشىلەر ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلىپ بىلىۋالىدۇ.

يەنە ئالايلى، مۇھەممەت ئىمىن غوجامقۇلى (خىرقىتى) ئۆزىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داسـتانىدا ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھىرلىق بىلەن سىمۋوللاشتۇرۇپ ئىچچام، جانلىق ئەكس ئەتتۈردى. پاك قەلبىدە مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان يورۇقلۇق ۋە ئادالەتكە ئىنتىلىش ھېسسىياتىنى، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى، ئېزىلگۈچى جاپاكەش ئام-

ھەمغا بولغان سەممىي مۇھەببىتىنى كۆچلۈك ئىنكاس قىلىپ بەردى. زۇلمەتلىك قارا تۈنگە، ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارغا بولغان قەھرى ـ غەزىپىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، جاھالەت ۋە قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلدى.

«جاھاندا يوق بالا بارى خازەندەك،
شەجەرلەر بەرگىن ئەيلەر زەپىراندەك.
قورۇنۇپ يۈزنى ئالغاي رەڭگى سەبزىن،
«يۈگۈرۈپ جاننى ئالغاي ئاب ـ زەھرىن.»
يەشمىسى:
جاھاندا كۆز بورنىندەك ئاپەت يوق،
(ئۇ) دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى زەپىرەڭدەك سارغايتىدۇ.
ئۇنىڭدىن يېشىللىقنى كۆتۈرۈپ قۇرۇتۇۋېتىدۇ.
ئېزىپ ئۇچۇپ، رەھىم سۈيى بىلەن جاننى ئالىدۇ.

يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر كۆز شامىلىنى ئېكسپىلاتاتورلارغا ۋە ئۇلارنىڭ زۇلمىغا سىمۋول قىلىش ئارقىلىق مۇستەبىت ئۆتمۈش جەمئىيىتىنى ۋە شۇ دەۋردىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى، ئۇلارنىڭ خاپاكەش خەلق ئۈستىگە كەلتۈرگەن ئاپەتلىرىنى يېشىنچاق، ئوبرازلىق جۈملىلەر بىلەن پاش قىلغان. يەنى مىسالدا كۆز شاملى ـ ئۆتمۈش مۇدھىش زامانغا ۋە شۇ زاماندىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى قانخور زالىملارغا سىمۋول قىلىنغان. شۇڭا ئۇ سىمۋول قىلىنغۇچىدۇر. سىمۋول ئاساسىدۇر. «دەرەخ يوپۇرماقلىرى

نى زەپەرنامەدەك سارغايتىدۇ. ئۇنىڭدىن يېشىللىقنى كۆتۈرۈپ قۇرۇتۇۋېتىدۇ. غۇيۇلداپ ئۇچۇپ، زەھەر سېرىقى بىلەن جانىنى ئالىدۇ» دېگەن سىرلار سىمۋولىنىڭ مەنىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېكسپلاتاتور سىنىپلارنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايى-ئاپەتلىرى سىمۋوللۇق يول بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

### 5) سىمۋولنىڭ قوللىنىلىشى

سىمۋولنىڭ قوللىنىلىش ئۇسۇللىرى ئوخشاش بولمايدۇ؛ بەزى ئەسەرلەر باشتىن-ئاخىر سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بويىچە يېزىلىدۇ. يەنە بەزى ئەسەرلەر سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن يېزىلىشتىن سىرت ماۋزۇسىمۇ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولىدۇ. يەنە بەزى ئەسەرلەرنىڭ ماۋزۇسىلا سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى (مۇھەممەت ئىمىن غوجامقۇلى خىرقىتىنىڭ)، «قىشقا بېغىشلاپ» شېئىرى (ئەنۋەر ناسىرىنىڭ)، «بورانقۇش قوشىقى» (ئا.م.گوركىنىڭ)، «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق» (لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ) قاتارلىق ئەسەرلەر سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇسۇلى بويىچە يېزىلغان ۋە ماۋزۇسىمۇ سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغان ئەسەرلەردۇر. «كۆنلەر ۋە تۈنلەر» رومانى، «قار لەيلىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ماۋزۇسىلا سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئەسەرلەردۇر.

سىمۋول ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيان قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ستىلىستىكىلىق ۋاستى-

لەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇر خەلقى ئۆز ئېغىز ئەدەبىياتىدا (بولۇپمۇ قوشاقلاردا) سىمۋولدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇددىئالىرىنى ئىپادىلىگەن. مۇنداق قىلمىغاندا، ئۇلار ئىجتىمائىي شارائىت ۋە تۈزۈم چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى. مەسىلەن:

«ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۈزتتاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بىلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.»

بۇ قوشاقتىكى «ئاھ» خەلقىمىزنىڭ غەزىپىگە، كۈچلۈك قارشىلىقىغا، بىلتىلار ئەزگۈچىلەرگە قارشى ئىسيانكارلارغا سىمۋول قىلىنغان.

«قارا باتۇر بولسا كەلسۇن يېنىمغا،
قەست ئەيلىمەي گۈلۈم سېنىڭ يېنىڭغا.
ئۇستىخانىم تەندە بولسا ئاخىرى،
ھۇقۇشلارنى قوندۇرمايمەن شىخىڭغا.»

بۇ قوشاقتا ئەركىن، ساپ مۇھەببەتنىڭ دۈشمەنلىرى، قاراڭغۇلۇق، ۋەيرانچىلىقنىڭ ھامىلىرى ھۇقۇشقا سىمۋول قىلىنغان.

«ئۇچاق بېشىدا داڭقان،
كۆك مۈشۈك ماراپ ياتقان.
كومىنداڭ تۇلۇم چاشقان،
بىزنى تولا قاقشاتقان.»

يۇقىرىنى تۇشىنتا سىمۋول ۋەكىللىك ئوخشىتىش بىلەن كىرەلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلىپ، خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشپىيونلىرىغا بولغان كۈچلۈك نەپرىتى ئىپادىلىنىلگەن. ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى بەدىئىي ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، سىمۋوللۇق ئەدەبىيات دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى ئىجتىمائىي پىكىرلەرنىڭ كۆپچىلىكى كىشىنى ئىستېتىك تۇيغۇغا ئىگە قىلىدىغان سىمۋوللۇق ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلۇشىدىمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلى-رىنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدا تەبىئەت مەنزىرىسى ياكى باشقا بىر ھالەت تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ كې-يىنكى مىسرالاردا بايان قىلىنغان تۈپ مەقسەتنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

«چىمەننى بەرمەڭ نادانغا،
ئويناپ ئويناپ سۇندۇرار.
بىۋاپا كىشىنىڭ يارى،
قاچان كۆڭلىنى تىندۇرار.

ھاۋانى تۇمان باستى،
ئاينى كۆرگىلى بولماس.
كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى،
يارنى سۆيگىلى بولماس.»

سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى، ۋە ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ داستانلىرىدىمۇ كەڭ قوللىنىلغان. مەسىلەن، شائىر موللا ئەلەم شەھيارى ھىجرىيە 1153-يىلى (مىلادى 1740 - يىلى) يېزىپ چىققان «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدا، ھەققانىيەتكە، ئەركىنلىككە، سەمىي، ساپ مۇھەببەتكە ئىنتىلگۈچى بۇلبۇلدىن ئىبارەت سىمۋولىستىك ئوبرازىنى ۋە ئۇنىڭغا يانداش سىمۋولىستىك ئوبرازلار — سابا بىلەن قىزىلگۈلنى، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ بىر پۈتۈن چىرىك ئەخلاقىي سىستېمىسىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى ھومايۇن، تاۋۇس، شاتۇتى، كەپتەر، قۇمرى، پاختەك، سوپىسوپىياڭ، ھۆپۈپ قاتارلىق سىمۋولىستىك ئوبرازلارنى ماھىرلىق بىلەن يارىتىپ، فېئوداللىزم جەمئىيىتىدىكى ئۆتكۈر سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقنى ئېچىپ بەردى. دېمەك سىمۋولدىن ئىبارەت بۇ سىتىلىستىكىلىق ۋاسىتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئۈنۈملۈك ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ بىرىدۇر. باشتىكى «ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسى توغرىسىدا چۈشەنچە» دېگەن قىسىمدا بۇ توغرىلىق ئالاھىدە توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە قايتا سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز.

سىمۋول دەل، جايىدا ۋە توغرا قوللىنىلسا، ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىشتە، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى ماۋدۇن «سۇۋادان تېرەككە

مەدھىيە» دېگەن ئەسىرىدە، سىرۋاتان تېرەكنىڭ سۈلەت-
لىكلىكى، تۈزلىكى، ساددا ۋە پۇختىلىقى، تىك قەد كۆ-
تۈرۈپ تۇرۇشتەك قەيسەرلىكى ... قاتارلىق ئالاھىدىلىك-
لىرىنى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە، ئېلىمىزنىڭ
شىمالىدا دۈشمەنگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش
قىلىۋاتقان دېھقانلارغا سىمۋول قىلغان. دەرەخلەر ئىچى-
دىكى «ئەڭ سالاپەتلىك ئەر» سوۋادان تېرەك شىمالىي
جۇڭگو تۈزلەڭلىكىدە دۈشمەنگە قارشى كەسكىن كۆرەش-
لەرنى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن
يېڭى جۇڭگو تارىخىنى يېزىۋاتقان دېھقانلارنىڭ سىمۋو-
لىدۇر. تاۋجۇنىڭ «قارىغاينىڭ خىسلىتى» دېگەن ئەس-
رىدىمۇ، ئۇرۇن، شارائىت تاللاپ تۇرمايدىغان، ئۇرۇقى
قەيەرگە چۈشسە، شۇيەردە ئۈنۈپ يىلتىز تارتىدىغان،
قار - شىۋىرغان، بوران - چاپقۇن، ئىسسىق، سوغۇقلارغا
پىسەنت قىلماي مەڭگۈ ياشىرىپ تۇرىدىغان قارىغاينى
جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن بەخت يارىتىش
يولىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىپ، جاپا - مۇشەققەت، ھېرىپ-
چارچاشلاردىن قورقمايدىغان پارتىيىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر
ئەزالىرىغا، ئىنقىلابچىلارغا سىمۋول قىلغان. بۇ ئەسەرلەر-
دىكى سىمۋوللاشتۇرۇش ئۇسۇلى ھەقىقەتەن كىشىنى قا-
يىل قىلىدۇ ۋە كىشىگە ئۇلۇغۋار ئىلھام بېغىشلايدۇ.

سىمۋول ئەسلىدە، كونا ئىجتىمائىي تۈزۈم، شارا-
ئىت تۈپەيلىدىن، يازغۇچىلار ئۈچۈن ئەركىن پىكىر
قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، تەبىئەت-
تىكى ھەر خىل شەيئىلەرنىڭ ۋاسىتىسى (قوللىنىلىشى)

ئارقىلىق غايىۋى مەقسەتنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ستىلىستىكىلىق ۋاستە بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئۈچۈن ئەركىن پىكىر قىلىش، دادىل ئىجاد قىلىش شارائىتى مەيدانغا كەلدى. بۇ شۇ سەۋەبتىن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە سىمۋولغا تايانمايمۇ پىكىر ئوچۇق - ئاشكارا ئىپادىلەنمەكتە. ئۇنداقتا بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە سىمۋولدىن پايدىلىنىشقا بولامدۇ - يوق؟ بىزنىڭچە بولىدۇ. گەپ قايسى مەقسەت، قايسى مەيداندا تۇرۇپ پايدىلىنىشتا. ئەگەر تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئۇلۇغۋار ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش، ھەر خىل ناتوغرا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەرگە خاتىمە بېرىش مەقسىتىدە سىمۋولدىن پايدىلىنىدىكەنمىز ئەلۋەتتە خەلقىمىز ئۇنى قوللايدۇ، قارشى ئالىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، خەلقىمىز ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ. ئۇنى بىردەك ئەيىبلەيدۇ. ئەخمەت ئىمىنىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلىنغان «قەلب سادالىرى» دېگەن نەسرىدە «... مەن ئەتراپقا بېقىۋاتىمەن. يىراق - يىراقلارغا نەزەر سېلىۋاتىمەن، تەبىئەت نېمىدېگەن يېقىملىق، نېمىدېگەن ساپ - ھە! يامغۇر - يېغىندىن پاناھداپ ماكانىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلار بۇلاردىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. تىنجىق ئاپتاپتا

سايە كۆنلۈكى كۆتۈرۈلۈپ، يېشىل كۆزەينەكى بىلەن يەر - جاھاننى ياپيېشىلچىلىق چاغلاپ يۈرگەنلەر ئەمدىلىكتە ھېلىقى كۆنلۈكتىن ساقىۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىدىن ئۆزىنى نەگە قاچۇرۇشىنى بىلمەي جان ھالاكەتچىلىكتە قالدى. ئۇلار بۇ ھالنى تېخىمۇ ھېس قىلالمايدۇ.

يېغىڭلار يامغۇرلار! يېغىڭلار! سىلەر ئىنسان روھىنىڭ لەززىتى. تەبىئەت مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. مەن سېنى ھەقىقىي ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە سېغىنىمەن. مەن سېنىڭ ھەم ساخاۋەتلىك ھەم كارامەتلىك قوينۇڭغا تەلپۈنىمەن ...» دېگەن سىمۋوللۇق ئىبارىلەر ئارقىلىق، سوتسيالىستىك ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. سوتسيالىستىك تۈزۈمىمىزدىن گۇمانلىنىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىۋاتقان بىر ئۇچۇم «رەڭلىك كۆزەينەكلىك كىشىلەر» كۈچلۈك ھەجۋى ئاستىغا ئېلىنغان. دېمەك ھازىرمۇ ئاپتورلىرىمىز پارتىيە ئالدىدا، خەلق ئالدىدا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز ئالدىدا يۈكسەك جاۋابكارلىق پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، سىمۋولدىن پايدىلانسا بولىۋېرىدۇ.

## 3. سېلىشتۇرۇش

### 1) سېلىشتۇرۇش دېگەن نېمە؟

بىر شەيئىنى توغرىسىدىكى بىر - بىرىگە زىت بولغان ئىككى ئۇقۇمنى (چۈشەنچىنى) ياكى بىر - بىرىگە

قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل شەيئىنى بىر يەر-
گە قويۇپ تۇرۇپ بايان قىلىش، تەسۋىرلەش ئارقىلىق،
ئۇلارنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ توغرىنى تېخىمۇ
توغرا، خاتانى تېخىمۇ خاتا قىلىپ كۆرسىتىپ، كىتاب-
خانلارنىڭ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشتىن ئىبا-
رەت ستىلىستىكىلىق ۋاستە سېلىشتۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەر خىل ئەسەرلەردە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قول-
لانغاندا، ئاپتورنىڭ دېمەكچى بولغان مەنىسىنى تېخى-
مۇ روشەنلىشىدۇ. سېلىشتۇرۇلغان ئىككى تەرەپنىڭ بىر
تەرىپى تولىمۇ ئېنىق، تولىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. ياكى بولمى-
سا، سېلىشتۇرۇلغان ھەر ئىككى تەرەپ كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ.

دېمەك، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئۆزىنىڭ تەسىرچانلى-
قى جەھەتتىن ھەر خىل ئەسەرلەردە مۇھىم ئورۇن تۇتى-
دۇ. غەربىي ياۋروپانىڭ بىر بۇرژۇئا تەرجىمھال يازغۇ-
چىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېلىپ، ستالىن بىلەن تارى-
خىي شەخسلەر ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەندە، ستالىن:
«لېنىن گويا بىر دېڭىز، پادىشاھ پېتر بولسا دېڭىزنىڭ
بىر تامچىسىدىنلا ئىبارەت»، — دېگەن ئىدى.

بۇ سېلىشتۇرۇشتا، پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى
لېنىننىڭ ئۇلۇغلۇقى ناھايىتى ئوبدان گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

«... خەت يازغۇچىنىڭ خېتى توغرا بولۇپ، ئۇ بىر
ياكى يۈز بېيىت يازسا، توغرا ئادەملەرنىڭ كۆڭلى دەرھال
ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر خەت يازغۇچىنىڭ خېتى سەت
بولسا، خەتتىكى مەنالار ئوقۇغۇچىنىڭ چۈشەنچىسىنى
مۇجمەللىككە سېلىپ قويىدۇ. خۇشخەت بولۇپ، خېتىدە
خاتا كۆپ بولسا، ئۇنىڭ قولى پالەچكە گىرىپتار بولسۇن...
ئۇ خىل كاتىپلارغا يۈزلەنەت. خېتىمۇ يامان بولۇپ، خاتا-

سىمۇ كۆپ بولسا، ساقىلىنى بوياپ ئالغان قىزغا ئوخشاش، مەسخىرىگە قالىدۇ. ياخشى كۆرگەن كىشىدىن كەلگەن، مەكتۇپنىڭ خېتىمۇ، مەزمۇنىمۇ ياخشى بولسا. تولىمۇ ياخشىلىقتۇر...»

ناۋايىنىڭ يۇقىرىقى بايانىدا، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، گۈزەل خەت ۋە چىۋەر كاتىپنىڭ ئالاھىدىلىكى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن.

«كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ.»

بۇنىڭدىمۇ كەمتەرلىك ۋە مەغرۇرلۇقتىن ئىبارەت بىر-بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل پوزىتسىيىنىڭ ئاقىۋىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى جانلىق تىلدا ناھايىتى كۆپ قوللىنىلىدۇ. بولۇپمۇ ماقال-تەمسىللەر، ھېكمەتلىك سۆزلەردە تېخىمۇ كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «تۇشقاندەك يۈز يىل ياشىغىچە، يولۋاستەك بىر كۈن ياشا»، «كۆز قورقاق، قول باتۇر» دېگەن ماقال-تەمسىللەر ناھايىتى كۈچلۈك سېلىشتۇرمىدىن ئىبارەت بولۇپ، كىشىلەرنى باتۇر ۋە جۈرئەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى يالغۇز جۈملىلەردە ياكى ئابزاسلاردا قوللىنىلىپ قالماي يەنە بىر پۈتۈن ئەسەردە باشتىن-ئاخىرى قوللىنىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ شۇي تىلىنىڭ 60 ياشقا كىرگەن كۈنىگە بېغىشلاپ يازغان خېتى باشتىن-ئاخىر سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدا يېزىلغان. بۇ خەتتە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ شۇي تىلغا بولغان ھۆرمەت ئىھتىرامى،

شۇي تىپىنىڭ ئىنقىلابىنى، قىيىنچىلىقتا تۇتقان پوزىتسىيە-
ئۇنىڭ ئاممىۋى كۆزقارىشى، ئىنتىزامچانلىقى قاتارلىق
تەرەپلەر «بەزى كىشىلەر»، «بەزىلەر» بىلەن سېلىشتۇرۇ-
لۇپ، يولداش شۇي تىپىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى گەۋ-
دىلىك ھالدا ئىپادىلەنگەن.

سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، سېلىشتۇرۇلىدى-
غان نەرسىلەرنىڭ ماھىيەت جەھەتتە بىر - بىرىگە قارى-
مۇ قارشى بولىدىغانلىقىنى ئەستىن زادى چىقارماس-
لىق كېرەك. بۇنداق بولمايدىكەن، سېلىشتۇرۇش ئىمكانى-
يىتى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بۇ ئۇسۇلنى زورمۇ زور
قوللانماسلىق كېرەك. ئەگەر زورمۇ زور قوللىنىدىكەنمىز ئۇ،
ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمەيدۇ. پەقەت سېلىشتۇرۇش مەق-
سىتى ئېنىق، توغرا بولغاندىلا، كىتابخانلارغا نېمىنىڭ
توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ گۈزەل، نېمە-
نىڭ سەت ئىكەنلىكىنى، نېمىنى مەدھىيىلەش، نېمىگە
قارشى تۇرۇش لازىملىقىنى ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

بەزىدە شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدە ياكى شەيئىلەر بىلەن
شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان زىددىيەت يارقىن
سېلىشتۇرۇلۇش ئارقىلىق قىزراشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈ-
لىدۇ. مەسىلەن:

«مەزھەببەت - نەپرەت،
بىر تۇغقان ئەمەس.
لېكىن بۇلارنى،
ئايرىماق تەس.
نەپرەت ھەم لەنەت،

دۈشمەنگە خاستۇر.
دوستقا مۇھەببەت،
ھەرقاچان خاستۇر.
(ل. مۇتەللپ «مۇھەببەت - نەپرەت»)

بەزدە ئككى نەرسنى ياكى بر نەرسننڭ ئككى ئالاھدلكنى، ئككى تەرپنى ئۆزئارا سېلشتۇرۇپ بايان قلىنغاندا، كشلەر ئۇنى كۆرۈپلا پەرق ئېتەلەيدۇ. يەنى ئۇنڭ قايسسنڭ توغرا، قايسسنڭ خاتا ئكەنلكنى پەرق ئېتەلەيدۇ. بۇنڭ بلەن كشلەر ئېنق، چوڭقۇر تەسراتقا، چۈشەنچگە ئگە بولالايدۇ. مەسلەن:

«كشى ئاخرى ئۆلدۇ، لېكن ئۆلۈمنڭ ئەھمىيتى ئوخشاش بولمايدۇ. جۇڭگودا قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن سماچيەن دېگەن بر ئەدىب مۇنداق دېگەن ئدى: «كشى ئاخرى ئۆلدۇ. بەزلەرنڭ ئۆلۈمى تەيشەن تېغدننمۇ قەدرلك بولىدۇ. بەزلەرنڭ ئۆلۈمى ھاڭگرات پېيدننمۇ قەدرسز بولدۇ.» خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆلۈش تەيشەن تېغدننمۇ قەدرلك بولدۇ؛ فاشستلار ئۈچۈن غالچلق قلىپ ئۆلۈش، خەلقنى ئېكسپلاتاتسيە قىلدىغان ۋە ئېزىدىغانلار ئۈچۈن ئۆلۈش ھاڭگرت پېيدننمۇ قەدرسز بولدۇ.»
(ماۋزېدۇڭ «خەلق ئۈچۈن خزمەت قىلايلى»)

ئەدەبىي ئەسەرلەردكى سېلشتۇرۇش، كتابخانلار-

ىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ ئۇلاردا شەيئىلەر توغرىسىدا ئې-
نىق ۋە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ قايىل
قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ھېسسىياتىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈ-
رىدۇ. مەسىلەن:

«چۈشىدۇ يوچۇقتىن قىراۋ ئۈچقۇنى،
تائىبەت بەخشەندە بىزگە بۇ ئاب.
بايلاردا تا عەججە سەيلەر قۇرۇلۇپ.
نەغمە ۋە رەڭكىلار تىزرار جاراڭلاپ.
ئاخىرى ھېرىشىپ ياتىدۇ يەردە،
بايلارنىڭ پۇتىدا دەسسىلىپ ئۆلۈپ.
ئېيتىڭنا بۇلار كىم؟ قانداقچە ئادەم؟
چىدامدۇ چىن يۈرەك بۇ ئىشنى كۆرۈپ.

(«تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى»دىن)

سېلىشتۇرۇشلاردا قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىتابخان ۋە ئاڭلىغۇچىلاردا چوڭقۇر ھەم ئېنىق تەسىرات پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، «غەم يېمەس تېزلىن ۋە تىت - تىت بولۇپ تۇرغان ئىككى بالىلىق بىر ئايال — بۇلار گويا جەڭ قىلغۇچى ئىككى تەرەپ ئىدى.»

(كورولىنكو «دەريا ئوينايدۇ»)

يۇقىرىقى مىسالدا ئوخشاش بولمىغان قارىمۇ قارشى ئىككى خىل ھالەت كۆرسىتىلىپ، بۇ ئىككى خىل ھالەت كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىشىغا ھاۋالە قىلىنغان.

## 2) سېلىشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي شەكلى

سېلىشتۇرۇش ئادەتتە بىر شەيئىنىڭ قارىمۇ قارشى ئىككى تەرىپىنى (ئىككى ئالاھىدىلىكىنى) سېلىشتۇرۇش ۋە بىر - بىرىگە زىت (قارىمۇ قارشى) بولغان ئىككى شەيئىنى سېلىشتۇرۇش دېگەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

بىر شەيئىنىڭ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى تەرىپىنى سېلىشتۇرۇش: بۇ بىر شەيئىي توغرىسىدىكى بىرى توغرا، بىرى خاتا بولغان ئىككى چۈشەنچىنى بايان قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇشتۇر. بۇنداق قىلغاندا قارىمۇ قارشى ئىككى چۈشەنچىنىڭ زىددىيىتى ئارقىلىق ئاپتورنىڭ دېمەكچى بولغان ئوي - پىكرى ناھايىتى روشەنلىشىدۇ. بۇ ماھىيەتتە بىر تەرەپنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپنى ئىنكار قىلىش بولىدۇ. بۇ خىل سېلىشتۇرۇش ئادەتتە ئەكس ئەتتۈرۈش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«سۆگەككە يىلىگ تەگ ئەرەنگە بىلىگ،
ئەرەن كۆركى ئەقىل ئول سۆگەكنىڭ يىلىگ.
بىلىگسىز يىلىگسىز سۆگەك تەگ ھالى،
يىلىگسىز سۆگەككە سونۇلماز ئىلىگ.»

يەشمىسى:

ئادەمدە بىلىم بولۇشى، سۆگەكتە يىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ.

ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا، سۆگەكنىڭ زىننىتى يىلىكتۇر.

بىلىمسىز كىشى يىلىكسىز سۆڭەكتەك كاۋاك بولىدۇ. ھالبۇكى يىلىكسىز سۆڭەككە ھېچكىم قول ئۇزاتمايدۇ.

(ئەخمەت يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»دىن)

«... گەيشا قىزىپ كەتكەن چاغلىرىدا ئۆز ھېسسىياتىغا بېرىلىپ كەتكەن بىلەن سىزۋۇغان چېغىدا پىرانىسمۇ كەڭ ئويلىيالايتتى...»

(لىيوچىڭ «ئىگىلىك تىكلەش ھەققىدە قىسسە»)

«... ئۇلارغا بىرىنچى قەدەمدە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى ،كىمخاب ئۈستىگە گۈل بېسىش ئەمەس،، بەلكى قاتتىق، سوغۇقتا كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىش.»

(ماۋزېدۇڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق»)

يۇقىرىقى مىساللاردا بىر شەيئىنىڭ قارىمۇ قارشى ئىككى تەرىپى، ياكى بىر شەيئى توغرىسىدىكى ئىككى خىل چۈشەنچە ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، شەيئى روشەن ئىپادىلەپ چىقىلغان. ھېسسىيات كۈچەندۈرۈلگەن. بىرىنچى مىسالدا ئادەمدىكى بىلىملىك خۇسۇسىيەت بىلەن بىلىمسىزلىك خۇسۇسىيەت، سۆڭەكتىكى يىلىك بىلەن يىلىكسىزلىك ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان بولۇپ، بىلىمسىزلىك تەنقىد قىلىنىپ، بىلىملىك بولۇشنىڭ ئېسىل خىسلەت ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئىككىنچى مىسال-

دا كەيشانىڭ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى خىل خۇسۇسىيىتى سېلىشتۇرۇلغان. ئۈچىنچى مىسالدا بىر مەسىلە ھەققىدىكى ئىككى خىل چۈشەنچە سېلىشتۇرۇلغان.

بىر - بىرىگە زىت بولغان ئىككى شەيئىنى سېلىشتۇرۇش: بۇ بىر - بىرىگە زىت (قارىمۇ قارشى) بولغان ئىككى شەيئىنى بىر يەرگە قويۇپ بايان قىلىش، تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنى سېلىشتۇرۇشتۇر. مەسىلەن:

«... ئۆتكەن كۈنلەر ئەسكە چۈشسە يۈرەك ئېزىلىدۇ، — دېدى بوۋاي، — يۇرت ئىچى دوزاخقا ئايلىنىپ كەتتى. ئۆلۈم - يېتىم كۆپەيدى، ئاشلىق قەھەتچىلىكى، كەمبەغەل ئامراتلارنىڭ بويىنىغا چۈشكەن سىرتماق بولدى. تۆرەخۇنلاردىن تۈتۈن چىقماس بولدى، دبايىنىڭ قورسىقى توق، قولى بىلەن كارى يوق، دېگەندەك باي بېگىملەر قارنى يېرىلغۇدەك يەپ - ئىچىپ، توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىرىپ كېرىلىپ يۈرۈۋەردى.»

(قېيۇم تۇردى «قىزىل تاغ باتۇرلىرى» 128 - بەت)

«زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.
(ئۇيغۇر خەلق قوشىقى)

يۇقىرىقى مىساللاردا بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى

بولغان ئىككى شەيئى، ئىككى خىل چۈشەنچە ئۆز-ئارا سېلىشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلاردىن كىتابخانلار ناھايىتى ئېنىق ھۆكۈم چىقىرالايدۇ.

سېلىشتۇرۇش ۋاسىتىسىنى توغرا، مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئۈچۈن ئاپتورنىڭ مەيدانى توغرا، كۆزقارىشى ئېنىق بولۇشى، ئىپادىلەپ بەرمەكچى بولغان شەيئىنىڭ قارىمۇ قارشىلىق ماھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇشى ۋە تەھلىل قىلىشى كېرەك.

سېلىشتۇرۇلىدىغان شەيئى ماھىيەت جەھەتتىن پۈتۈنلەي بىر - بىرىگە زىت بولۇشى زۆرۈر. سېلىشتۇرۇش ئەكسىلەش، كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇ كىتابخانلارغا نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامانلىقىنى، نېمىگە مۇھەببەت باغلاپ، نېمىدىن نەپرەتلىنىش كېرەكلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم.

## 4. جانلاندۇرۇش

نەرسىلەرنى ئادەملەشتۈرۈپ ۋە ئادەملەرنى نەرسىلەشتۈرۈپ يېزىشتىن ئىبارەت سىتىلىستىكىلىق ۋاستە جانلاندۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. جانلاندۇرۇش تىلنىڭ ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭدەك كىتابخانلاردا روشەن، جانلىق ۋە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھەقىقىي ئەھۋال بىلەن پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن:

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بېرىلگەن ياز بىلەن قىشنىڭ توقۇنۇشى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى مىساللار جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىدا يېزىلغان شېئىرلارنىڭ نەمۇنىسىدۇر.

«قىش ياي بىلەن توقۇشتى،
قىڭغىر كۆزۈن بەقىشتى.
تۇتۇشغالى يا قىشتى،
ئۇتغالىماق ئۇغراشۇر»

يەنى:

قىش ياز بىلەن توقۇنۇشتى،
قىڭغىر كۆزدە بېقىشتى.
تۇتۇشقىلى يېقىنلاشتى،
ئۈتۈش ئۈچۈن تىرىشتى.

بۇ ئۇسۇل ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزدىمۇ كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«زور باتۇر كىشى تۇۋلايدۇ،
— قارا داغ، بولغىما!
سىماب سېيۇمنى دەپ،
ياۋروپا تىپىرلايدۇ.
پۈتۈن دۇنيا قىمىرلايدۇ،
مىليون ئاراللار ۋارقىرايدۇ.
لاۋا ئاتسۇن ئىككىنچى يانارتاغ سېپىي دەپ.»

(ل. مۇتەللىپ «يانار تاغلار»)

يۇقىرىقى شېئىردا قىمىرلاش، ۋارقىراش، تىپىرلاشتەك
ئادەمگە خاس خۇسۇسىيەت نەرسىلەرگە (دەريا، ياۋروپا، پۈتۈن
دۇنيا ...) كۆچۈرۈلۈپ، ئۇلار جانلاندۇرۇلغان.

«يېللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرمەن ئۆلۈمنى.
قېرىتمەن دەپ ئارتۇق كۆڭۈل بۆلمە،
ئاخىرقى جەڭگە ئاتاپ قويۇرمەن ئىرغلۇمنى.»
(ل. مۇتەللىپ «يېللارغا جاۋاب»)

يۇقىرىقى بىر كۇپلېت شېئىردا «مەيدىسىنى تۇ-
تۇش»، «قاقاقلاپ كۈلۈش»، «كۆڭۈل بۆلۈش» قاتارلىق
ئادەملەرگە خاس خۇسۇسىيەتلەر يېللارغا كۆچۈرۈلۈپ،
بۇ ئارقىلىق شائىر ئۆزىنىڭ زۇلمەتلىك كونا دۇنيانى
ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدىكى جەڭگىۋار كۈرەش ئىرادى-
سىنى ناھايىتى جانلىق ئىپادىلىگەن.

جانلاندۇرۇش سىياسىي - نەزەرىيىۋى ماقالىلەردىمۇ
قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«... بۇ يەردە دوگمىچىلىق دەم ئالسۇن دېيىلىۋات-
سا. بەزى يولداشلار ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزماقتا...»
(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3- توم، 1528- بەت)

يۇقىرىقى مىسالدا دوگمىچىلىقتىن ئىبارەت ئابستىرا-
كت چۈشەنچە (نەرسە) ئادەم سۈپىتىدە جانلاندۇرۇل-
غان. جانلاندۇرۇش ئىككى خىل بولىدۇ:
بىرى ئادەملەشتۈرۈش، يەنە بىرى نەرسىلەشتۈرۈش.

ئادەملەشتۈرۈشتە جانلىق ھەم جانسىز نەرسىلەر ھاكى ئابستراكت چۈشەنچىلەر ئادەم قىلىپ يېزىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل دائىم دېگۈدەك ئوخشىتىش قاتارلىق ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن گىرەلىشىپ كېلىپ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئەرقىلىق ھېسسىياتنى تو-لۇق ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. كىشىلەر ئاپتورنىڭ ھېسسىياتىنى ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ. تىلنىڭ جانلىقلىقىنى ۋە ئوبراز-لىقلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، كىشىلەر تەسەۋۋۇرىغا ناھا-يىتى زور ئىلھام بەرگىلى بولىدۇ.

جانلاندۇرۇشنىڭ ئادەملەشتۈرۈش شەكلىدە جان-سىز نەرسىلەرنى ئادەملەشتۈرۈش، جانلىق نەرسىلەرنى ئادەملەشتۈرۈش ۋە ئابستراكت ئۇقۇملارنى ئادەملەش-تۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئەھۋال ئۇچرايدۇ.

«قۇياش تېخى بۇلۇتلارنى يېرىپ چىقالماي تۇر-ھان، ھەتتا ھاۋامۇ ھالسىرىغان ئىدى.»

(«ئۇشۇن دېڭىزقاش»)

«بىز رېستوراندىن چىققاندا كۆزىمىزگە پارلانغان باشقىچە بىر دۇنيا كۆرۈندى. ئالدىمىزدا ئۇپۇققا تۇتاش-قان كۆپكۆك دېڭىز سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئاسمان زۇمرەتتەك سۈزۈك ئىدى. رېۋىلانىڭ تەبىئىي مەنزىرى-سى، ئەلۋەتتە سىزگە تونۇش. ئۇ يەرنىڭ گۈزەل مەنزى-رىسى ئادەمنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ. تۇپتۈز كەتكەن دالىلىرىدا رەسىملەردىكىدەك خىلمۇخىل رەڭ-لەر بىلەن چېكىلگەن تۈرلۈك مەنزىرىلەر كۆزىمىزگە

تاشلىنىپ، ئۇيقۇردا ياتقان شەرق گۈزەللىرىدە بولىدىغان بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسىنى بەخش ئېتىدۇ. لېكىن بەزى چاغلاردا سىز — بۇنداق چاغلار ناھايىتى ئاز ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ — نازىنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كەڭ يېيىپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ رەڭگى كېلىپ، كىشىلەرنى يېنىغا چاقىرىۋاتقاندەك قىياپەتتە تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئويغانغانلىقىنى تەبرىكلەپ تۈرلۈك — تۈمەن گۈللەرنىڭ ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى، دالىنى خىلمۇخىل رەڭلەردىكى مەۋجۇداتلارنىڭ خۇشاللىق قىقاسلىرى بىر ئالغانلىقىنى، بۇ شادىمانلىقلارنىڭ قىزىدىن تەپتىدىن كائىناتنىڭ ئوت كەبى قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز. شۇ كۈنىمۇ تەبىئەت يۈرەكنى ئويغىتىپ ھاياجانغا سالىدىغان مۇشۇنداق بىر مەنزىرىگە كىرگەن بولۇپ، كېچىدە ياغقان شىددەتلىك يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇلغان كوچىلار ئەينەكتەك يالتىراپ كەتكەن. ئاسمان بۇلۇتتىن خالى، كۆپكۆك. خىلمۇ خىل دەلدەرەخلەر تېخىمۇ قېنىق يېشىللىققا پۈركەنگەن. دۇنيادىكى ھەممە رەڭلەر ئىپادىلىنىپ تۇرغان گۈللەر بەس - بەستە ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. تۆت ئەتراپتىكى تاغلارمۇ ئۈستىدىكى تونلىرىنى يەڭگۈشلەپ، ئوچۇق ھاۋا خۇددى گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن بۇ كىچىك شەھەرنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن يىراقتىن كەلگەن مېھماندەك شەھەرگە قاراپ قەدىلىپ تۇرۇشقان ئىدى.»

(«دۇنيا ئەدەبىياتى» 1984 - يىل، 4 - سان «بىر
ئايالنىڭ 24 سائەتلىك سەرگۈزەشتىسى»)

توي ۋە تەنتەنە،
پۈتۈن ئۆلكەمدە.
مەيدانلار تامان،
پۈركەنگەن گۈلگە.

يېشىل دەرەخلەر،
چاۋاكلار چېلىپ.
كۆلگەن تەبىئەت،
ئىلھام كۆككۆلگە.

(ئەلقەم ئەختەم «داھىيغا تەشەككۇر»)

يۇقىرىقى مىساللاردا جانسىز نەرسىلەر ئادەملەشتۈ-
رۈلگەن، يەنى قۇياش، ھاۋا، بۇلۇت، تاغ - دەريالار،
ئورمان - جاي، تەبىئەت مەنزىرىلىرى قاتارلىق مەۋجۇت
شەيئىلەرگە ئادەملەردىكى ئىدىيە، ھېسسىيات، تۇيغۇ ۋە
ھەرىكەتلەر چېتىلىپ، ئۇلاردا جانلىق نەرسىلەرگە خاس
بولغان پائالىيەتلەر گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ، ئادەملەش-
تۈرۈشنىڭ بىرىنچى خىل شەكلىدۇر.
ئادەملەشتۈرۈشنىڭ ئىككىنچى شەكلى جانلىق نەر-
سىلەرنى ئادەملەشتۈرۈشتۇر.
«ئۆرۈلۈپ كەتكەن شىپائىنىڭ تۈۋىدە يەنە بىر
تۈپ تاغ ئىرغىيى تۇردۇ. ئۇنىڭ قار بىلەن قاپلانغان

قويۇق يېشىل يوپۇرماقلىرىدا ئون نەچچە قىزىل گۈل ۋاللىداپ، خۇددى چوغدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گويا ئۇ يىراق سەپەرگە ئاتلانغان ساياھەتچىلەرنى مەسخىرە قىلغاندەك غەزەپ ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن قارىغاندەك تۇراتتى.»

(لۇشۇن «تېگىزفاش»)

«كەنتىمىزدە يولنىڭ بويىدا،
ئۆستى ياندىش ئازغان ھەم تېرەك.
نەۋ باھاردا ياشناپ ئۇلارنىڭ—
ئۆسۈشلىرى بولمىدى بىردەك.
تېرەك ئېگىز ساما قۇچاقلاپ،
نەتا سۇدۇپ بولدى باراقسان.
پاخماق بولۇپ قالدى تۇۋىدە،
پاكار بويلۇق ھەسەتخور ئازغان.
ئۆسكىنىگە تېرەكنىڭ ئېگىز،
ئازغانجاننىڭ غەزىپى كېلىپ؛
دېدى: «ئاكاڭ تۇرغاندا سېنىڭ —
بويۇڭ مەندىن كېتەرمۇ ئېشىپ؟!»
يوق ئەمەستۇر تۇرمۇشىمىزدا،
«ئازغان»جانلار، كۆرەلمەيدىغان،
ئېگىز ئۆسۈپ، يوغان چامدىسا،
ئۇنداقلارنى كۆرەلمەيدىغان.»

(ئۆمەر ئوسمان «ئازغان بىلەن تېرەك»، «قەشقەر گېزىتى» 86 - يىل، 20 - دېكابىر)

«ۋاق - ۋاق،
قۇياشتەك ئاپئاق:
بىر تۇخۇم تۇغدۇم،
قېنى قاراپ باق.
ۋاق - ۋاق...
قۇياشتەك ئاپئاق:
بىر تۇخۇم تۇغدۇم،
ئالەمدىن چوڭراق.
كىم تۇغالايدۇ؟
مېنىڭدەك شۇنداق.»

(ئابابەكرى «مىكىيان ناخشىسى»، «قەشقەر گېزىتى»
1986 - يىل، 1 - نويابىر)

يۇقىرىدا ئۈچ مىسال كەلتۈردۇق. لۇشۈننىڭ «تېمىرقاش» ئەسىرىدىن ئېلىنغان پارچىدا تاغ ئىرغىيى، قىزىلگۈل، «ئازغان بىلەن تېرەك» دېگەن شېئىردا ئازغان بىلەن تېرەك، «مىكىيان ناخشىسى» دېگەن شېئىردا مىكىيان قاتارلىق جانلىق نەرسىلەر ئادەملەشتۈرۈلگەن.

ھاياتىم باھارى، يازى ھەم كۈزى،
ئالەمدىن ئۆتتۇشتى كۈلۈپ ھەم يىغلاپ.
ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرى - زىمىستان قىشى،
ھويلامنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ ماراپ.

شۇ سەۋەب مۇڭلىنىپ چۆكسەم خىيالغا،
چىن مېھنەت، نۇر ئەقىل، باھاسىز ۋىجدان.

مۇھەببەت ھەم نەپرەت ئەلچىسى گويا،
كېلىشتى ئالدىمغا تارتىشىپ پىغان.»
(تۇرغۇن ئالماس «ئىنسان خىسلىتى»)

يۇقىرىقى شېئىردا: ئادەمنىڭ ھاياتى باھار، ياز، كۈز، قىشقا ئوخشىتىلىپ ئەخىرى بۇ ئابستراكت چۈشەنچىلەر بىراقلا جانلاندۇرۇلۇپ ئادەملەشتۈرۈلگەن. يەنى ئادەمدىكى مىراشتىن ئىبارەت ھەربىكەت باھار، ياز، كۈز، قىشقا كۆچۈرۈلگەن. ئىككىنچى كۇپلېتتا چىن مۇھەببەت، ئەقىل، ۋىجدان دېگەن ئابستراكت چۈشەنچىلەر جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە ئادەملەشتۈرۈلۈپ، (ئەلچى قىلىنىپ)، ئادەمدىكى پىغان تارتىشىپ كېلىشتەك خۇسۇسىيەت بىلەن تەسۋىرلىنىپ كونكرېتلاشتۇرۇلغان.

ئادەملەشتۈرۈش باللار ئەدەبىياتىدا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. چۈنكى باللار ئەدەبىياتى ژانىرى ئارقىلىق ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە كوممۇنىستىك ئەخلاق تەربىيىسى، ئىلىم ـ پەن تەربىيىسى، سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تەربىيىسى، ھەر خىل ناچار قىلىق، ناتوغرا ئىدىيىلەرنى چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا، نەرسىلەرنى ئادەملەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ۋاسىتە زۆرۈر رول ئوينايدۇ. باللار ئۈچۈن يېزىلغان بەزى ھېكايىلاردا ھايۋانلار بىر ـ بىرى بىلەن سۆزلەشتۈرۈلىدۇ. دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئاسراش تەربىيىسى بېرىشنى مەقسەت قىلىدىغان پارتا ـ ئورۇندۇقلار سۆھبىتى، دەل ـ دەرەخلەر

سۆھبىتى قاتارلىق مەخسۇس تېمىلاردىكى ھېكايە، شې-
ئىرلار بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

بىز تۆۋەندىكى «دەپتەرلەرنىڭ سۆھبىتى» دېگەن شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى.

«بىر كۈن جىمجىت كېچىدە،
ئىش ئۈستىلى ئۈستىدە.
سۆھبەت بوپتۇ ئۆزئارا،
دەپتەرلەرنىڭ ئىچىدە.

بۇ دەپتەرلەر زوق بىلەن،
بىر دەپتەرنى ماختاپتۇ.
ھەممە بىردەك ئۇنىڭدىن،
شۇنداق سوئال سوراپتۇ.

«سۆزلەپ بېرىڭ دوستىمىز،
سەندە بەك زور ئۆزگىرىش.
ناچار ئىدىڭ ئىلگىرى،
تاپتىڭ قانداق يۈكسىلىش؟»

شۇ چاغ كۆركەم بۇ دەپتەر،
ئۆز سۆزىنى باشلاپتۇ.
ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى،
ئوتتۇرىغا تاشلاپتۇ.

«بۇرۇن ئىگەم سەمەتجان،
بەكمۇ بەتباش شوخ ئىدى.

ئۇنىڭ ياخشى ئۆگىنىش،
مەقسىتىمۇ يوق ئىدى.

تاپشۇرۇقنى ئىشلەيتتى،
باشقىلاردىن كۆچۈرۈپ.
ئۆز پېتىمۇ يازالماي،
قالايمىقان ئۆچۈرۈپ.

يازار ئىدى ئېگىز - پەس،
قۇرلىرىمغا قارىماي.
ۋارىقىمنى يىرتاتتى،
يازغانلىرى ياراماي.

قوشۇلاتتىم سىنىپتا،
دەپتەرلەرنىڭ سېپىگە.
لېكىن چىقىپ قالاتتىم،
ئۇستەلنىڭ بىر چېتىگە.

خاتا جايىنى تۈزىتىپ،
زېرىكمەيتتى مۇئەللىم.
كۈندە سۆزلەپ سەمەتكە،
تېرىكمەيتتى مۇئەللىم.

تەنقىدلىنىپ ھەمىشە
قايتۇرۇلسام ئۇنىڭغا،

پەرۋا قىلماي سەمەتجان،
كېتەر ئىدى ئويۇنغا.

قاراڭ بۈگۈن بەتلىرىم،
شۇنچە رەتلىك يېزىلغان.
ھەر قېتىمدا يۈز نومۇر،
مەرۋايىتتەك تىزىلغان.

ئىنگەم سەمەت بەكمۇ تېز،
بەگباشلىقنى تاشلىدى.
ئاق قەغەزدە سىرتىمنى،
بىر چىرايلىق تاشلىدى.

ئىشخانىغا شۈگۈلاشقا،
كۆندە خۇشال كىرىمەن.
رازى بولغاچ مۇئەللىم،
شادلىنىمەن كۈلىمەن.

ئاڭلاپ بۈنى دەپتەرلەر،
سەمەتجاننى ماختاشتى.
بۇ دەپتەرنىڭ كۆكسىگە،
قىزىل گۈللەر تاقاشتى.

(تەھەر ھاشىم «باشلانغۇچ مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى»دىن)

نەرسىلەشتۈرۈش: بۇ جانلىق نەرسىنى يەنى ئادەمنى نەرسە ياكى ھايۋانلار قىياپىتىدە يېزىش دېمەكتۇر.

بۇ ئۇسۇل كۆپىنچە ھەجۋى ئەسەرلەردە قوللىنىلىدۇ. لېكىن، ئادەملەشتۈرۈش ئۇسۇلىدەك كۆپ قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:

«بىر زاماندا مۇھىت سۈيى چايقاپ - چايقاپ،
ئاتقان ئىكەن بىر پاقىنى چەتكە تاشلاپ.
ھەيرانلىقتا ئۇ بىچارە مەيۇس پاقا،
يول ئىزدىسىپ كېتىپ قاپتۇ باشقا ياققا.
كەڭ مۇھىتنى قەيەردە دەپ ھەسرەتلىنىپ،
قاتتىق ئەلەم ئورىۋاپتۇ غەمگە سېلىپ.
يۈرەر ئىكەن ھامان مۇھىت سۈيىن ئىزلەپ،
بوران - چاپقۇن توسار ئىكەن ئۇنى يۈزلەپ.
بىرنامەستىن مۇشەققەتكە يۈرگەندە ئۇ.
تۈن كېچىدە يولۇقۇپتۇ كىچىك بىر سۇ،
مۇھىتتىن بىر قولتۇق دېگەن گۇمان بىلەن.
سەكرەپ چۈشتى شۈكرى ئېيتىپ زابان بىلەن،
چۈشۈپ باقسا مۇھىت ئەمەس قۇدۇق ئىكەن.
سۈيى سېسىق بۇسى يامان بوزۇق ئىكەن،
چىدىيالماستىن يېلىنىپتۇ خۇدايىغا.
ئىجابەتلىك تەلەپ قىلغان دۇئايىغا،
كېچە - كۈندۈز قۇرۇماپتۇ يىغلاپ كۆزى.
ئەلەم بىلەن سارغىيىپتۇ گۈلدەك يۈزى.
بۇندىنمۇ بىر مىسكىن پاقا ياشار ئىكەن.
«غەنىمەت» دەپ قۇدۇق سۈيىن ئاشار ئىكەن.

«مۇساپىرنىڭ قىلغان يىغا ـ زارىنى ئاڭلاپ،
كەپتۇ يۈگۈرۈپ بىچارىنىڭ ھالىنى سوراپ،
«بۇ كەڭ جاھان نىچۈن ئاڭا پاتماس جانىسەن؟
شۈكرى ئېيتماي ئۇ، نىمەتكە بەك نادانىسەن!»
«يامان سېسىق ئىكەن بۇ جاي ھەم تارچىلىق،
ھۆكۈم سۈرەر ئىكەن دائىم ئاچارچىلىق،
مۇھىت دىگەن كەڭ جاھاننىڭ پەرزەنتىمەن.
مىليون ـ مىليون يۇرتداشلارنىڭ دىلبەندىمەن.»
بۇنى ئاڭلاپ قۇدۇقتىكى مىسكىن پاقا.
«ئەي مۇساپىر كۆزۈڭنى ئاچ؟ باق بۇياققا
دەپ قۇدۇقنىڭ بۇلۇڭىغا بارماق تىرەپ،
مۇھىتىڭنىڭ سۈيى شۇنچە كىبلەمدۇ؟ — دەپ،
قىچقىرىپتۇ: — ئەي مۇساپىر كەل!» دەپ ئۇنى.
كۆرسىتىپتۇ بىر پىيالە مىقدار سۈنى.
مېھمان پاقا دەپتۇ: «مۇھىت كەڭ بىر جاھان.
بۇ قۇدۇقتەك كۈن نۇرىدىن ئەمەس پىنھان.»
بۇنى ئاڭلاپ مىسكىن پاقا بوپتۇ خاپا.
نەسەھەتلىك سۆزلەر بىلەن قىپتۇ تاپا.
— بۇندىنمۇ چوڭمۇ سۇ بولامدۇ؟ بۇ ـ قۇرۇق گەپ.
ساراڭ، سەن كۆپ سۆزلەيسەن ئەي بىئەدەب.
مۇندىن ئارتۇق لەززەتلىك سۇ نەدە بولسۇن؟
ياقمىغانلار دىلى دائىم غەمگە تولسۇن.»

× × ×

غېرىب پاقا كۆرگىنى شۇ كىچىك قۇدۇق،

ئەتراپىدىن كۆرۈنمىگەچ ھېچ بىر يورۇق،
ئىشەنمىگەن مۇھەببەت دېگىنىز بارلىقىغا.
ئىمان ئېيتماس تەبىئەتنىڭ يارلىقىغا.

× × ×

مېنى سورىساڭ بۇرۇن تاشلاپ تار قۇدۇقنى،
كۆرۈپ قالدىم مۇھەببەت ئوخشاش كەڭ يورۇقنى.
دىلىم مۇھەببەت لەززىتىنى تېتىپ قالدى،
تار قۇدۇقنىڭ ئىشقى دىلدىن كېتىپ قالدى.
دېمەك قۇدۇق تۈۋىدە بىر مىسكىن پاقا.
كۆركىرايدۇ «كېلىڭ!» دەيدۇ ئۈشبۇياققا.
«سىز كۆركىراپ مېنى ئېلىپ بارالمايسىز،
ئىنشائاللا ئەمدى قىلتاق قويالمايسىز.
بۈگۈنكى كەڭ مۇھەببەتتە مەن ئۈزگىنىمدە،
ئەركىن ھايات بەزمىسىنى تۈزگىنىمدە.
بارالمىسەن تار قۇدۇققا جاۋاب مانا.
چۈشمىسەمەن ئۇ سېسىق قۇدۇق ئىچرە يەنە.
دىمىغىمدا ھازىرمۇ بار سېسىق بۇيى،
كۆرمىسەمۇ ئېسىمدىدۇر «تىنىق» سۇيى.
تەنلىرىمدە زەھەرلەنگەن ئىز تېخى بار،
ئەركىنلىكنى سېتىش ماڭا نومۇس ۋە ئار.
ماڭا سىڭمەس سىزگە سىڭگەن ئۇ سېسىق سۇ،
شۇنچە بولار جەھەننەمدىن چىقىشىمۇ ھو.
قۇلاق سېلىڭ نىمشىھىتتىن بۇدۇر جاۋاب!

سىزن كۆركىراپ تاپالماسىز پەقەت ساۋاپ.»

(«جاۋابىم» لىمشىبىھت)

1947 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن «ئىسلام دىنىنى ھىمايە قىلىش» نىقابى بىلەن بىر ئەكسىيەتچى تەشكىلات قۇرۇلغان ئىدى. بۇ تەشكىلات ئۆزىگە تارتىش مەقسىتىدە، شائىرغا خەت يازغان. شائىر لىمشىبىھت ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بۇ ھىيلە - نەيرىڭىنى ۋاقتىدا تونۇپ يېتىپ، يۇقىرىقى ھەجۋى شېئىرنى يازغان. ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنى سېسىق قۇدۇققا ئوخشاتقان ۋە بۇ تەشكىلات ئەزاسىنى «مىسكىن پاقا» دەپ نەرسىلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، ئازادلىققا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن ۋە گومىنداڭچىلارنى، جاھالەتلىك زامانىنى قاتتىق پاش قىلغان.

يولداش ليۇشاۋچى ئۆزىنىڭ «كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىلىنىشى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ نەرسىلەشتۈرۈشتىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ئۇ، «ئىزوپ مەسەللىرى»دىن مۇنداق بىرىنى ئىشلەتكەن:

«بىر شەپەرەڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەندە ئۇنى — ئاغمىخان تۇتۇۋاپتۇ. شەپەرەڭ جېنىنى تىلەپتۇ. ئاغمىخان «مەن ئەزەلدىن قۇشلارغا ئۆچ، سېنى قويۇپ بەرمەيمەن» دەپتۇ. شەپەرەڭ «مەن قۇش ئەمەس، چاشقان» دېگەندىن كېيىن ئاغمىخان ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ. شەپەرەڭ كېيىن يەنە يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇنى باشقا بىر ئاغمىخان تۇتۇۋاپتۇ. شەپەرەڭ «مېنى يېمە» دەپ يېلىنىپتۇ. ئاغمىخان «مەن چاشقانلارنىڭ

ھەممىسىگە ئۈچ» دېگەندە، شەپەرەڭ «مەن چاشقان ئەمەس شەپەرەڭ» دەپتۇ. ئاغمىخان ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ شەپەرەڭ ئىككى قېتىم ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ.»

يولداش ليۇشاۋچى بۇ ئارقىلىق پارتىيىگە كىرىۋالغان «ئېشەك دېسە ئېشەك ئەمەس، ئات دېسە ئات ئەمەس»، «يېزىملاق تاۋۇز»، «جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغان پىرسەتپەرەسلەر ۋە سىياسىي دەللاللارنى» ئەنە شۇنداق سۈرەتلىگەن ئىدى. بۇ نەرسىلەشتۈرۈشنىڭ جانلىق مىسالى.

يەنە تەلئەت ناسىرنىڭ «قار لەيلىسى» دېگەن شېئىرىمۇ جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ نەرسىلەشتۈرۈش شەكلىدە يېزىلغان. مەسىلەن:

«قار لەيلىسى ئېچىلىپتۇ قەھرىتاندا تاۋلىنىپ،
جۇت بوران، ئازغىن تۇماندا شۇنچە تەمكىن تۇرقىدا.
قىلچىمۇ راھەت – ھالاۋەتتىن تاماسى يوق ئۇنىڭ،
بىر ئۆمۈر جەلىپ قىلار كۆڭۈلنى شۇ بىر خىلقىدا.
ئۇ تۇرار ئېگىزدە كەم چوققىلارنىڭ ئۈستىدە.
بوي تالاشماس كۆك بىلەن، ھۆسنىن تالاشماس گۈل بىلەن.
يىلتىزى تاشنى يارار، بەرگى زىمىستاندا لاۋا،
تۇرىدۇ ياشناپ ھەمىشە كارى يوق جۇدۇن بىلەن.»

يازغۇچىلار نەرسىلەشتۈرۈشتىن پايدىلانغاندا ئادەملەرنى نەرسىلەرگە ۋە ھايۋاناتلارغا ئوخشىتىپ يېزىش

ئارقىلىق كىشىلەردە كۈچلۈك ئىپسىيات، تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن:

«...«قارا خەنجەر» سىزسىز، شورلۇق ۋە كىشى ياشىمايدىغان بىر باياۋاندا ياشايدۇ. ئۇ قىزمدا شۈڭگۈپ يۈرىدىغان، تۇتتىلى بولمايدىغان كەسلەنچۈكتەك. ياكى قومۇشلۇقتا سۆرىلىپ يۈرىدىغان يىلاندەك چاققان، ئۇنىڭغا ئىچكىمىنىڭ قولى يەتمەيدۇ. ئۇ بولسا ھەممە يەردە تەييار...»

«...«قارا خەنجەر» دۈشمەننىڭ ئارقىسىغا چۈشكەن تۇن كۆلەڭگىسى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى تۇركمەن، — «قارا خەنجەر»، قىساس خەنجىرى، غەزەپ نەيزىسى، قىساس قىلىچى، «قارا خەنجەر» ھازىر يالغۇز، ئۇنىڭ يا ئوغلى، يا ئاكا - ئۇكىسى يوق...»

(ۋ. گ. يان «چىڭگىزخان» رومانىدىن)

بۇ مىسالدا زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان خەلق پەرزەنتى «قارا خەنجەر» ھايۋانلارغا ۋە نەرسىگە تەڭلەشتۈرۈپ يېزىلغان.

جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى شېئىرىيەتتە قوللانغاندا ئۇ، ئۇستۇرۇش خاراكتېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا شائىر ئالدىنقى مىسرالاردا ئىپىتىلغان ئوي - پىكىرنى كېيىنكى مىسرالاردا تېخىمۇ كۈچەيتىپ جانلاندۇرۇپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

«مۇھەببەت سۆزىنى يارىنى سۆيمەك،
دېيىلسە بولىدۇ دىگىزدىن تامچە.

مۇھەببەت ۋەتەننىڭ يولىدا ئۆلمەك،
دېيىلسە قاقاقلاپ كۈلمەن شۇنچە.»
(ت. ئالماس «ئىنسان خىسلىتى»)

جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى شېئىرىيەتتە سۈپەتلەش خاراكتېرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بىزنىڭدا شائىر تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەقە ياكى ھادىسىلەرنى كىتابخانىغا روشەن كۆرسىتىپ بېرىپ ئۇلاردا ھاياجانلىق ھېسسىياتنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئاي مۆكۈپ يۇلتۇزلار ئۈركۈپ قاچقاندا،
تەبەسسۇم پەردىسى ئوتقاش چوغلاندى.
شەرق قىزى يۈزىگە ئەگلىك ياققاندا،
گۇگۇملۇق مومىيى يىراق قوغلاندى.»
(ت. ئالماس «تاڭ سەھەر»)

جانلاندۇرۇش ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ناھايىتى كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

«زوركىنىڭ باشىغا چىقسام،
كۆرۈندى قۇمۇل تاغلىرى،
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
سىرىلدى سەرۋەك تاغلىرى.»

بىز بۇ قوشاقنى ئاڭلىغىنىمىزدا ئۆتمۈشتە زۇلۇم دەستىدىن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان (پالانغان) ئايرىلىش پىراقىغا چىدىماي زوركى تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، يى-

راقتىن يۇرتنى كۆرۈپ سېغىنىش ئوتىدا يۈرەك باغرى خۇن بولغان، كۆزلىرىدىن قانلىق ياش تۆكۈلۈۋاتقان بىر دەردمەن كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇ قوشاقتىكى «سىرلىدى» سۆزىنىڭ جانلاندۇرۇش رولى ناھايىتى چوڭ. «سىرىلدى سەدىۋەك تاغلىرى» دېگەندە بىزگە تاغ بىر تۇرۇپ ئاشۇ دەردمەننىڭ ئاھ - زارىغا چىدىماي، ئىچى سىرلىنىپ كېتىۋاتقان مۇڭداش - ھېمداش ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ. بىر تۇرۇپ ئاشۇ تاغ ئېرىپ، دەردمەننىڭ قان ياشلىرىغا قوشۇلۇپ، ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ ئوبرازلىق پىكىرنىڭ دەردنى چۈشەندۈرگەن ئادەمگە نەقەدەر چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

بىر يىراق يەرگە كېتىۋاتقان، قايتىپ كېلىش مۇشكۈل بولغان، قەدىردانىدىن ئايرىلىشقا قىيمىغان ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەنگەن مۇنۇ قوشاقنى ئاڭلاپ باقايلى:

«كەتسىلە كەلمەيدىلا.
ياغلىقلىرى قالسۇن ماڭا.
يىغلىسام ياشىمنى ئېرتاي،
ھەمراھ بولۇپ تۇرسۇن ماڭا.»

بۇ مىسرالار «ماڭا يادىكار قالدۇرغىن» دېگەن پىكىرنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى. بۇ يەردە قەدىردان مەھبۇبلار مۇناسىۋىتىدىكى بىر ئادەت بولغان ياغلىق قالدۇرۇش ۋاستە قىلىنىپ، ناھايىتى چوڭقۇر لىرىك ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن. بۇ جايدا سىمۋول جانلاندۇرۇش بىلەن

گىرەلەشكەن بولۇپ ياغلىق ئادەمدەك جانلاندۇرۇلغان.
جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى ھېسسىيات تازا كۈچەيگەندىلا ئاندىن قوللىنىش لازىم ۋە ئۇنى ھېسسىيات بىلەن چىڭ بىرىكتۈرۈش لازىم. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق مۇئەييەن بىر ئىدىيىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىمىز ئۈچۈن قالايمىقان قوللىنىشقا بولمايدۇ.
يەنە جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان چېغىمىزدا ئۇنىڭ نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىشىگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

## 5. سۈپەتلەش

ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ، ۋەقە -ھادىسىلەرنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنى، تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى، سۈپەتلىرىنى ۋە ھالەت - ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى ئېنىق، روشەن، گەۋدىلەندۈرۈپ سۈرەتلەپ بېرىشكە ياردەم بېرىدىغان ستىلىستىكىلىق ۋاستە سۈپەتلەش دەپ ئاتىلىدۇ.
سۈپەتلەش تەسۋىرلىنىۋاتقان ئادەم ۋە نەرسىلەرنى، ۋەقە - ھادىسىلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا روشەن كۆرسىتىش، ئاڭلىتىش ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلاردا ھېس - ھاياجان ئويغىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مەسىلەن:
«بىز مەجنۇنتاللىق يول بىلەن قىپقىزىل كۆلگە ئورالغان لەمپىلىك پەشتاققا قاراپ ماڭدۇق. سۈپسۈزۈك سۇنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشى، چىرايلىق قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايرىشى،

ۋە ياپيېشىللىق ئىچىدىكى ساپ ھاۋا كۆڭۈلنى ياشار-
تاتتى. بىز قەپىزدىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈللۈكنى
ئايلىنىپ كىچىككىنە ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇق. ئېھتىمال
بۇ ئىككىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆھبىتىمىز بولسا كېرەك.
ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتتى - دە ئۆزىگە تارتتى. مەن ئۇ-
نىڭ كۆكسىگە بېشىمنى قويدۇم. ئۇنىڭدىن ئۇرغۇۋاتقان
ھارارەت ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالدى. يۈرىكىم دۈپۈل-
دەپ سوقۇشقا باشلىدى. بىراق ئاز ئۆتمەي ئۇنىڭ كۆز
ياشلىرىنىڭ يۈزۈمگە يامغۇر تامچىسىدەك چۈشۈۋاتقىنىنى
كۆردۈم.»

(ئابامەت سابىر «خىلۋەتتىكى نۇر»)

«مەدىنىسىنا گۆرۈپپىسىنىڭ قاتارىدا رەيھانگۈلمۇ
بار ئىدى. ئۇنىڭ نوكچا بوي زىلۋا قامىتىنى ماشىرەڭ
ھەربىي يوپكا بىلەن پىلوتكا شۇنچە گۈزەللەشتۈرگەن
ئىدىكى، بۇ سۈمباتقا كۆكسىدىكى «ساداقەت» مېدالىنىڭ
قوشۇلۇشى خۇددى گۈلزار ئىچىدىكى ئېلىكتىر لامپۇچكى-
سىنى يورۇتىۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى.»

(تۇردى سامساق «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر»)

يۇقىرىقى مىسالدىكى ئادەم ۋە نەرسىلەر، ئورۇن- جاي،
گۈل - گىيالارنىڭ ئالاھىدە سۈپەتلىرى كىشىدە كۈچلۈك
ھېس - تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

سۈپەتلەش تەسۋىرلىنىۋاتقان شەيئىنىڭ جانلىق
ئوبرازىنى يارىتىپ، مەۋھۇم ئۇقۇمنى كونكرېت نەرسىگە

كونكرېت نەرسىنىڭ قىياپىتىگە يۆتكەپ، ئوقۇغۇچىلاردا كۈچلۈك ھاياجان، روشەن ۋە يېقىملىق ھېس - تۇيغۇ قوزغايدۇ.

سۈپەتلەش لىرىك شېئىرلاردا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. چۈنكى لىرىك شېئىرلاردا بايان قىلىنىدىغان دەرسلەر-نىڭ ئوبرازى كونكرېت تەسۋىرلەر ئارقىلىق گەۋدىلەن-دۈرۈپ بېرىلىدۇ. سۈپەتلەشلەر كۆپىنچە سۈپەتلەر، رە-ۋىش ۋە رەۋىشداشلاردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

«يېلان باغرى يولنى بويلاپ ماشىنا،
بۆلەكچىلا پەيزى بىلەن باراتتى.
يول چېتىدە ئورغاقچى كۆپ تەلپۈنۈپ،
ئالتۇن باشاق بىزگە كۈلۈپ قارايتتى.»
(ئا. خوجايېۋ «يولدا»)

«بوغداي ئۆكلۈك، توقاچ يۈزى ئاقاردى،
كېلۈپ تېرغان خىرما كۆزى مۆگلىنىپ؛
قارا مەخمەل سېكىلىكى تارالدى،
ھەر تەرەپكە چېچىلغانچە تولغىنىپ.»
(تۇرغۇن ئالماس «قىز ۋە شامال»)

«ئاقتېرەك چوققىدا، ياقۇت قىيادا،
سىرلىنىپ تۇرىدۇ، ھالرەڭ بۇلۇتلار.
كۈمۈشرەڭ لېنتىدەك شارقىراتمىنىڭ
جامىدىن سۇ ئىچەر بۇغا - ماراللار.»
(ت. ئالماس «تاڭ سەھەر»)

يۇقىرىقى مىساللاردا سۆپەتلەش جايىدا ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن شېئىر ھېسسىياتقا باي، گۈزەل، ئوبرازلىق چىققان.

سۆپەتلەش ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق قوللانغاندا ئەسەرنىڭ تۇتۇقىنىڭ تەسىرچانلىقى ئاشىدۇ. يەنى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى جانلىق رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈرۈپ، چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ئۇسۇل ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ بەلگە ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى كىتابخانلارنىڭ روشەن، ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىشىغا، ئەسەرنىڭ ستىلىستىكىلىق رولىنى، ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، ئوبراز ۋە تىپ يارىتىشقا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

سۆپەتلەش خەلق قوشاقلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. يەنى «ئىشىق»، «كۆڭۈل»، «پەلەك»، «زۇلۇم»غا ئوخشاش مەۋھۇم چۈشەنچىلەر خەلق قوشاقلىرىدا «ئىشقى ئوتى»، «كۆڭۈل رىشتىسى»، «پەلەك چاقى»، «زۇلۇم ئوتى»...غا ئوخشاش ئېپىتېتلىق (سۆپەتلەش) تۈزۈلۈشلەر بىلەن ئوبرازلىق خاراكتېرگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

«يارىمىز ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ،
مىڭ يېلى بىر كۈنچە يوق.
ئىشقى ئوتىنىڭ ئالدىدا،
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.»

«ئاق ئالما قىزارغاندەك،
قىزىل يۈزلۈكۈم يارىم.

ناۋات بىلەن يۇغۇرغاندەك،
شېرىن سۆزلۈكۈم يايرىم.»
(ئۇيغۇر خەلق قوشىقى)

«بولنار مەنى ئۇلاس كۆز،
قارا مەڭىز قىزىل يۈز.
ئاندىن تامار توگەل تۈز،
بولناپ يەنە ئۆل قاچار.»
يەشمىسى:
«قارا مەڭلىك قىزىل يۈزلىرىدىن،
گۈزەللىك تېمىپ تۇرىدىغان،
خۇمار كۆز مېنى ئەسىر قىلىدۇ،
يەنە قېچىپ كېتىدۇ.
(مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»)

سۈپەتلەشنى قوللىنىشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

1) سۈپەتلەش جانلىق بولۇشى لازىم. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋە بايان خاراكتېرلىك ماقالىلەردە مۇھىت، شارائىت، ۋەقە، ھادىسىلەر ۋە پېرسوناژلارنى سۈرەتلەشتە، جانلىق تۈردە سۈپەتلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئادى بىلەن سۈپەتلىنىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن سۈپەتلەش ئارقىلىق ئېنىق، جانلىق ئوبرازنى شەكىللەن-

ـدۇرگەلى بىرلەدۇ.

2) سۈپەتلەش ھەقىقىي بولۇشى لازىم. يەنى ئادەم، ۋەقە، مۇھىت، شارائىت، نەرسە ھادىسىلەرنى سۈپەتلەش تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. بۇنداق دېگەنلىك تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى شۇپېتىلا سۈرەتكە ئېلىش دېگەنلىك بولماستىن بەلكى سۈپەتلەش ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇش لازىم دېگەنلىكتۇر.

3) سۈپەتلەش ئورۇنلۇق بولۇشى لازىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا سۈپەتلەش ئارقىلىق كىتابخانلارنى ئادەم ۋە نەرسىلەر ھەققىدە تېخىمۇ روشەن، جانلىق تەسىراتقا ئىگە قىلالايمىز.

## 6. پىر - پىراۋ (ئېلىشما ئىبارە)

بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىنى بىۋاستە ئاتىمايدىغان سۆزلەرنى شۇ نەرسە ياكى ھادىسىنى تەرىپلەيدىغان باشقا سۆزلەر بىلەن ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشتىن ئىبارەت ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە پىر - پىراۋ (ئېلىشما ئىبارە) دەپ ئاتىلىدۇ.

پىر - پىراۋنى ئىشلىتىش بىر نەرسىنىڭ ئاساسىنى، مۇھىم بەلگىلىرىنى، ئۇنىڭ ئىككىنچى بىر نەرسە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن:

«ئەجەب ئەزدى قارا ئۆچ تاغ، بىرى چەتتىن بېسىپ باشتىن،

ئانا ھەمدەم بولۇپ ئىككى، قارا تاغ قىستىدى ياندىن.»

(ت. ئېلىيوپ «پېشقەدەم جەڭچىنىڭ نەسىھىتى»)

يۇقىرىقى شېئىردا فېئودالىزم، جاھانگىرلىك، بيۇروكرات كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئۈچ سۆز ئورنىغا ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان (تەرىپلەيدىغان) «ئۈچ قارا تاغ» دېگەن سۆز ئالماشتۇرۇلۇپ قوللىنىلغان.

ئېلىشما ئىبارىلەرنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى كۆپىنچە يانمۇ يان ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

«جان ئانام، جانىم ئانام جۇڭگو، ئۇنىڭ پەرزەنتىمەن،
مېھرىگە جىسمىم بىلەن، ئىشقىم بىلەن پەيۋەندىمەن.
قەلبىمىزنىڭ مەشئىلى كومپارتىيە — باشلامچىمىز،
توي بىلىپ ئات سالىمەن ئۇ باشلىغان ھەر جەڭگە
مەن.»

(ت. ئېلىيوپ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»)

يۇقىرىقى شېئىردا ۋەتەن «جۇڭگو» ۋە «ئانا» دېگەن ئىككى چۈشەنچە يانمۇ يان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن. يەنى ئاپتور ۋەتەننى ھەم «ئانا» ھەم «جۇڭگو» دەپ ئاتىغان. ئېلىشما ئىبارىلەرنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى يانمۇ يان ئىشلىتىلگەن.

«تۇنجى رەت كۆز ئېچىپ كۆردۇم ئىنسان،
بېشىدا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئانىنى.
شۇ ئانا كۆزىدىن بالقىپ قۇياش، ئاي،

نۇر سېپىپ ئىسسىتار ھالسىز بالىنى.
شۇ ئانا كۆكسىدىن ئامغان سۈت ـ كەۋسەر...
دەيمەنكى جەننەتمۇ ئانا كۆكسىدە.
شۇ غەمخار ئانىغا ــ ئانىسەن ۋەتەن!
كۆرۈنۈپ تۇرىسەن ئانام ھۆسنىدە.
بېشىمغا سايىۋەن چاچلىرىڭ بوستان.
ئەزىزسەن ۋەتىنىم، گۈزەلسەن ھامان.»

(مىرزاھىد كېرىمى «ۋەتەن قەسىدىسى»)

يۇقىرىقى شېئىردىمۇ ئاپتور ۋەتەننى ئانا دەپ تەسۋىرلەپ قۇياش ۋە ئاينى ئانىنىڭ ئىسسىق باغرى، ۋەتەننىڭ دەريا ـ كۆللىرىدىكى سۈيىنى ئانىنىڭ شېرىن شېكەر سۈتى، ۋەتەن قوينىنى جەننەت دەپ تەسۋىرلىگەن. ئاخىرىدا ۋەتەن دېگەن ئۇمۇمىي نام بىلەن ئانا دېگەن نامنى يانمۇ ـ يان ئىشلەتكەن.

«چەكسىز سەن، پايانسىز سەن ئانا ۋەتەن.
ھۆرمىتىڭ ـ شەۋكىتىڭدىن سۆيۈنىمەن.
قىممەتلىك ماڭا ھەر تال گىيا ـ تېشىڭ.
چېنىمدىن ئەزىز بىلىپ كۆيۈنىمەن.
ئاھ ئانا! ئاھ مۇقەددەس، ئېسىل تۇپراق.
خارلاندىڭ، چەكتىڭ ئازاب نەچچە ئەسىر.
كەتمىدى كۆكسىڭ بويلاپ قايغۇ ماتەم.
سۆڭەكتىن قوپۇرۇلدى سانسىز قەسىر.
...
مەن قېنىپ نەپەس ئالغان ھاۋا ئەمەس.
كۆكسىڭنىڭ ماڭا بەرگەن ئىللىق ھىدى.

مەگزىمدىن سىيپاپ ئۆتكەن شامال ئەمەس،
ئانىلىق سۆيۈشلەرىنىڭ هارارىتى.»
(قۇربان بارات «ۋەتەن توغرىلىق ناخشا»)

يۇقىرىقى شېئىردا شائىر «گىيا»، «تاش»، «ئېسىل تۇپراق»، «ۋەتەن ساپ هاۋاسى»، «ئىللىق شامال» قاتارلىق سۆزلەر بىلەن بىللە ئېلىشما ئىبارىلەرنىڭ هەر ئىككى تەرىپىنى يەنى ۋەتەن دېگەن ئىبارە بىلەن ئانا دېگەن ئىبارىنى بىللە ئىشلىتىپ ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇهەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

بۇ خىل ئۇسۇل شائىرنىڭ ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان شەيئىگە بولغان چوڭقۇر مۇهەببەتلىك هېسسىياتىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. هەم شېئىرنىي تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

## 7. مۇبالىغە

### 1) مۇبالىغە دېگەن نېمە؟

ئوبيېكتىپ شەيئى ياكى هادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەسلى هالىتىدىن ناهايىتى ئاشۇرۇپ ياكى كىچىكلىتىپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان ستىلىستىكىلىق ۋاستە مۇبالىغە دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇبالىغە ئۇسۇلى شەيئىلەرنىڭ ماهىيىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى هېسسىياتىنى كۈچەيتىدۇ.

ئاپتور ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان تەسىراتىنى باشقا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئاندىن مۇبالىغە ئۇسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ.

مۇبالىغە ئۇسۇلىنىڭ تىلنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتا رولى زور. مۇبالىغە گەرچە پاكىت كۆرۈنۈشىدىن ئاجرالغان بولسىمۇ، لېكىن پاكىت بىلەن قويۇق باغلىنىشتا بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مۇبالىغە ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ۋە بۇ رېئاللىققا قارىتا ئاپتورنىڭ كۈچلۈك تەسىراتىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ خىل ئاساس بولماي تۇرۇپ مۇبالىغە ئۇسۇلىنى قوللىنىدىكەن، ئۇ، قۇرۇق كۆپتۈرۈش بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقلا ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئاساس قىلىنماي سۇبيېكتىپ قاراش بويىچە مۇبالىغە قىلىنىدىكەن ئۇ چاغدا ئوبيېكتىپ رېئاللىق بۇرمىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، «كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى» دېسەك ئەمەلىيەتتە بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما بىز بۇنىڭدىن ۋاقىتنىڭ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتەك بىر خىل روھىي ھالەتنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەنلىكىنى چۈشىنىپ ئالالايمىز.

مۇبالىغە قىلىشتىكى مەقسەت ياخشى نەرسىلەرنى مۇبالىغە قىلىپ ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ، كىشىلەرگە ئىلھام بېرىشتىن، زىيانلىق نەرسىلەرنى مۇبالىغە قىلىپ، ئۇنى كىشىلەر كۆرسە تېخـ

مۇ يىرگىنىدىغان قىلمىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن:

« ئاھ ئۆزارمەن، ئاھ ئۆزارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سىنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سىنى.»

بۇ خەلق قوشىقىدا مۇبالىغە ئىنتايىن جانلىق ۋە جايىدا قوللىنىلغان بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ كونا جەمئىيەتتە تارتقان ئازاب ئوقۇبەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆ-كۈمران سىنىپلارغا بولغان كۈچلۈك ئۆچمەنلىكى ئىنتا-يىن گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بىز بۇ قوشاقتىن كونا جەمئىيەتنىڭ ھەقىقەتەن خەلقلەر تۈرمىسىدىن ئىبارەت تۇپ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋالالايمىز.

مۇبالىغە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىلەن ئاپتورنىڭ كۈچلۈك تەسەۋۋۇر تەسىراتلىرىنىڭ دىئالېكتىكىلىق بىر-لىكىگە تايىنىدۇ. بۇ مۇبالىغىنى قوللىنىشنىڭ تۈپ پرىن-سىپى. پەقەت مۇشۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ تۈزۈلگەن مۇبالىغىلا كىشىگە مول بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ. ئەكسى-چە مۇبالىغە ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئاساس قىلماي، مۇۋا-پىق چەك دائىرىسىدە بولماي، قانداقتۇر « يەر شارى-نى بوزەك قىلىپ تېپىپ ئوينايمەن » دېگەندەك قۇرۇق پو ئېتىش خاراكتېرىنى ئالسا، ئۇ توغرا بولمىغان بولى-دۇ. بۇنداق مۇبالىغىنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈش رولىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا مۇبالىغىنى قوللىنىشتا ئوبيېكتىپ رېئال-

لمقنى ئاساس قىلىش، مۇۋاپىق چېكى بولۇش سىپپ-
غا قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك. مۇبالىغە ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەردە پەرقلىق قوللىنىلىدۇ. ئادەتتە مۇبالىغىنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە مۇۋاپىق قوللانغاندا، ئەسەرنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇنى گىزىت خەۋەرلىرى، تەكشۈرۈش دوكلاتى، خۇلاسە، ئىلمىي ماقالە قاتارلىق ژانىرلاردا قوللىنىشقا بولمايدۇ.

مۇبالىغە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. بىز تۆۋەندە ئەخمەتشا قارىقاشنىڭ دوستى نەزەرموپىتىغا يازغان شېئىرىي سالام خېتىدىكى مۇبالىغىلارنى كۆرۈپ باقايلى.

«سېنى مەن دوست يار دەپ كۆڭۈلدە ئېتىقاد ئەتكەچ،
سىپاتىڭنى قىلىپ دائىم خۇتەن ئەھلىگە ياد ئەتكەچ.
مۇھەببەت رىشتىسىنىڭ ھەر دەم بۇ كۆڭۈلنى شاد ئەتكەچ،
ئەۋەتىمەن ئەللىك تەڭگىنى ئېتىقاد ئەتكەچ.
كى ياخشى ئات ئېلىپ ئەۋەتكەي دېگەن ئۇشبۇ خىيالدىتە.

پۇلۇمنى توختىتىپ بىر يىل ئەۋەتىمەن ماڭا بىر ئات.
ئېشەكچە ھالىتى يوقتۇر بۇ ئاتنىڭ پەيلىدۇركىم يات.
كى يولدا توختاپ قالدى ئۇرمىسام قامچا بىلەن پات - پات.
كولا ئارغامچىنى ئۈزدى قوزۇققا باغلىسام قات - قات،
ئۈلاپ ئارغامچىنى ھەر كۈنلۈكى بولدۇم يۈزمىڭ ھالاكەتتە.

رەپىق بايان ئەيلەي بۇ ئاتنىڭ ئەيىبىنى ئاڭلا:

قىڭار قۇيرۇق، سىڭا سوڭگەچ، پۇتى مايماق، بويى لاڭقا ...
بىرى تەپكەك، بىرى موڭگەك بولار ئۈستىگىدۇر لاڭقا،
سامانلىدىن ئۇن تۆشەك يەپ ھەر قەدەمدە بىر تۇرۇپ ساڭقا.
بۇ سۇرەتلىك ئات تېپىلماستۇر يەنە ھېچ بىر ۋىلايەتتە.

ئارىقىنى كۆرسە ياندى ئارقىغا، ئۆتمىدى ئاتلاپ،
گەر يولغا كىرىپ ئالسا پەقەت ھارمىدى قاتراپ،
گاھ بويىنغا چۈشتۈم قاتىرىغان زەربىدىن چاچراپ،
ئىچىم سانجىققا تولدى ھەر قوۋۇرغام بەدەندىن ئاجراپ،
ساقايدىم ھەر زامان پارپا مەجۇنى شەربەتتە. »

بۇ شېئىرىي « سالام خەت» تىكى مۇبالىغە ئورۇنلۇق قوللىنىلغاچقا شېئىرنىڭ ھەجۋى كۈچىنى، تىلىنىڭ ئوبرازلىقلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

بۇنىدىن باشقا جانلىق تىلىمىزدا « قىلنى قىرىققا يارماق » ( ئىشنى ناھايىتى ئىنچىكە ئىشلەشنى ئىپادىلەيدۇ )، « يىلاننىڭ كۆشىكىنى، تۈيىدىغان »، ( زىرەكلىكنى بىلدۈرىدۇ )، « سەن تاش سانىساڭ باشقىلار قۇم سانايدۇ »، ( سەزگۈرلۈكنى بىلدۈرىدۇ )، « كۆزى تېشىلىپ كەتمەك »، « كۆزى تۆت بولماق » ( ئىنتىزارلىقنى بىلدۈرىدۇ ) قاتارلىق مۇبالىغىلارمۇ داۋاملىق ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ مۇبالىغە كەڭ تۈردە قوللىنىلغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر داستانچىلىقى ئالتۇن دەۋرىنىڭ ۋەكىلى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ « پەرھات ۋە

شېرىن» داستانىدا شائىر پەرھاتنىڭ يېزىقتا سۇ كەل-
تۈرۈش ئۈچۈن تاغ كېسىۋاتقان چېغىدىكى ھالىتىنى
مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«چېكىم روزىبانىڭ ئەيلەپ پەرىدە.
كېلىپ لەرزىگە كۆك ئانىدىكى بىد.
ياغىپ سەنگە ھاۋادىن تۆكتۈلدى ياش.
ئىككى مىڭ كىشى توشۇبان رىزە تاش.
چاپار ئىردى تاشنى چېكىپ ئاھ سەرىدە.
پۈتۈن قەلئەلەرنى قىلىپ گەردە - گەردە.
قىليان پەلەكتە مەلەك ئاپىرىن.
داغى قىلدى توققۇز پەلەك ئاپىرىن.
پەلەكنىڭ يۈزىنى بىكار ئەتتى تاش.
قەرمەرنىڭ ئۇزارىنى قىلدىبان خىراش.
چىقار زەربىدىن رەئد ياڭلىغ سادا.
مۇنىڭ كارىغە ئەل قىلىپ جان پىدا.»

يەشمىسى: ئۇ شۇنداق پالۋانلىق كۆرسەتتىكى.
تاغ گويا مەجنۇنتالدەك تىترەيتتى.
ئاسماندىن تاش يېغىپ قۇياشنىڭ يۈزى كۆرۈنمەي قالاتتى.
تاش پارچىلىرىنى ئىككى مىڭ كىشى توشۇيتتى.
ئۇ سوغۇق ئاھ تارتىپ تاش چاپاتتى.
پۈتۈن شەھەرنى چاڭ قاپلىدى.
بۇنى كۆرۈپ ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ ئاپىرىن ئوقۇيتتى.
يەنە توققۇز ئاسمانمۇ ئاپىرىن ئېيتاتتى.

تاش ئۆرلەپ چىقىپ ئاسماننىڭ باغرىنى جاراھەت-
لەندۈرەتتى.
ئاينىڭ يۈزىنى تاملايتتى.
مىتىننى ھەر بىر ئۇرغاندا، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك
ئاۋاز چىقاتتى.
خەلق ئۇنىڭ ئىشىغا بارىكاللا دەيتتى.

بىزدە باشقا ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر توغرا قوللىنىل-
مىغاندەك مۇبالىغىدىنمۇ توغرا پايدىلانماسلىقتەك ئەھ-
ۋاللار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

«دەرەخ ئۈستىدىكى جۇتىخەن قاقاقلاپ كۈلۈۋەت-
تى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن دەرەخ شاخلىرى تەۋرەيتتى.»
(خاۋرەن «پارلاق يول»)

بۇ مۇبالىغە توغرا قوللىنىلمىغان. دەرەخ شاخلى-
رىنى تەۋرىتىش ئۈچۈن مۇھىم تەسىر كۈچ بولۇشى
كېرەك. كۈلكە ئاۋازى قانداق قىلىپ دەرەخ شاخلىرىنى
تەۋرەتكىدەك تەسىر پەيدا قىلالىسۇن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن
بىز مۇبالىغە ئۇسۇلىدىن پايدىلانغاندا جەزمەن ئەمەلى-
يەتنى چىقىش قىلىشىمىز لازىم.

مۇبالىغە ئاپتورنىڭ ئىدىيەۋى مەقسىتىنى تېخىمۇ
روشەن، تېخىمۇ تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدى-
غان بىر خىل ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىدۇر. ئۇ كىتابخانلار-
دا جانلىق تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىدۇ.

مۇبالىغە چوڭايتىپ كۆرسىتىش ياكى كىچىكلىتىپ

كۆرسىتىش ئەيىنكىدۇر. بۇ «ئەيىنەك» ئارتىلىق ئىشلەر شەيئىلەرنى تېخىمۇ ھەقىقىي يوسۇندا كۆرۈۋالالايدۇ. شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە ماھىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. بىز باشتا ئېيتقاندەك مۇبالىغە ئوبيېكتىپ رېئاللىققا، چىنلىققا ئاساسەن قوللىنىلىدۇ.

«چەكسىز غەزەپ ئوتى قەلبىمنى ئۆرتىۋەتتى.»

بۇ مىسالدىكى ئىككى مۇبالىغە ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىنغان ھالدا قوللىنىلغاچقا كىشىنى ھېچقانداق تاسادىپىيلىق ھېس قىلدۇرمايدۇ.

2) مۇبالىغىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى

مۇبالىغە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل شەكىلدە قوللىنىلىدۇ.

(1) ئادەتتىكى مۇبالىغە: شەيئى بىۋاسىتە ھالدا تېخىمۇ كۈچلۈك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، يەنى بىۋاسىتە چوڭايتىلغان ياكى كىچىكلىتىلگەن، شۇنداقلا ئىپادىلىنىش جەھەتتە باشقا ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى ۋاسىتە قىلمىغان، گىرەلەشمىگەن مۇبالىغە ئادەتتىكى مۇبالىغە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

«مېنىڭ سىفەن داشۆگە كەلگىنىمگە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بىر يىل بولۇپ قالدى.»

«ئۇ خۇشال بولغىنىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.»

(2) باشقا ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى ۋاسىتە قىلغان

ياكى باشقا ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر بىلەن كىرەلىشىپ،
كەلگەن مۇبالىغە: مۇبالىغىنىڭ ئوخشىتىش، تەڭلەشتۇ-
رۇش، ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زىچ، بۇ ۋاسىتىلەرنىڭ كۆپىن-
چە مۇبالىغە مەنىسى بولغانلىقتىن، مۇبالىغە كۆپىنچە
مانا مۇشۇ ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.
بۇ خىل مۇبالىغە باشقا ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى ۋاسىتە-
قىلغان ۋە ئۇلار بىلەن كىرەلىشىپ كەتكەن مۇبالىغە
دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئۇ ھەمىشە بىر پارچە شېئىرنى كۆڭۈلدىكىدەك
يېزىپ چىقالىسام گويا بىر تاغنى يۆتكىگەندەك بولى-
مەن، دەيتتى.»

(ئوقۇغۇچىلار تاپشۇرۇقىدىن)

(3) ئاشۇرما مۇبالىغە: ھادىسە ياكى ئىشنىڭ سە-
ۋەبىنى ئېيتماستىن ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئېيتىش ئاشۇرما
مۇبالىغە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئۇ ئىچە ـ ئىچمەيلا مەست بولۇپ قالدى.»

«ئۇ كۈلسە پۈتۈن كۆك ئاسمانمۇ كۈلەتتى. ئۇ
يىغلىسا پۈتۈن كۆك ئاسمانمۇ يىغلايتتى.»

(«ئوغۇزنامە» دىن)

### 3) مۇبالىغىنىڭ تۈرلىرى

مۇبالىغە مەزمۇن جەھەتتە كېڭەيتىلگەن مۇبالىغە ۋە-

قارايتىلغان مۇبالىغ ( لىترتا ) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

(1) كېڭەيتىلگەن مۇبالىغە: شەيئىنىڭ ئەسلى ھالىتى، ئالاھىدىلىكى، رولى، دەرىجىسى ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە چوڭ، ياخشى، كۈچلۈك، ئېغىر قاتارلىق تەرەپكە قاراپ تەسۋىرلىنىدىغان مۇبالىغە كېڭەيتىلگەن مۇبالىغە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«دەرشال ناخشىمىز پەلەككە يەتتى.»

«بۇغداي خامنى بولۇتقا تاقاشتى.»

(2) تارايتىلغان مۇبالىغە ( لىتوتا ): شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئەسلى ھالىتىدىن ئىمكان قەدەر ناھايىتى كىچىكلىتىپ ئەكس ئەتتۈرۈش تارايتىلغان مۇبالىغە ( لىتوتا ) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل مۇبالىغىنى بىز جانلىق تىلدا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كۆپ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

«چاشقانغا نەرختا سالدىم،
سۆرەلدى قاچتى.
قوڭغۇز مىنىپ قوغلىۋىدىم،
داۋاندىن ئاشتى.»

(ئۇيغۇر خەلق قوشىقى)

«ئىشنىڭ قىسمىتى جەڭدۇر،
ئۇندىن توققۇزى رەڭدۇر.
جەڭ قىلماقنى بىلمەكلىك،
تىرىلمەك بىلەن تەڭدۇر.
راسلايلى ئىگىز شوتا،

تەييارلايلى ش شۆمبا.
ئوتۇنغا ياغ چاچايلى.
ئوت قويۇپ يول ئاچايلى.
خان كېچەشكە قوشۇلدى.
شاخ شۆمبىلار توشۇلدى.
لاچىن بولۇپ ئەمەتخان.
ئوت بورانى سوزۇلدى.
گۈلخاندىن چوغ چېچىلدى.
ئاھۇ - پەرياد ئېچىدە.
تۆمۈر دەرۋازا ئېچىلدى.
نەيزە - قىلىچ زەپتىدىن.
مىڭلاپ چېرىك يىقىلدى.
تىرىكلىرى تىغ تۇتۇپ.
تەسلىماتقا قېتىلدى.
قاچقانلىرى ئېتىلدى.
ئەجەل بىلەن چېتىلدى.
شەھدانى خوتەنگە.
شام - چىراغلار يېقىلدى.
قول - پۇتتىكى كىشەنلەر.
پارە - پارە چېقىلدى.»
(«ئابدىراخمانخان خوجا»)

«راۋابىمنى ھەمراھ قىلىپ.
يەتتىم كۆچارغا.
ئالتە چېرىك بىر بولۇپ.

ئالدى ئاراغا.
ئالتە چېرىك ئارىسىدا.
شۇنچە مۇشتلاشتىم.
قارا شەھەر دەرۋازىسىنى.
پەشۋادا ئاچتىم.»

(«سىيىت نوچى»)

«جاللات دەيدۇ، — باتۇرغا: كۆزۈڭنى ئاچ، نەدىسەن؟
ئالدىڭدا پىل تۇرۇپتۇ، — تاكاللاشما كاساپەت.
باتۇر دەيدۇ: — جۆيلىمە، مەن ئۆچۈن سەن گوياكى،
ئايىغىمدا چىۋىنسەن، چىرىلدىغان ھاشارات.»

(ت. ئېلىيوپ «يۇخۋاتەيگە زىيارەت»)

### 4) مۇبالىغىنى قوللىنىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

(1) مۇبالىغە ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئاساس قىلىشى لازىم. ھەرگىز ئويدۇرما بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. مۇبالىغە كۆپتۈرۈش ياكى يالغان ئېيتىش ئەمەس. مۇبالىغە بىلەن كۆپتۈرۈش ئوتتۇرىسىدا پەرق بولىدۇ. كۆپتۈرۈشتە كۆپىنچە ئوبيېكتىپ رېئاللىققا خىلاپلىق قىلىنغان بولىدۇ. مۇبالىغىدە بولسا رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنىڭ چىڭ بىرلىشىشى ئاساس قىلىنىدۇ. رېئاللىققا قاتتىق ھۆرمەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

(2) مۇبالىغە رېئاللىقنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ،

شەيئىلەرنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاشۇرۇپ ياكى كىچىكلىتىپ كۆرسىتىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بەلگىلىك چېكى بولۇشى كېرەك. خالىغانچە قالايمىقان مۇبالىغە قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

(3) نېمىنى مۇبالىغە قىلىش، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ جەھەتتە پوزىتسىيە تولىمۇ مۇھىم. بۇ ھەقتە گوركىي: «سەنئەتنىڭ مەقسىتى ياخشى ئىشلارنى، ياخشى نەرسىلەرنى مۇبالىغە قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈشتىن، كىشىلەرگە زىيانلىق نەرسىلەرنى مۇبالىغە قىلىپ ئۇنى كىشىلەر كۆرسە يىرگىنىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت.» — دېگەن ئىدى.

(4) مۇبالىغە ناھايىتى ئېنىق بولۇشى لازىم. باشقىلار بىر كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ مۇبالىغە ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى بايقىيالىشى، ھەرگىز تېڭىرقاپ قالماسلىقى كېرەك.

(5) مۇبالىغە ئۇسۇلىنى ھەر خىل ژانىرلاردا ئېھتىياجغا قاراپ قوللىنىش مۇمكىن. لېكىن ئىلمىي ماقالىلەر، گېزىت خەۋەرلىرى، تەكشۈرۈش دوكلاتى، خىزمەت خۇلاسىلىرى قاتارلىقلاردا مۇبالىغە ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ئەمەلىي پاكىتلار ئاساس قىلىنىدۇ.

### 8. مېتونومىيە ئوخشاشسىز كۆچۈم

ئاپتور بەزى چاغلاردا بىرەر نەرسىنىڭ نامىنى ياكى

شۇ نەرسە ھەققىدىكى ئوي - پىكرىنى مەنئۇي جەھەت-تە ماسلىشىشچانلىقتا ۋە ئويغۇنلۇقتا ئىگە بولغان يەنە بىر خىل نەرسىنىڭ نامى ياكى شۇ نەرسىگە بولغان قارىشى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل سىتىلىستىكىلىق ۋاستە مېتونومىيە (ئوخشاشسىز كۆچۈم) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا، ئىككى چۈشەنچىنىڭ ئورتاق ئوخشاشلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىقىغا ئاساسلىنىدۇ. مەسىلەن:

«جاللات دەيدۇ باتۇرغا، گۇناھىڭنى بىلەمسەن؟
قىلماقچىمىز بىز سېنى ئىستىقپارغا دالالەت.»
باتۇر دەيدۇ، تۇرغاندا جىمى گۇناھ ئۆزۈڭدە،
قاپ كۆتۈرمەك باشقىغا نېمە دېگەن قاباھەت؟»»
(ت. ئېلىيوپ «يوخۋاتەيگە زىيارەت»)

يۇقىرىقى مىسالدىكى «قاپ كۆتۈرمەك» سۆزى مېتونومىيەدۇر.

مېتونومىيە ئارقىلىق ئوبراز خۇسۇسىيىتىنى ئادەم ياكى شەيئىلەرگە ۋەكالىتەن قوللانغاندا، جەزمەن تېپىك ۋە گەۋدىلىك بولۇشقا، كىتابخانلار ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. بۇ توغرىلىق تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

« ئەنە ئالدىمدا كۆڭلۈمدەكلا كەڭ،
يېيىلىپ ياتار ئالتۇن يەر - ئېتىز.
يۇمشاق يەلپۈنگەن شۇ ئېتىز خۇددى،
يۇمشاق دولقۇنلانغان پايانسىز دېڭىز.

شۇ دېڭىزدا، كۆز يېتىم يەردە،
پەيدا بولۇپ قالدى بىر يەلكەن.
پايانسىز دېڭىزدا گويا بىر لاچىن،
ئوينىشىپ يۈرەتتى دولقۇنلار بىلەن.»
(ئابلىز نازىرى.«سەھەردە»)

يۇقىرىقى شېئىردا شائىر ئاشلىق دالىسىنى دېڭىزغا ئوخشىتىدۇ، كېيىن ئۇنى بىۋاستە دېڭىز دەيدۇ. ئاخىرىدا بۇ خىل ئوخشىتىش ۋە ئاتاشلار ئارقىلىق، ئېتىز توغرىسىدا كىتابخانلار قەلبىگە گۈزەل ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

«... بىز ئانا مەكتىپىمىزنى، سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنى سۆيىمىز. مەكتەپ بىزنىڭ بېغىمىز، ئوقۇتقۇچىلار بېغىمىزنىڭ باغۋەنلىرى. بىز ياش كۆچەتلەرگە باغۋەنلەرنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس جاپالىق ئەمگىكى سىڭمەكتە. بۇ باغدا مىڭلاپ مېۋىلىك كۆچەتلەر يېتىلمەكتە. ئۇلار كەلگۈسىدە شىرىن - شەربەت مېۋىلەرنى بەرگۈسى...»

يۇقىرىقى مىسالدا، «مەكتەپ»، «ئوقۇتقۇچى»، «ئوقۇغۇچى»، «بىلىم» قاتارلىق چۈشەنچىلەر «باغ»، «باغۋەن»، «كۆچەت»، «شىرىن - شەربەت مېۋىلەر» قاتارلىق چۈشەنچىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ يەردە ئوبرازلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئادەم ۋە شەيئىلەرگە ۋەكالىتەن قوللىنىلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار بىر كۆ-

روپلا مەسىلىنىڭ نېمە ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى روشەن چۈشىنىپ ئالالايدۇ.

مېتونومىيە ئالماشتۇرۇش، ئوخشىتىش، مېتافورا قاتارلىق ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە ئوخشاشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە پەرقلەر مەۋ-جۇت.

مېتونومىيىدە بىرەر نەرسىنى شۇ نەرسە بىلەن زىچ باغلىنىشلىقى بولغان باشقا بىر نەرسىنىڭ نامى بىلەن ئىپادىلەيمىز. بۇ خىل ئىپادىلەش شۇ شەيئىلەر-نى ئىپادىلەيدىغان ئىككى چۈشەنچىنىڭ ئوپمۇ ئوخ-شاشلىقىغا ئەمەس، بەلكى شۇ ئىككى شەيئىنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىقىغا ئاساسلىنىدۇ. مەسىلەن، «قاپ كۆتۈرمەك باش-قىغا نېمە دېگەن قاباھەت» دېگەن مىسرادىكى «قاپ كۆتۈرمەك» چۈشەنچىسى بىلەن، باشقىلارنىڭ تۆھمەت قىلىشى ئارقىلىق بىھۇدە ئازاب تارتىش ۋە بۇ خىل نا-ھەقچىلىككە نارازىلىق بىلدۈرۈش چۈشەنچىسى ئوتتۇرى-سىدا ھېچقانداق ئوخشاشلىق يوق. لېكىن بۇ چۈشەنچى-لەر ئوتتۇرىسىدا «قاپ كۆتۈرمەك»تىن ئىبارەت مە-نىۋى جەھەتتىكى باغلىنىشچانلىق مەۋجۇت. يەنى بۇ يەردىكى باغلىنىشچانلىق دېگىنىمىز ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى «بارچە گۇناھ مەندە تۇرۇپ، قاپ كۆ-تۈرۈپ نەكە باراي» دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. يۇقىرى-دىكى «قاپ كۆتۈرمەك» سۆزى «سېنىڭ گۇناھىڭنى مەن ئۈستۈمگە ئالمايمەن» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان.

ئەمدى ئوخشىتىشقا كەلسەك، بۇ — مەلۇم جە-

ھەتتە، مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىقتا ئىگە بولغان ئىككى شەيئىنىڭ بىرى ئارقىلىق يەنە بىرى ئىپادىلىنىدىغان ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىدۇر. يەنى ئوخشىتىشتا ئاساسەن ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ئوخشاشلىق ئاساس قىلىنىپ، بىر شەيئى يەنە بىر شەيئىگە تەڭلەشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

«ئېرىغاندا كۆرۈشتىمەن تاغ بىلەن،
قېزىدىم تاغنى مەن تىرناق بىلەن.»
(موللا نىياز ئاخۇن)

يۇقىرىقى ئىككى مىسرا شېئىردا، يېشى 70 تىن ئاشقان تەرجىمان موللا نىياز ئاخۇنىنىڭ «قابۇسنامە» دەك زور ئەسەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدىكى جاپالىق ئەمگىكى «تىرناق بىلەن تاغ قېزىش»قا ئوخشىتىلغان.

مېتونىمىيە بىلەن مېتافورا، ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ئالاھىدە پەرقلەر بار. بىز بۇ يەردە تەپسىلىي توختىلىپ ئولتۇرمايمىز.

## 9. ئېپىگراپ

ئەسەرنىڭ ياكى شۇ ئەسەر ئىچىدىكى قىسىم، بابلارنىڭ بېشىدا كېلىپ پۈتۈن ئەسەرنىڭ ياكى قىسىم، بابلارنىڭ مەزمۇنىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان جۈملىلەر، ئۈزۈندىلەر، شېئىرىي پارچىلار، ئەقلىيە سۆزلەر، قوشاق ۋە ماقال -

ئەسەرلەر ئېپىگراپ دېيىلىدۇ.

دەل، جايىدا! كەلگەن ئېپىگراپ كىتابخانلارنى قىزىقتۇرۇش ۋە ئەسەر مەزمۇنىنى چۈشىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز» رومانىنىڭ بېشىغا مەھەممەت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئېلىنغان «قەدەم ئىزى — بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن جۈملىنى ئېپىگراپ قىلىپ كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ توپ كۆزقارىشىنى، يەنى «ئىز» رومانى ئارقىلىق ئاتا - بوۋىلار بېسىپ ئۆتكەن قانلىق، جاپالىق مۇساپە خاتىرىلىرىنى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇش مۇددىئاسىنى ئىپادىلىگەن. ئارقىدىن يەنە ئاپتور ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى ئېپىگراپ قىلىپ بېرىدۇ:

«ياش ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ ماڭغاندا بىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپ قالدى ئەنە نەۋرىمىز.
ئاز ئىدۇق مۇشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق، قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.
قالدى ئىز چۆللەر ئارا، گاھى داۋانلاردا يەنە،
قالدى نى-نى ئارسلانلار دەشت-چۆلدە قەبرىسىز.
قەبرىسىز قالدى دېمەڭ يۇلغۇن قىزارغان دالىدا،
كۆل-چىچەككە پۈركىنۇر تاغدا، باھاردا قەبرىمىز.
قالدى ئىز، قالدى مەنزىل، قالدى ئۇزاقتا ھەممىسى،
چىقسا بوران، كۆچسە قۇملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.
توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق،
تاپقۇسى ھېچبولمىسا بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز يا ئەۋرىمىز.»

جۇڭگودا ئىككى مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئو-
دال خانلىقى خاتىمە بېرىپ، ۋەتەن تۇپرىقىدا تۇنجى
قېتىم جۇمھۇرىيەت بايرىقىنى تىكلىگەن شىڭخەي ئىنقىلا-
بىنىڭ ئىلھامى بىلەن تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىمۇ ئىنقى-
لاب بورانلىرى باشلاندى... ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن
چىققان سەركەردە تۆمۈر خەلپە قۇمۇل دېھقانلىرىغا باش
بولۇپ، زۇلۇمغا قارشى قوزغالدى. نەتىجىدە 300 نەچ-
چە يىل ھۆكۈم سۈرگەن قۇمۇل ۋاڭلىقىغا قاقشاتقۇچ
زەربە بەردى. گەرچە تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن قۇمۇل
دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما
تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى بۇ دېھقانلار قوزغىلىڭى كې-
يىنكىلەر ئۈچۈن شانلىق ئىز قالدۇردى... يازغۇچى بۇ
مەزمۇننى يۇقىرىقى شېئىرىي ئېپىگراپ ئارقىلىق ئىپادى-
لەپ بەرگەن.

ئېپىگراپ يازغۇچىنىڭ قايتا ـ قايتا ئىشلىنىشى،
تاللىشى، جاپالىق ئىزلىنىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆز
رولىنى توغرا جارى قىلدۇرالايدۇ. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر
«قەشقەر كېچىسى» داستانىغا لېنىننىڭ «ئۆتمۈشنى
ئۇنتۇش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەن سۆزىنى
ناھايىتى جايىدا ئېپىگراپ قىلىپ بەرگەن. يازغۇچى
زوردۇن سابىرنىڭ «ئە تۇپىلىق يول» دېگەن ھېكايى-
سىغىمۇ:

«قىزشقاچ قوندى زاغزاقا،
تورغاي قوندى يانتاقا،

يارنى سۆيسەڭ مەھكەم سۆي،
ئورناپ كەتسۇن تامغاقتا.»

دېگەن خەلق قوشاقى خېلى ئەستايىدىل ئويلىنىش بىلەن ئېپىگراپ قىلىپ بەرگەن.

ئېپىگراپ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا، يازغۇچىنىڭ شۇ ئەسىرىنى يېزىشتىكى مەقسەت، مۇددىئاسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىز ئېپىگراپنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى ۋە باش تېمىسى دەپ چۈشەنسەك تازا توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، ماۋزۇ ئىخچام، قىسقا، قىزىقارلىق سۆزلەردىن تۈزۈلۈپ، ئەسەرنىڭ تۈپكى مەزمۇنىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان نامدۇر، ئۇ ھامان ئېپىگراپتىن بۇرۇن يېزىلىدۇ. باش تېما بولسا، ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ھەل قىلىنغان ئاساسىي مەسىلىدۇر. يەنى ئاپتورنىڭ شۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى غايىۋى مەقسىتى، مۇددىئاسىدۇر. ئەمدى ئېپىگرابقا كەلسەك، ئۇ ئەنە شۇ ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ھەل قىلىنغان مەسىلىنى، يازغۇچىنىڭ غايىۋى مەقسىتى، مۇددىئاسىنى كىتابخانلارنىڭ تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان بەدىئىي ۋاسىتىدۇر. شۇڭلاشقا بۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. قىسقىسى ئېپىگراپ ئەسلىدە تەييار بولغان، پەقەت ئاپتورنىڭ مەقسەتلىك ھالدا تاللاپ ئالغان «ماتېرىيالى»دۇر. ئۇ، ماۋزۇدىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئەسەرنى تېخى ئوقۇمىغان كىشى ئېپىگراپ ئارقىلىق ئەسەر مەزمۇنى ۋە يازغۇچىنىڭ مەقسىتى ھەققىدە ھېسسىي چۈشەنچىگە كېلىدۇ.

ئېپىگراپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەزىدە باش قىسمىدا، بەزىدە ھەر بىر باب، ماۋزۇلاردا قوللىنىلىدۇ. بەزىدە ئايرىم باب، ماۋزۇلاردا ئېپىگراپ قوللىنىلسا، يەنە بەزى باب، ماۋزۇلاردا قوللىنىلمايدۇ.

## 10. ئالماشتۇرۇش

ھەر خىل ئەسەرلەردە، ئۇتتۇقتا بەزىدە شەيئىلەرنىڭ نامى ئەينەن ئېيتىلماي، ئۇنىڭ ئورنىغا شۇ شەيئىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولغان ياكى شۇ شەيئىلەرگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان باشقا شەيئىلەرنىڭ نامىلىرى ئالماشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل ستىلىستىكىلىق ۋاستە ئالماشتۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«شۇ قەدەر ئۆز، بۇ نازاكەتلىك ئەزىز دەريايۇ - تاغ،
ئۆتتى سانسىز قەھرىمانلار باغلاپ ئاڭا زور ئىشتىياق.»
(ماۋزېدۇڭ «قار»)

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئاپتور «جۇڭگو» دېگەن نامنىڭ ئورنىغا «دەريايۇ - تاغ» دېگەن نامنى ئالماشتۇرۇپ قوللانغان.

ئادەتتە، بەزى جۈملىلەردىمۇ ئالماشتۇرۇشنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

«مەن لۇشۈننى ئوقۇپ چىقتىم.»

يۇقىرىقى جۈملىدە، لۇشۈننىڭ نامى ئۇنىڭ ئەسەر-

لىرىنىڭ نامى بىلەن ئالماشتۇرۇلغان.

«شىڭ شىمەيىنىڭ ئەھۋالى ھەممىمىزگە مەلۇم، بۇ جاللاتنىڭ ئىككى قولى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان.»

يۇقىرىقى مىسالنىڭ كېيىنكى تارماق جۈملىسىدە، «شىڭ شىمەي» دېگەن نامنىڭ ئورنىغا «جاللات» دېگەن نام ئالماشتۇرۇلۇپ قوللىنىلغان.

ئاپتور ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىسا، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر - خۇسۇسىيەتلىرىنى، مىجەز - خۇلقلىرىنى تېخىمۇ تولۇق ئېچىپ بېرەلەيدۇ.

«... ئۇلار قىمار قىلماي ئولتۇرۇشاتتى، ئامبارنىڭ ئىچىدە بىرسى تىمسىقلاپ يۈرەتتى. كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ، كالتا جۇۋا كىيگەن، بېشى تاز بىر دېھقان چىقتى - دە، ئىشىككە ئاسما قۇلۇپ سالدى. كېيىن قىزلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ، ئۆچكە ساقىلىنى سوزدى:

— بۇلبۇلگويالار، ناخشىغا تويمايدىكەنسىلەرغۇ؟

— ئېيتمىزدە، فېيودور تاغا، ساڭا دەخلىسى يوق.»

(ئا. تولستوي «سەرسانلىق - سەرگەندانلىقتا»)

يۇقىرىقى مىسالدا، ئاپتور «قىزلار» دېگەن ئىسىم ئورنىغا «بۇلبۇلگويالار» دېگەن ئىسىمنى قوللىنىپ، قىزلارنىڭ خۇش چاقچاق، ناخشىخۇمار خۇسۇسىيەتلىرى-

لمى جايىدا ئىچىپ بەرگەن.

ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپ خىل ئۇسۇللىرى بار. بىز بۇ يەردە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئاساسلىق تۆت خىل شەكلى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

(1) ئادەمنىڭ تاشقى قىياپەت، خاراكتېر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنىڭ نامىنى شۇ ئادەمنىڭ ئەسلى نامىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ قوللىنىش. ياكى شۇ ئادەمنىڭ تاشقى قىياپەت، خاراكتېر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنىڭ نامى بىلەن ئەسلى نامىنى بىرلەشتۇرۇپ قوللىنىش، يەنى ئەسلى نامى بىلەن ئەدەبىي تەخەللۇسىنى، كىشىلەر سۆيۈنۈپ قويۇپ قويغان لەقىمى، باماسىنى بىرلەشتۇرۇپ قوللىنىش.

«شائىر لۇتپۇللا ۋە غەزەلخان يۇسۇپخان بىرلىكتە، «زۆھرە جانىم» ناخشىسىنى ۋە قەھرىمان قىز دىلبەر يازغان «قانلىق قەسەم» ناملىق مەھبۇسلار ناخشىسىنى جاراڭلىق ئىيتىپ، سەپداشلىرىنى ئىلھاملاندۇراتتى. ئوت يۈرەك شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋەتەن، خەلق مۇھەببىتى خۇددى ماگمىدەك ھارارەت بېغىشلايتتى.»

(ئابدۇللا تالىپ «قايىنام ئۆركىشى»)

يۇقىرىقى مىسالدا ئاپتور دەسلەپتە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئۆز ئىسمىنى ئاتىغان بولسا، كېيىن «ئوت يۈرەك شائىر» دەپ ئالغان. «قايىنام ئۆركىشى» دېگەن پۈتۈن روماندىن ئېيتقاندىمۇ، يازغۇچى «لۇتپۇللا مۇتەللىپ» دېگەن ئىسمىنىڭ ئورنىغا «قايىنام ئۆركىشى»

دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسىنى ئىسىم ئورنىدا ئالماشتۇرۇپ ئالغان.

«كۆپ ئاقتى مېنىڭ قانىم،
چىقىپ كەتتى يېرىم جانىم.
ئەمدى ‹نىمشېھىت› نامىم،
تارىختا قالار بولدى.»
(نىمشېھىت «ئۆمۈر خاتىرەم»)

يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر ئۆز ئىسمى ئورنىغا «نىمشېھىت» دېگەن نامنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكەن.

ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئاپتور ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى، دۇنياقارىشىنى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كىتابخانلار ئالدىدا ئېنىق سۈرەتلەپ بېرىش ئۈچۈن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشى زۆرۈر. ناۋادا، ئاپتور بۇ ئۇسۇلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدىكەن، ياراتقان قەھرىمانلىرى كىتابخانلار ئالدىدا يارقىن بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە گەۋدىلىنەلەيدۇ. كۆپ ھاللاردا، جايىدا ئالماشتۇرۇلغان ناملار ئارقىلىق، كىشىلەر ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئىجابىي ياكى سەلبىي شەخس ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىپ ئالالايدۇ. تۆۋەندە بىرقانچە مىساللارنى كەلتۈرىمىز.

«توقۇمىچى ئارزۇ قىلىدۇ،
‹ئۇرچۇق باتۇر› ئىگىرگەن يىپنى.
شۇنداق يىپتىن توقۇسا ئۇ قىز،

خۇددى پاڭچۇ قىلىدۇ چىتنى.
دەيدۇ ئۇلار رەختكە زوقلىنىپ،
نېمە دېگەن چىرايلىق سىپتا!
توقۇلغاندەك گويا بۇ رەختلەر.
«ئورچۇق باتۇر» ئىگىرگەن يىپتا.»
...
«پەخىرلىنىدۇ ئاتا - ئانىلار:
«ئورچۇق باتۇر»دەك بولسا قىز بالا
مەنمۇ زوقلىنىپ دەيمەن:
شۇ قىزغا
قايسى بەختلىك يىگىت جۈپ بولا
(ت. ئېلىيوپ «ئورچۇق باتۇر»)

يۇقىرىقى شېئىردا شائىر ئۆز قەھرىمانى، توقۇمىچىلىق ماھىرى پاتەمگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پاتەم دېگەن ئىسىم ئورنىغا، ئۇنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىگە بېرىلگەن شەرەپلىك نام «ئورچۇق باتۇر»نى ئىشلىتىپ، كىتابخانلار قەلبىدە ئىجابىي قەھرىمان پاتەمگە قارىتا چوڭقۇر ھۆرمەت قوزغىغان.

«...— قارىماسىلەر، گۈندىپاي قىزىل كۆز ئايى ئۇنىڭدىن كەپ ئالغىلى كىرگەن ئىكەن، ئۇ بولسا، گۈندىپايغا كەپ ئۆگەتكىلى كىرىشىپتۇ...»

«...— ئايى ئاكا ئۇستا چامباش، ئىككى كاچات ئۇنى خېلى بىر يەرگە ئاپارغاندۇ، — تامىنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان دۈمچەك بىردىنلا خۇشال بولۇپ كەتتى...»
(لۇشۈن «دورا»)

يۇقىرىقى مىسالدا، ئاپتور «بايۇەچچە» دېگەن نام-
ىـڭ ئورنىغا «دۇمچەك» دېگەن نامنى ئىشلەتكەن.
«ئايى» دېگەن نام بىلەن «قىزىل كۆز» دېگەن لە-
ەمنى بىللە ئىشلەتكەن.

«... مەشرەپ: هوي ماڭقا، ئاپامنى قويۇۋەت! (نوختا
بىلەن سىيىتنى ئۇرۇپ، ئاجرىتىپ، ئىت-
تىرىۋېتىدۇ، سىيىت يىقىلىدۇ.)»

«مەشرەپ: (چۈگۈن كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا
بارىدۇ.) ۋاي ئىستەي، غۇنچەمدەك چى-
رايلىق، چىچەن قىز باينىڭ قوپال ماڭ-
قا ئوغلىغا خوتۇن بولۇپ كېتەرمۇ؟»

يۇقىرىقى مىسالدا ئاپتور ئۆمەر شاڭيۇڭنىڭ ئوغلى
سىيىتكە، ئۇنىڭ جىسمانىي ئەيىبىگە ئاساسەن كۆپچىلىك
تەرىپىدىن قويۇپ قويۇلغان «ماڭقا» دېگەن لەقەمنى
ۇللانغان.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، كىشلەرنىڭ
ىمى ئورنىغا لەقىمىنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشتا بەكمۇ
ئېھتىياتچان بولىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىز بىلەن بىر سەپ-
تىكى كىشىلەرگە، دوستلارغا، يولداشلارغا ئالايمىقان لەقەم
قويۇپ، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان، ئۇلارنى
كەمسىتىدىغان، ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدىغان قىلىقلارنى ئەسلا
قىلماسلىق كېرەك. كىشلەرنىڭ ياخشى خىسلىتىگە،
زوقلىنىش، ئۇلاردىن سۆيۈنۈش مەقسىتىدە، يۇقىرىدا
ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك «ئورچۇق باتۇر» دېگەنگە ئوخ-
شاش ناملارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەمما كىشلەرنىڭ

جىسمانىي جەھەتتىكى ئەيىبىنى ياكى بىرەر - ئىككى قېتىملىق خاتالىقى، يېتەرسىزلىكلىرىنى تۇتقا قىلىۋېلىپ، ھاقارەت خاراكتېرلىك لەقەملەرنى قويۇۋېلىشقا، سۆزلەپ يۈرۈشكە، ھەتتا ئەسەرلەردە قالايمىقان ئىشلىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

(2) ئابستراكت شەيئى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولغان كونكرېت شەيئىنىڭ نامى شۇ ئابستراكت شەيئى نامىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ قوللىنىش. مەسىلەن:

ئۇنىڭ داستىخىنى كەڭرى.

لۇشۈننىڭ ئۇستىخىنى قاتتىق.

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «داستىخان»، «ئۇستىخان» دېگەن ناملار كونكرېت شەيئىلەرنىڭ نامى. ئۇلار «سېخىلىق»، «ئىنقىلابىي قەيسەر ئىرادە، روھ» تىن ئىبارەت ئابستراكت ئۇقۇملارنىڭ نامى ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ قوللىنىلغان.

(3) توپلام شەيئىلەرنىڭ تەركىبىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر شەيئىنىڭ (تىپىك شەيئىنىڭ) نامىنى شۇ بىر توپلامدىكى شەيئىلەرنىڭ نامى ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ قوللىنىش. بۇ ئادەتتە ئومۇمىي نامنىڭ ئورنىغا جۇزئىي نامنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ئالماشتۇرۇش توپلام بىلەن بۆلەك ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتكە ئاساسلانغاندۇر.

«ئۇ، كۆپچىلىككە:

— بۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسەك، كالىمىز كېلىندۇ، يەنە ئاق چاچلىق قىز، خۇانگشىرىن كېلىپ چىقىدۇ،— دېدى.»

بۇ مىسالدا، «ئاق چاچلىق قىز» ئېزىلگەن، خورلانغان ئەمگەكچى خەلق نامىنىڭ ئورنىغا، «خۇانگشىرىن» ئەزگۈچى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ نامىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇلۇپ قوللىنىلغان.

«ئانا تۇپراق توپىسى گويا كۆزۈمگە تۇتىيا،
چۆلدە يۈرسەم ئۆزۈمنى سېزىمەن گۈلشەندىمەن.
سۇلىرى ئابىھايات كەۋسەر خىجالەت ئالدىدا،
نە ئۈچۈن موھتاج بولاي، خۇشتار بولاي زەمزەمگە مەن.
مەگە بارسام ئۆز ئانام قويىنىدا مەن، ئۆگەي ئەمەس،
مەيلى خوتەن، مەيلى ئەنشەن، مەيلى تەيخاگشەندىمەن.»

(ت. ئېلىيۇپ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»)

يۇقىرىقى شېئىردىكى «تۇپراق»، «سۇ» دېگەن ناملار ۋەتىنىمىزنىڭ بىياھا، خىلمۇ خىل، مول بايلىقلىرىنىڭ نامى ئورنىغا، «خوتەن»، «ئەنشەن»، «تەيخاگشەن» دېگەن ناملار ۋەتىنىمىزنىڭ شەھەر ۋە تاغلىرىنىڭ نامى ئورنىغا ئالماشتۇرۇلۇپ قوللىنىلغان. ئالماشتۇرۇشنىڭ بۇ خىل شەكلى شېئىرىيەتتە كۆپ قوللىنىلىدۇ. (بۇ ھەقتە «سىنكدوخا» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا تەپسىلىي توختىلىمىز.)

(4) شەيئى مەيدانىغا كەلگەن ياكى تۇرۇشلۇق

ئورۇنىنىڭ نامىنى شۇ شەيئىنىڭ نامى ئورنىغا. ياز-
غۇچىنىڭ نامىنى ئەسەرنىڭ نامى ئورنىغا. كىشىلەرنىڭ
ئەركىلەتمە ئىسمى ۋە ئاپتورلارنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىنى
ئۇلارنىڭ ئەسلى نامى ئورنىغا قوللىنىش. مەسىلەن:

پۈتۈن زال ئورنىدىن تۇردى.

قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدا قاغىلىق ئۇتۇۋالدى.

مەن گوركىينى، تولستوينى ئوقۇدۇم.

ئەي لۇتۇن قەبرەڭ بار ئالتۇن دىياردا. قەلبىمىڭ قوللاردا، ناخشاڭ دىللاردا.

قايىنام ئۈركىشى «ئاقسۇ گېزىتى» ئىدارىسىدا ئىشلىگەن.

يۇقىرىقى مىساللارنىڭ بىرىنچىسى، ئىككىنچىسىدە، شەيئى تۇرۇۋاتقان ئورۇنىنىڭ نامى شەيئىنىڭ نامى ئورنىغا، ئۈچىنچىسىدە، يازغۇچىنىڭ نامى ئەسەرنىڭ نامى ئورنىغا، تۆتىنچىسىدە، ئەركىلەتمە ئىسىم ئەسلى ئىسىم ئورنىغا، بەشىنچىسىدە، ئەدەبىي تەخەللۇس يازغۇچىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئورنىغا ئالماشتۇرۇلغان.

ئالماشتۇرۇشنىڭ يۇقىرىقى تۆت خىل شەكلىدىن باشقا شېئىرىيەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان مېتونومىيە، سىنېكدوخا قاتارلىق شەكىللىرىمۇ بار. بۇ ھەقتە ئايرىم توختالمىمىز.

ئالماشتۇرۇش بىلەن ۋەكىللىك ئوخشىتىش بەزىدە ئوخشىشىپمۇ كېتىدۇ. مەسىلەن، ھەر ئىككىسىدە «ئا» شەيئىنىڭ ئورنىغا «ب» شەيئى، ياكى «ب» شەيئى-

-نىڭ ئورنىغا «ئانا» شەيئى قوللىنىلىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى-سىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقلىرىمۇ بار.

ئالماشتۇرۇشتا ئالماشتۇرغۇچى شەيئى بىلەن (ئورنىغا قويۇلغۇچى شەيئى بىلەن) ئالماشتۇرۇلغۇچى شەيئى (ئورۇن بەرگۈچى شەيئى) ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بولىدۇ. ئالماشتۇرغۇچى شەيئىنىڭ نامى ئورنىغا شۇ شەيئى بىلەن زىچ باغلىنىشى بولغان باشقا بىر شەيئىنىڭ نامى قوللىنىلىدۇ. بۇ ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق ئۇقتىسى بولمايدۇ. بۇنىڭ تۈزۈلۈش ئاساسى — باغلىنىشتۇر.

ۋەكىللىك ئوخشىتىشنىڭ تۈزۈلۈش ئاساسى — ئوخشاشلىقتۇر. يەنى ۋەكىللىك ئوخشىتىشتا ئوخشىغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشالغۇچى شەيئى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بولۇشى شەرت. مەسىلەن، «سىرلىق سوقماقلار رومانىدا ئىككى رازۋېتچىك ئۆزئارا سۆزلىشىپ بىرسى:

«— چىقىپ قاراپ باق، تالادا ئىت بارمۇ؟»

دەيدۇ يەنە بىرسىگە.

بۇ يەردە ئىشپىيونلار ئىتقا ئوخشىتىلغان، چۈنكى ئىشپىيون بىلەن لالما ئىتنىڭ باشقىلارغا زىيانكەشلىك جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق مەۋجۇت. ۋەكىللىك ئوخشىتىشتا گەرچە ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىتىش سۆزلىرى كۆرۈنمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە رولىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئوخشىتىش ئىكەن-

لىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىتىش سۆزلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئوخشىتىش ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ھۆكۈم قىلىپ بېكىتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «شەخسىي بىر تامچە سۇغا ئوخشايدۇ، ئامما كەڭ دېڭىزغا ئوخشايدۇ» دېيىلسە، ئېنىق ئوخشىتىش بولىدۇ. «شەخسىي بىر تامچە سۇ، ئامما كەڭ دېڭىز» دېيىلسە، يوشۇرۇن ئوخشىتىش بولىدۇ. بىراق ئالماشتۇرۇشتا ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. «مەن پوشكىننى ئوقۇدۇم» دېگەن ئالماشتۇرۇش قوللىنىلغان جۈملىنى «پوشكىننىڭ ئەسىرى پوشكىنغا ئوخشايدۇ» ياكى «پوشكىننىڭ ئەسىرى پوشكىندۇر» دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىككى شەيئى ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش ھەم ئوخشاشلىق بولغان بولسا، بۇنداقتا، ھەم ئالماشتۇرۇش ھەم ئوخشىتىشنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن، «تۆمۈر كىشەنلەر پاچاقلاپ تاشلاندى»، «بەخت بۇلىقى ئېچىلدى» دېگەن جۈملىلەرنى ئالساق، «تۆمۈر كىشەن» ھەم كونا دۇنيانىڭ نامىغا قويۇلغان، ھەم كونا دۇنيا «تۆمۈر كىشەن»گە ئوخشىتىلغان، «بەخت ـ بۇلىقى» بولسا، يېڭى كىشىلىك دۇنياسىنىڭ نامى ئورنىغا قويۇلغان، ھەم يېڭى كىشىلىك دۇنياسى ئىنسانلارغا بەخت سائادەت كەلتۈرگىنى ئۈچۈن «بەخت بۇلىقى»غا ئوخشىتىلغان. دېمەك بۇلار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق مەۋجۇت.

ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

(1) ئالماشتۇرغۇچى شەيئىنى كىتابخانىلار ۋە تىڭ-
شىغۇچىلار بىلگەن ئەھۋال ئاستىدا ياكى ئالماشتۇرغۇچى
شەيئىنى (ئورۇن بەرگۈچى شەيئىنى) ئەسەر ۋە نۇتۇق-
نىڭ ئالدىنقى قىسمىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئەھۋالدا
ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. شۇنداق قىلى-
غاندا، كىتابخانلار ۋە تىڭشىغۇچىلار ئالماشقۇچى شەيئى-
نىڭ نېمىنى ياكى كىمنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى، يەنى
نېمىنىڭ، كىمنىڭ نامى ئورنىغا ئالماشقانلىقىنى
ئۇقالايدۇ.

(2) ئالماشقۇچى شەيئى (ئورۇن ئالغۇچى شەيئى)
روشەن بولغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى
كېرەك. ئالماشقۇچى شەيئى بىلەن ئالماشتۇرغۇچى
شەيئى ھەم زىچ باغلىنىشلىق بولۇشى ھەم تۇراقلىق
مۇناسىۋەتتە بولۇشى كېرەك.

(3) ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتا، مەزمۇنغا
ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئالماشتۇرۇلغان نام
ئالماشقۇچى شەيئىنىڭ خاراكتېر، خۇسۇسىيەتلىرىگە ماس
ۋە ئويغۇن بولۇشى كېرەك.

(4) ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى سۆزلەش ئادەتلىرىگە
ۋە ئەمەلىيەتكە ئويغۇن بولۇشى كېرەك.

## 11. مەسەل

ئادەم، ھايۋان ۋە نەرسىلەردىن ئىبارەت پېر-
سوناژلار پائالىيىتىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، ئىجتىمائىي

تۇرمۇشتىكى پەقەت ئادەملەرگىلا خاس بولغان بىرمۇ
مەسىلە، بىرەر كۆزقاراش ياكى بىرەر قائىدىنى كۆل-
كىلىك، ئاللىگورىيىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش-
تىن ئىبارەت ستىلىستىكىلىق ۋاسىتە مەسەل دېيىلىدۇ.
مەسەلدە كۆپىنچە ئادەمدىكى خۇسۇسىيەت ھايۋان ۋە
نەرسىلەرگە كۆچۈرۈلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھايۋانلار ۋە
نەرسىلەرنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ئىجتىما-
ئىي مۇناسىۋەتىدىكى زىددىيەتلەر ئېچىپ بېرىلىدۇ.
يەنى «ئا» شەيئى «ب» شەيئىگە، يېقىندىكى نەرسە
يىراقتىكى نەرسىگە، ھازىرقى زاماندىكى نەرسە ئىلگىرى-
كى زاماندىكى نەرسىگە مەسەللەشتۈرۈلۈش ئارقىلىق،
ئاددىي قانۇنىيەتلەر ئىچىدىن چوڭقۇر قانۇنىيەت، پەل-
سەپىۋى قاراشلار كەلتۈرۈلۈپ چىقىرىلىدۇ.

مەسەلگە ئېلىنغان ھېكايە جانلىق، قىسقا، كۆل-
كىلىك، ئاللىگورىيىلىك خۇسۇسىيەتكە، ھەمدە چوڭقۇر،
مول مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ.

يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا، بىرەر ئوي - پىكىرنى
چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغان شارائىتتا مەسەلگە مۇرا-
جىئەت قىلىنىدۇ. بۇ خىل مەسەللەر كۆپ ھاللاردا تەر-
بىيىۋى ئەھمىيىتى زور، ھەجمى كىچىك، روشەن پەل-
سەپىۋى قاراشقا ئىگە، مەسخىرە قىلىش، پاش قىلىش
كۈچى بولغان تەييار ھېكايە، چۆچەك، رىۋايەتلەرنى
نەقىل كەلتۈرۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، ياكى ئاپتورنىڭ
مۇۋاپىق ھېكايە توقۇش يولى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.
مەسەلنىڭ مۇبالىغە قىلىش، مەسخىرە قىلىش خاراكتېرى

كۈچلۈك بولىدۇ. مەسەلىنىڭ دائىرىسى ھەجىمگە قارىغاندا كەڭرەك بولىدۇ. ھەجۋى مەسەلىنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتىدۇر.

بەزىبىر مەسەللەرنىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغاچقا، كىتابخانلار بىرەر قېتىم ئوقۇپ چىقىش بىلەن چۈشىنىپ كېتەلمەسلىكى مۇمكىن. مۇشۇ خىل ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاپتورلار كۆپ ھاللاردا مۇھاكىمە ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىۋېلىشىغا ئاسانچىلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. بەزى مەسەللەرنى كىتابخانلار بىر قېتىم ئوقۇش بىلەنمۇ چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ. مەسىلەن:

«گۈل - چېچەكلەر ئېچىلغان باھاردا،
قۇشلار توپلاندى گۈزەل بوستانغا.
باشقىلار جىم ئولتۇراتتى خەپ شۈك،
قاقاقلاپ كۈلۈپ سۆز ئاچتى كاككۇك:
«كۆردۈڭلارمۇ ھېلىقى كەپتەرنى؟
ئاڭلىدىڭلارمۇ مۇنداق گەپلەرنى؛
ئۇ كۈندۈزى بوستانلارنى ئارىلاپ،
كەچتە ياتار ئەسكى تامدا مارىلاپ...
كىمنى كۆرسە ھېجىيىدۇ ۋالاقلاپ،
ئارقىسىدىن يۈگۈرىدۇ پالاقلاپ.
ئۇۋىسىدا تۇخۇم بېسىپ ياتمايدۇ،
باشقىنىڭ جۈپتىنى ئەگىپ كەتمەيدۇ.
ھە، مانا ئۇجمە كۈكۈل دېگەن شۇ!
ئۆز جۈپتىگە ۋاپاسىز ئىكەن ئۇ!»

بۇ غەيۋەت شۇنى بىلدۈرىدۇ:
كاككۇك ئۆز ئىسمىنى قىچقىرىدۇ.»
(زۇنۇن قادىرى «كاككۇكنىڭ غەيۋىتى»)

ئاپتور يۇقىرىقى مەسەلدە، «كاككۇكنىڭ غەيۋىتى» ئارقىلىق، باشقىلارنى كۆرەلمەيدىغان، غەيۋەتخور، ئىچى تار، ھەسەتخور كىشىلەرنى ھەجۋى ئاستىغا ئالغان.

مەسەل ئاپتورىنىڭ ئوي - پىكرىنى باشقا نەرسىلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق يوشۇرۇن ھالدا ئىپادىلەپ كىشىلەرنى تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ. ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ئىشچان، ياخشى پەزىلەتلىك بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ھەر خىل ناچار، بولمىغۇر قىلىقلارنى تۈزىتىشكە، ھەرخىل پەسكەش، رەزىل قىلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

مەسەلدە ھايۋانات ياكى تەبىئەتتىكى ھەر خىل نەرسىلەر ئادەملەشتۈرۈلىدۇ. ئادەمگە ئوخشاش سۆزلىتىلىدۇ. ئادەملەردە بولىدىغان ھېسسىيات، خۇسۇسىيەت، مىجەز، خاراكتېرگە ئىگە قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، باشتا دېگىنىمىزدەك، ئۇ خىل ھايۋان ۋە نەرسىلەر جەمئىيەتتىكى مەلۇم كىشىلەرگە، مەلۇم گۇرۇھقا، مەلۇم سىنىپقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئۆي كەپتىرى توخۇغا دېدى:
‹قاناتلىق دەپ ئاتاركەن سىزنى،
كەمىنىڭىز كۆرۈپ باقمىدى،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچقىنىڭىزنى.›

توخۇ دېدى گىدىيىپ شۇ چاغ:
«مەن ئۇچقاندا سىلەر يوق بەلكىم.
قىران چېغىم ئۇچۇپ - ئېشىپ تاغ.
لاچىن بىلەن بەسلەشكەن ئىدىم.
لېكىن ھازىر ئەھۋال باشقىچە.
ئۇچتۇچىلار كۆپ بولۇپ كەتتى.
يىڭنا غۇچتىن ئادەملەرگىچە.
قانات ياساپ ئۇچۇشۇپ كەتتى.
بۇنداق چاغدا ئېيتقىنا ئۆزۈڭ،
قانداقمۇ ھەم ئۇچقۇڭ كېلىدۇ؟
مانا ھازىر ئۇچمىسامۇ مەن،
ئۇچۇشۇمنى ھەممە بىلىدۇ.»

(ئۆمەرجان توختى روزى «ھەممە بىلىدۇ»، «تارىم ژۇرنىلى» 1987- يىل، 2 - سان)

يۇقىرىقى مەسەلدىكى توخۇ، كونا دەسمىنى يەپ يېتىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشنى خالىمايدىغان، ئۆز - ئۆزىدىن ئورۇنسىز مەغرۇرلىنىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئوبرازىدۇر.

مەسەل كۈچلۈك ئاممىبابلىققا ئىگە. ئۇ ئىلگىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى سۈپىتىدە خەلققە مەنىۋى ئوزۇق بەخش ئېتىپ كەلگەن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ مەزمۇن دائىرىسى كېڭىيىپ، شەكلى تېخىمۇ جانلاندى. ئاتاقلىق داھىيلار، سىياسىيونلار، ئەدىبلەر، ناتىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى تېخىمۇ قىزىقار-

لىق، ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە، مەسەللەردىن ئۈنۈم-
لۈك پايدىلىنىدىغان بولدى. قەدىمكى يۇنانىدىكى
«ئېزوپ مەسەللىرى»، خەنزۇ خەلقى ئىچىدىكى «يۇگوڭ-
نىڭ تاغنى يۆتكىشى»، «قارىغۇنىڭ پىلنى سىلىشى»،
«دەرەخ تۈۋىدە توشقان تۇتۇش» قاتارلىق مەسەللەر،
رۇس خەلقىنىڭ مەسەلچىسى كىرىلوۋنىڭ «خوراز بىلەن
ئۆردەك»، «يالغانچى»، «خوراز بىلەن تۈلكە»، «بۆرە
بىلەن قوزىچاق»، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پېشقەدەم مەسەل-
چىسى زۇنۇن قادىرىنىڭ «قوشچى بىلەن چاشقان»
قاتارلىق مەسەللىرى دائىملىق مەسەللەر سۈپىتىدە سىيا-
سىي نەزەرىيىۋى ماقالىلەر ۋە نۇتۇقلاردا كۆپلەپ
قوللىنىلماقتا.

مەسەللەرنى قوللىنىشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت
قىلىش كېرەك.

(1) مەسەلدە جەزمەن ھېكايە ياكى چۆچەك
شەكلى ئارقىلىق مەلۇم قانۇنىيەت چۈشەندۈرۈلۈشى
كېرەك.

(2) مەسەلدىكى ھايۋانات ياكى باشقا نەرسىلەر-
نىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن، ئۇلار ۋەكىللىك قىلغان كىشى-
لەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوتتۇرىسىدا جەزمەن ئۆزئارا
ماسلىق، جىپسىلىق بولۇشى كېرەك. مەسىلەن «قۇدۇق
تېگىدىكى پاقا» دېگەن مەسەلنىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتى—
مەسىلىگە تار دائىرىدە قارايدىغان كىشىلەردىن ئىبا-
رەتتۇر. بۇ مەسەلدە، پاقىنىڭ قۇدۇق ئىچىدىكى ھا-
لىتى، خۇسۇسىيىتى ئەنە شۇ خىل كىشىلەرنىڭ ھالىتى-

خۇسۇسىيەتلىرىگە تەڭ[illegible]لگەن. بۇ ئىككى شەيئى ئارىسىدا (قۇدۇق ئىچىدىكى پاقا بىلەن نەزەر دائىرىسى تار كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا) ماھىيەتلىك باغلىنىشلىق، ماسلىق مەۋجۇت. بۇ خىل باغلىنىشلىق، ماسلىق بولمايدىكەن، مەسەلنىڭ ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ.

## 12. چوڭقۇرلاشتۇرۇش

تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، ئايرىملىقتىن ئومۇمىيلىققا، تۆۋەندىن يۇقىرىلىققا ئۆتۈشتەك راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى بويىچە، شەيئىلەرنىڭ قاتلاممۇ قاتلام تەرەققىي قىلىش مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتەك ستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش شەكلى — چوڭقۇرلاشتۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«خەلقنى بىز تەشكىللەيمىز. جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنى بىز خەلقنى تەشكىللەش بىلەن يوقىتىمىز. ھەرقانداق ئەكسىيەتچىل نەرسە يوقاتمىساڭ يوقالمايدۇ. بۇمۇ يەر سۈپۈرگەنگە ئوخشايدۇ، سۈپۈرگە تەگمىگىچە ئەخلەت ھامان ئۆزلۈكىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.»

(ماۋزېدۇڭ «ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ فاڭجېنىمىز»)

يۇقىرىقى مىسالدا جۇڭگو ئەكسىيەتچىلىرىنى خەلقنى تەشكىللەش ئارقىلىق يوقىتىشتىن ئىبارەت مەسىلە قاتلاممۇ قاتلام چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ ئىپادىلەنگەن.

بۇ خىل راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلى شېئىرىيەتتىمىز كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«بېيجىڭ قەدىرلىك،
بېيجىڭ سۆيۈملۈك،
يېڭى دۇنياغا.
شۇ جاي سالغان ئىز.
بېيجىڭ دېگەندە،
بەخت ياغىدۇ،
ئېلىمگە ئۇ جاي،
جاندىنمۇ ئەزىز.
ئەنە شۇ جايدا،
پايتەختىمىزدە،
ئۇلۇغ پارتىيە
ئېلىمىزگە باش.
كوممۇنىزمغا،
باشلايدۇ ئەلنى،
كومپارتىيىمىز،
بىزگە بولۇپ باش.»
(ئەلقەم ئەختەم «بېيجىڭ»)

شائىر يۇقىرىقى شېئىردا بېيجىڭنىڭ ئۇلۇغلۇقى، شان - شۆھرىتى، قۇدرىتى... قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى شېئىردىي تەپەككۇر ئارقىلىق قاتلاممۇ قاتلام ئېچىپ بەرگەن.

راۋاجلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، قاتلام

ئىنىدىن يېنىرى بولۇشى، قاتلاملار ئۆزئارا زىچ مۇ-ناسىۋەتتە بولۇشى، ئۇلار بەلگىلىك تەرتىپ بويىچە قانات يايدۇرۇلىشى كېرەك.

## 13. دىئالوگ

ئەدەبىي ئەسەرلەر پېرسوناژلىرىنىڭ ئۆز ئارا سۆھبىتى دىئالوگ دېيىلىدۇ. دىئالوگ ئەسلىدە گىرېكچە سۆز بولۇپ، بىزچە «گەپلىشىش»، «سۆھبەتلىشىش» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. مەسىلەن:

«— مېنىڭ قازاق كېلىنچىكىم ئوغۇل تۇغۇپ بەردىمۇ — قىزمۇ؟

— ئوغۇل.

— خۇدا مۇبارەك قىلغاي، رەۋىخان ئايلاراپام — زە، «مەككىدە بىر جاي بار يالپاقىنا. خۇدايىم ئوغۇل بەرسۇن ئاپئاقىنا» دەپ يۈرۈپ، تىلىگىنىگە يېتىپتۇ. يېڭى جاننىڭ ئېتىنى نېمە قويدۇڭلار؟

— ئارمانبەگ.

— ئارمانبەگ؟

— ھەئە، ئارمانبەگ.

— بۇ، يوچۇنلا بىر ئات بوپتۇغۇ؟ كىم قويۇپ بەردى؟

— دادام.

— نېمىشقا بۇنداق ئات قويدۇ؟

— ئارمانلىق كۈنلەردە تۇغۇلغان ئوغۇل بولغان-

دېگەن، ئېتى ئارمان بولسۇن دېدى.»

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

شېئىرىيەتتىمۇ شائىر ئۆز ھېسسىياتىنى كىتابخانلارغا ئېنىق، جانلىق، ئوبرازلىق، تەسىرلىك يەتكۈزۈش ئۈچۈن ۋە ئەسەرگە قاتناشتۇرۇلغان پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى، روھىي ھالىتى، ئىچكى دۇنياسىنى، كىملىكىنى ئېنىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولغان دىئالوگدىن پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن:

...

«بەگ دېدى: بايغا خىنىم بولساڭ بەخت، بولما نادان.
قىز دېدى: باردۇر مېنىڭ سۆيگەن نىگارىم — مېھرىبان.
بەگ دېدى: ئۇ پەس گاداي، ئەستىن چىقارغىن سەن ئۇنى.
قىز دېدى: شاھتىن ئۇلۇغ، ئارتۇق ھېسابلايمەن ئۇنى.
بەگ دېدى: بايلىق، بەخت بەرمەيدۇ ھەرگىز ئۇ ساڭا.
قىز دېدى: ئۆتسە ھاياتىم يار بىلەن شۇ — بەخت ماڭا.
بەگ دېدى: كاج بولمىغىن، قىلما پۇشايمان ئاقىۋەت.
قىز دېدى: ئىشق ئەھلىگە دال بولمىغاي تەھدىت پەقەت.
بەگ دېدى: پۇرسەتنى قولدىن بەرمە، بولما خارۇ-زار.
قىز دېدى: قالغىن قولۇڭدىن كەلسە قانچە كارۇ-خار.
بەگ دېدى، زىندانغا تاشلاپ بۇردا-بۇردا قىلىمەن.
قىز دېدى: ساقلاپ ئەقىدە يارۇ-يار دەپ ئۆلىمەن...»

...

(مامۇت زايىت «گۈلمېرۇي»)

ئەدەبىي ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە

سۆزلىشىدىن ئىبارەت بىر خىل شەكلىمۇ بار. بۇ مونولوگ دېيىلىدۇ. بۇنىڭمۇ ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى، روھىي دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتە رولى چوڭ. مەسىلەن:

«سەيپۇڭ توختىنىڭ خىيالى شۇ يەرگە يەتكەندە، ئۇنىڭ چىشلىرى غىچىرلاپ، قېرىنداشىنى سىزندۇرۇۋەتتى. ئۇ، ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ يەنە خىيالغا چۆمدى. ئۇنىڭ كۆزىگە بىردىنلا ھۆسنارىخان كۆرۈنۈپ كەتكەندەك بولدى - دە، دۋاي ئېسىت، بۇ جوگانىمۇ قولدىن كېتىپ قالدى، ئەقلى - ھوشى بولمىسا، گۆلدەك جوگان ئىتقا يالاق دەپ، ئۇنىڭ زەڭگى مورۇن قازانغا ئوخشايدىغان قارا بوسۇققا كۆڭلى چۈشۈپ قالغىنىنى قارىمامدىغان، توۋا، دەپ پىچىرلىدى. شۇئارىدا خۇددى يۇتتۇرۇپ قويغان بىر نەرسىنى تېپىۋالغاندەك، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلىدى: «تازىمۇ ھاماقەت ئىكەنمەن. چۈنىندەك جېنىم بىلەن تۆمۈرنى ئۆزۈم يالغۇز نېمىمۇ قىلالايتتىم. قارا بوسۇقنى يېنىمغا قارتسام بولمامدۇ؟ مەندىن نېمە كېتەتتى؟ پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا، يىگىت بېشىم ئامان بولسا، شەھەرمۇ-شەھەردە مېنىڭ يارىم دەپتىكەن. ئون ئىككى تاغقا باش بولسام مۇنداق ھۆسنارىخانلاردىن كۆزمىڭى تېپىلمامدۇ؟ قارا بوسۇقنى ئۆزۈمگە ئىگەۋالسام، ئىشنىڭ پۈتكىنى شۇ. تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇشۇم كېرەك!»»

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

يۇقىرىقى مىسالدىكى مونولوگلاردىن بىز قۇمۇل، دېھقانلار قوزغىلىڭىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان سەيپۇڭ توختىنىڭ ساتقۇنلۇق خاراكتېرىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

سەھنە ئەسەرلىرىدە مونولوگ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» دراممىسىنىڭ 2 - پەردە، 1 - كۆرۈنۈشىدە، شەرۋان ئاغىچا ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن مەشرەپ ئۆز - ئۆزىگە مۇنداق سۆزلەيدۇ:

«مەشرەپ: نېمە كېچە باردۇ؟گەپلىرىگە قارىغاندا مېنىمۇ راستتىنلا ياخشى كۆرىدۇ. ئىشقىلىپ مېنىڭ سۆزۈمدىن چىقمىسائىلا مۇرادىمغا يېتىمەن دەيدىغۇ، «پەرى، پەرى» دېيىشىدۇ، مەنىغۇ پەرىنى كۆرمىدىم، شاھيۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بەزمە قىلغانلارنىڭ ئاغزىدىنلا ئاڭلىدىم، پەرى دېگەن ھەرقانچە بولسا، مۇشۇ شەرۋان ئاغىچىچىلىك چىرايلىقتۇ...»

شۈكۈر يالقۇننىڭ «شاڭخەي كېچىسى» دراممىسىدىن يەنە بىر مىسال كۆرەيلى:

«جىڭ گۈلەن: (يالغۇز سەنتۇرۇلۇپ بېرىپ ئاستا دىۋانغا ئولتۇرىدۇ.) دېمەك، بۇ كېچە مېنىڭ ھايات - ماماتلىق تەقدىرىم ھەل بولىدۇ، (خىيال سۈرىدۇ) ئۆلۈمگە

رازىمەنكى، بۇ ئىشقا رازى بولمايمەن.
(يىغلاپ. بېشىنى دېۋاننىڭ يۆلەنچۈكى-
گە قويىدۇ.) ياق! ياق! (ئورنىدىن.
دەس تۇرىدۇ) ياق، ئۇلار مېنى ئۆلتۈر-
مەيدۇ. تۆتىنچى قەۋەتتىنمۇ تاشلىۋەت-
مەيدۇ. چۈنكى، مەن ئۇلارغا كېرەك.
ئۇلارنىڭ ئىپلاس مەقسىتىگە خىزمەت
قىلىشىم كېرەك. ئۇلار مېنى ئۆلتۈرمەيدۇ.
بەلكى ئاسرايدۇ، ھەتتا مېنى ئۆلۈمدىن.
قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. چۈنكى مەن ئۇلارغا
كېرەك. ياق، مەن ئۆلىمەن، مەن بۇ
نومۇسسىزلىققا چىدىمايمەن. مەرھۇم
ئاتا - ئانامغا يۈز كېلەلمەيمەن.
جۇڭگولۇققا يۈز كېلەلمەيمەن. مەن.
ئۆزۈمنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈپ،
ئاق يۈزۈم، نومۇسۇم، ساپ ۋىجدانىم
بىلەن دۇنيادىن كېتىمەن. (پائۇزا)
شاڭخەي، مەن سېنىڭدە تۇغۇلدۇم.
سېنىڭدە ئۆستۈم، ئەمدى سېنىڭدە ئۆ-
لىمەن. شاڭخەي كېچىسى، مېنى ئۆز
قوينۇڭغا ئال!...»

بۇ مىسالدا مونولوگ رېتورىك خىتاب بىلەن گىرە-
لىشىپ كەلگەن.

## 14. ياندا شتۇرۇش

مەزمۇن جەھەتتە زىچ باغلىنىشلىق، قۇرۇلۇش جەھەتتە ئوخشاش ياكى ئاساسەن ئوخشاش، ياكى مەزمۇن جەھەتتە قارىمۇ قارشى، قۇرۇلۇش جەھەتتىمۇ زىت بولغان شەيئى، ھادىسە ۋە كۆزقاراشلارنى ياندا شتۇرۇش يولى بىلەن، تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئاساسىي شەيئى، ھادىسىنى، ئىپادىلىمەكچى بولغان ئاساسىي كۆز قاراشنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ستىلىستىكىلىق ۋاستە ياندا شتۇرۇش دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

«پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ياخشىلاش ئۈچۈن پارتىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش كېرەك. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە پارتىيە ئىنتىزامى بوشاپ كەتتى. تا ھازىرغىچە تولۇق ئەسلىگە كەلمەيۋاتىدۇ، بۇمۇ پارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى. ئىنتىزام خېلىلا بوشاپ كەتكەنلىكتىن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىرمۇنچىسى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، پارتىيىنىڭ قارارلىرىنى، پارتىيە بەلگىلەپ بەرگەن ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلمايدىغان ياكى تولۇق ئىجرا قىلمايدىغان بولۇۋالدى. بىر پارتىيە ئۆز ئەزالىرىنىڭ تامامەن شەخسىي ئارزۇسى بويىچە ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىشىگە، خىيالىغا كەلگەننى قىلىۋېرىشىگە يول قويۇۋېتىدىغان

بولسا، بۇ پارتىيىدە، ئەلۋەتتە، ئىرادە بىرلىكىنىڭ بولۇشى، مۇمكىن ئەمەس. جەڭگىۋارلىقىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. پارتىيە ۋەزىپىلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. دېمەك پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ياخشىلاش ئۈچۈن، پارتىيە ئىنتىزامىنى قاتتىق قوغداش، ئىنتىزامچانلىقىنى تازا كۈچەيتىش لازىم. شەخسىي تەشكىلگە بويسۇنۇشى، تۆۋەن يۇقىرىغا بويسۇنۇشى، پۈتۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا بويسۇنۇشى لازىم. بۇلارنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، پارتىيە جەڭگىۋار كوللېكتىپ بولۇپ شەكىللىنەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاۋانگارت قوشۇن بولۇش سالاھىيىتىمۇ بولمايدۇ.»

(دېڭ شياۋپىڭ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 406 — 407 - بەتلەر)

يۇقىرىقى مىسالدىكى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئاساسىي كۆزقاراش «پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ياخشىلاش ئۈچۈن، پارتىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت. مۇئەللىپ بۇ ئاساسىي كۆزقارىشىنى تېخىمۇ ئېنىق، ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» كەلتۈرۈپ چىقارغان، پارتىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىشكە زىت بولغان بىرقاتار خاتا قاراش، ھەرىكەتلەرنى، پىكىر-ئېقىملارنى يانداشتۇرۇش يولى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇلارنى تەنقىد قىلغان. شۇ ئارقىلىق پارتىيە رەھ-

بەرلىكدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ياخشىلاش ئۈچۈن پارتىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

ياندىشتۇرۇش ئۇسۇلى شېئىرىيەتتە قوللىنىلغاندا، شائىر مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى نەرسىنى قاتار قويۇش ئارقىلىق، ئۈچىنچى بىر خىل مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

«نېدىن لالە باغرى ئېرۇر بۇنچە خۇن؟
ئانى غەمكىن ئەتتى پەلەك ۋاژگۇن.

كۆرۈك كىم بېھىنىڭ يۈزى بولدى زەرد،
پەلەك گەردىشىدىن يۈزى بولدى گەرد.

... چېكەر چوغىز ۋەيرانلاردا سەدا،
كى غەم نەيلىدىن ئۇل ئەمەستۇر جۇدا.

... نېدىن ئارسلاننىڭ ئېرۇر جىسمى داغ،
سىتەمكار زاماندىن ئەمەس كۆڭلى ساغ.»

يەشمىسى:

نېمە ئۈچۈن لالىنىڭ باغرى مۇنچە لەختە - لەختە قانغا تولغان؟

(شۇنىڭ ئۈچۈنكى) شۇم پەلەك - زامان ئۇنى غەمكىن قىلىپ قويدى.

قارىڭ، ياخشىنىڭ چىرايى سارغايدى،

پەلەك زامان ئايلىنىشىدىن (ئۆزگىرىشىدىن)
يۈزلىرىنى چاڭ - توزان باستى.

ھۇقۇش ئىپلاس بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا شۇملۇق
بىلەن ھۇۋ - ھۇۋقىلىدۇ.
ئۇنىڭ ھۇۋلىشى ھەرگىزمۇ جۇدالىق دەردىدىن
ئەمەستۇر.

نىمە سەۋەبتىن يولۋاسنىڭ تېرىسىدە داغ بولىدۇ؟
(سەۋەب شۇكى) بۇ زالىم زاماندىن ئەمەس،
بەلكى نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىندۇر.
(ئابدۇرېھىم نىزارى «رابىيە - سەئدىن»)

يۇقىرىقى مىسالدا، ئاپتور تەبىئەت دۇنياسىدىكى لالە، بىھى، چوغىز، (ھۇقۇش) ئارسلان قاتارلىق تۆت نەرسىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە زىت بولغان خۇسۇسىيەتلىرىنى ياندىشتۇرۇپ بەرگەن. بۇ ئارقىلىق، رابىيە - سەئدىنىدىن ئىبارەت ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ چەككەن جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلغان. بۇنىڭدىن ئاخىرىدا، رابىيە - سەئدىنلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېچىنىشلىق كۈلپەتلەرنىڭ سەۋەبچىسى، جاۋابكارى بولغان فېئودالىزملىق ئۆتمۈش جەمئىيەتنىڭ رەزىللىكىنى، ئىپلاسلىقىنى ئەيىبلەشتىن ئىبارەت ئۈچىنچى بىر خىل كۆزقارىشىنى ئىپادىلىگەن.

ياندىشتۇرۇش تۈزۈلۈش شەكلىگە قاراپ ئۇلاڭ

ياندا شتۇرۇش ۋە تەتۈر (قارىمۇ قارشى) ياندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

ئىككى شەيئى ۋە ھادىسە (كەۋدىلەندۈرۈلگۈچى شەيئى ۋە ھادىسە بىلەن كەۋدىلەنگۈچى شەيئى ۋە ھادىسە) خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنىڭ باغلىنىشى ئوڭ مۇناسىۋەتتە كەلگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئاساسىي شەيئى ۋە ھادىسىگە قوشۇمچە شەيئى ۋە ھادىسىنى ياندا شتۇرۇش ئارقىلىق ئاساسىي شەيئى ۋە ھادىسىنى كەۋدىلەندۈرۈش ئوڭ ياندا شتۇرۇش دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

«... جىمجىت قاراڭغۇ كېچە، دېڭىز سۈيى غەزەپ بىلەن قىرغاقتىكى قىيا تاشلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئادەمنىڭ ئەرۋاھىنى ئۈركۈتكۈدەك. ئەمما ھەمىشە بىر خىلدا يېقىمسىز ئاۋاز چىقىراتتى. لىن داۋجىڭ قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان قۇملۇقتا تىتىلغان — ئۇ ئۆلمەكچى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى چوڭ دېڭىزغا ئاتاي دەۋاتقاندا، مۇلايىم بىر جۈپ بىلەك ئۇنى قۇچاقلىۋالدى ...»

(ياڭ مو «ياشلىق ناخشىسى»)

(يۇقىرىقى مىسالدىكى، ئاستىغا سىزىق سىزىلغىنى ئاساسىي ۋەقەدۇر، سىزىق سىزىلمىغىنى قوشۇمچە ۋەقەدۇر. بۇ، ئوڭ ياندا شتۇرۇشتۇر.)

خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىك جەھەتتە ئاساسىي شەيئى ۋە ھادىسىگە زىت (قارىمۇ قارشى) بولغان قوشۇمچە شەيئى ياكى ھادىسىنى ئاساسىي شەيئى ۋە ھادىسىگە ياندا شتۇرۇش ئارقىلىق، ئاساسىي شەيئى ۋە ھا-

دىنىنى گەۋدىلەندۈرۈش قارىمۇ قارشى ياندىشتۇرۇش دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

«... يېراقلاردا دېپاسۇر - پوسۇر، قىلىپ ئېتىلىۋاتقان پوجاڭزا ئاۋازى سۈس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك گۈلدۈرلەپ، لەپىشىپ يېغىۋاتقان قار بىلەن كەشنى بىر ئالغان ئىدى.

بۇ ئاۋازلار ئىچىدە بىر ئاز ئېزىلىپ، كۈرەڭلۈم ئاراسىغا چۈشۈپ قالدى. ئەتىگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋام قىلغان گۇمانلىق خىياللار «بەخت تىلەش» گۈلدۈرتارا قلىرىدا مېڭەمدىن تامام ئۇچۇپ كەتتى. ئاسمان - زېمىندىكى مازايى - ماشايىقلار قىلىنغان قۇربانلىقلارغا ۋە لەززەتلىك ھىدلارغا مەست بولۇپ، لۇجېن خەلقىگە چەكسىز بەخت ئىنئام قىلىمىز دەپ پەلەكتە لەلەڭشىيۇرسە كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

(لۇشۈن «بەخت تىلەش»)

(مىسالدىكى ئاستى سىزىلغانلىرى ئاسىسى ۋەقە، سىزىلمىغانلىرى قوشۇمچە ۋەقە.)

لۇشۈن بۇ يەردە، لۇجېن بازىرىدىكى بايلارنىڭ «بەخت تىلەش» ھالىتىنى غەزەپلىك ھېسسىياتى بىلەن تەسۋىرلەيدۇ، بۇ ئارقىلىق، شياڭلىن ھەدىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى زىت تەرەپتىن (سەلبىي تەرەپتىن) گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

ياندىشتۇرۇش شېئىرىيەتتىن باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردە قوللىنىلغاندا، تەكرارلاش ئۇسۇلى بىلەن كىرەلىشىپ

مۇ كېتىدۇ. ئەمما ئىككىسى هامان پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەلۇمكى، تەكرارلاشنىڭ رولى مەلۇم نۇقتىنى تەكىتلەش، ۋە گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ياداشتۇرۇشنىڭ رولى ئاساسىي شەيئى ۋە هادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ياداشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم.

(1) ئاساسىي شەيئى ۋە هادىسە بىلەن قوشۇمچە شەيئى ۋە هادىسە ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بولۇش لازىم.

(2) ئاساسىي شەيئى ۋە هادىسە بىلەن قوشۇمچە شەيئى ۋە هادىسە ئېنىق ئاجرىتىلىشى كېرەك. شۇ ئارقىلىق، ئاساسىي شەيئى ۋە هادىسەقوشۇمچە شەيئى ۋەهادىسىنىڭ ياداشتۇرۇلۇشى ئارقىلىق جەزمەن گەۋدىلەنگەن بولۇشى لازىم. يەنى تەبىئىي هالدا، قوشۇمچە شەيئى ۋە هادىسە ئاساسىي شەيئى ۋە هادىسىگە بېقىنغان هالدا خىزمەت قىلىشى كېرەك.

(3) ياداشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ئۇنىڭ باشقا ستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى بىلەن، بولۇپمۇ تەكرارلاش، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇللىرى بىلەن بولغان پەرقىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

## 15. يوشۇرۇن مەنىلىك سۆزلەر

سۆز، جۈملىلەرنى ئەينەن بىر خىل مەنىدە ئىشلەتكەن بولۇپ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن باشقىچە

يوشۇرۇن مەنە ۋە مەقسەتنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت
ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە يوشۇرۇن مەنىلىك سۆزلەر دەپ ئا-
تىلىدۇ. بۇ خىل يوشۇرۇن مەنىلىك سۆزلەر ئارقىلىق،
چەمئىيەتتە، كۆپچىلىك ئالدىدا توغرىدىنتوغرا، بى-
ۋاستە ئوتتۇرىغا قويۇش بىئەپ، پايدىسىز بولغان، نا-
ھايىتى چەكلىك ھالدىكى ئۆز كىشىلىرىگىلا بىلدۈرۈشكە
بولىدىغان، مەخپىيەتلىكى ساقلىنىشى زۆرۈر بولغان
ئوي - پىكىرلەر ئىپادىلىنىدۇ. يوشۇرۇن مەقسەتنى
ئىپادىلەيدىغان سۆز، جۈملىلەر ئاددىيلاشتۇرغاندا ئىك-
كى خىل مەنىگە ئىگە بولىدۇ. بىرسى ئىپتىلىۋاتقان
سۆز، جۈملىنىڭ ئەسلى مەنىسى. يەنە بىرسى پەقەت
سۆزلىگۈچى بىلەن تىڭشىغۇچىغىلا مەلۇم بولغان يوشۇ-
رۇن مەنىسى. بۇ خىل سۆز، جۈملىلەردىكى يوشۇرۇن
مەنىنى ئادەتتىكى كىشىلەر ئىنىق چۈشىنەلمەيدۇ. ياكى
چۈشىنىش ئۈچۈن چوڭقۇر كۆزىتىشكە، مۇلاھىزە قىلىش-
قا توغرا كېلىدۇ. پەقەت شۇ سۆز، جۈملىلەردىكى يو-
شۇرۇن مەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئال-
دىن بۇ ھەقتە پىكىر بىرلىكى بولغان كىشىلەرلا ئۇنى
تولۇق چۈشىنەلەيدۇ. مەسىلەن:

«ئەمىرنەپ ھۆسەيىن تويدىن كېيىن بۇبى رابى-
يە بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، خىزمىتىگە ئۇزە قاراپتۇ. بۇ-
بى رابىيە ھامىلدار بولۇپتۇ. بىر كۈنى بۇبى رابىيە
گەپ باشلاپ: «ئەي ئەمىرىم شاھىمىز سىزنى بىر ناۋاي
قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئىكەن، بېشىڭىزدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن
تەۋەڭدە تۇغمەس نېنىڭىز بار ئىكەن. ئىشتىھايىڭىز كەل-

گەندە قولىمىزنى سىزنۇپلا ئېلىپ يەيدىكەنمىز. ناۋاي
بوينىنى تىك تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭمىسا، بېشى-
دىن تەۋەك چۈشۈپ كېتىپ، نانىنىڭ بۇلغى-
نىشى تۇرغان گەپ. بېشىمىزدىكى تەۋەك يانتۇ كۆرۈ-
نىدۇ، پەخەس بولمايدىكەنمىز، تەۋەكنىڭ چۈشۈپ كې-
تىش خەۋپى بار كۆرۈنىدۇ.» دەپتۇ.

(«مۇھەممەت ئىمىن ئەخمەت «رەھەزىنى مول-
لام، تەزكىرىسى توغرىسىدا ئەسلىمە»)

يۇقىرىقى مىسالدا بۇبى رابىيە (مەھمۇت قەشقەرى-
نىڭ ئانىسى)نىڭ ئېرى ھۆسەيىنگە «بېشىمىزدىكى تە-
ۋەك يانتۇ كۆرۈنىدۇ، پەخەس بولمايدىكەنمىز، تەۋەك-
نىڭ چۈشۈپ كېتىش خەۋپى بار كۆرۈنىدۇ» دېگەن يو-
شۇرۇن مەنىلىك سۆز ئارقىلىق «دۆلەت ئىشلىرىنى تاش-
لاپ قويۇۋاتىسىز، مۇشۇنداق كېتىۋەرسىڭىز، دۆلەت خا-
راپ بولىدۇ ـ دە، ھوقۇق ـ سەلتەنەتلىرىمىزدىن ئايرىلىپ
قالىسىز» دېگەن پىكرىنى ئىپادىلىگەن. بۇنى ھۆسەيىن
(مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئاتىسى) تولۇق چۈشىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

يوشۇرۇن مەنىلىك سۆزلەردە ئاسلىق مەنە ۋە
ئاسلىق بولمىغان مەنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل مەنە
بولىدۇ. كونكرېت، ئەينەن ئېيتىلغان مەنە ئاسلىق
بولمىغان مەنىدۇر. يوشۇرۇن كەلگەن مەنە ئاسلىق
مەنىدۇر. مەسىلەن:

يۇگوسلاۋىيە ھېكايە فىلىمى «كۆۋرۈك»تە بىر
پارتىزان مەيخانىغا كىرىپ، مەي ساتقۇچىغا «بۇ جاي-

دا چىۋىن تولىمۇ كۆپ ئىكەن» دەيدۇ. بۇ جۈملىدىكى «چىۋىن تولىمۇ كۆپ ئىكەن» دېگەن مەنە ئاشكارا مەنە، ئاساسلىق بولمىغان مەنىدۇر. «بۇ جايدا دۈشمەن ئىشپىيونلىرى تولىمۇ كۆپ ئىكەن ...» دېگەن مەنە يوشۇرۇن مەنە، ئاساسلىق بولغان مەنىدۇر. دېمەك، ئىككى دوست (پارتىزان بىلەن مەي ساتقۇچى) دۈشمەن ئىشپىيونلىرى كۆپ بولغان، ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلىشىش خەۋەپلىك بولغان شارائىتتا، پەقەت ئۆزلىرىلا چۈشىنەلەيدىغان سۆزنى («چىۋىن» دېگەن يوشۇرۇن مەنىگە ئىگە سۆزنى) ئىشلەتكەن.

«ئوڭ يانىمدا ئاتىسى ياتىدۇ،
سول يانىمدا ئانىسى ياتىدۇ،
ئايىغىمدا كۈچۈكى ياتىدۇ،
«تاك - تاك» قىلماي ئاستا كەلسىلە.»

جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن چىققان رازۋېتچىكلار ئەھۋالنى يۇقىرىقى خەلق قوشىقى (ناخشىسى) ئارقىلىق مەلۇم قىلغان. يەنى، «ئوڭ، سول، ئاياغ تەرەپلەردە دۈشمەنلەر بار، شۇڭلاشقا شىمال تەرەپتىن، ئېھتىياتچانلىق بىلەن كېلىڭلار» دېگەن خەۋەرنى بەرگەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك داستانى «غېرىب - سەنەم»دە، غېرىب چۆلگە پالانغاندا ئېيتقان مۇنداق بىر ناخشا بار:

«كاج پەلەكنىڭ دەردىدىن،
يۈرەكلەردە داغلار قالدى.
بۇلبۇلنى ئايرىپ گۈلدىن،
خەشناۋالىق باغلار قالدى.»

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، قارا نىيەت، ئىككى يۈزلىمىچى، ھەسەتخور ۋەزىر - ئەمەلدارلارنىڭ چېقىمچىلىق ۋە پىتنە - پاساتلىرىغا ئىشەنگەن شاھى ئاbbas غېرىبنى چۆلگە پالايدۇ. بۇ ئەھۋالدا، غېرىب ئۆزىنىڭ ناھەقچىلىككە، ئىچى يامان ئەمەلدارلارغا بولغان غەزىپىنى، ئۆز يارىدىن ئايرىلغاندىكى دىل ئازارىنى توپتوچۇق ئېيتىشنىڭ ئەپسىزلىكىنى ئويلاپ، بۇ ھەقتىكى يۈرەك سۆزىنى «كاج پەلەكنىڭ دەردىدىن، يۈرەكلەردە داغلار قالدى»، «بۇلبۇلنى ئايرىپ گۈلدىن، خەشناۋالىق باغلار قالدى» دېگەن يوشۇرۇن مەنىلىك سۆز، جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى گۈزەل، ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان ئېغىز ئەدەبىياتىدا، يوشۇرۇن مەنىلىك سۆزلەردىن بەكمۇ ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. بىز بۇ يەردە بىر مىسال كەلتۈرىمىز:

## دانىشمەن قىز

(ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى)

ئۆتكەن زاماندا بىر كەمبەغەل دېھقان بولغان،

ئىكەن. ئۇنىڭ بىرتاللا يالغۇز قىزى بار ئىكەن، قىزنىڭ ھۆسنى - كامالىتى تەڭداشسىز ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا ئايمۇ، كۈنمۇ خىجىل ئىكەن. دېھقان ئۆز قىزىنىڭ بۇنداق گۈزەل ھۆسنى - جامالىغا قاراپ، بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قايغۇرىدىكەن.

دېگەندەك، قىزنىڭ گۈزەللىكىنى ئاڭلىغان پادىشاھ دېھقاننى ئوردىسىغا چاقىرتىپتۇ ۋە قىزىنى خوتۇنلۇققا بېرىشنى ئېيتىپتۇ.

دېھقان پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن قايتىپ كېلىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ئۆيىدە غەمگە چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. دادىسىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن قىز:

— دادا، نېمانچە پەرىشان بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. دېھقان خېلىگىچە ئويلىنىپ تۇرۇپتۇ - دە، ئاخىرى «قىزىمغا ئېيتاي، ھامان يوشۇرۇپ قالالمايمەن» دېگەن نىيەتكە كېلىپ:

— قىزىم، پادىشاھ سېنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەن جاۋاب بەرمىدىم، ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەردى. مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە، رازىلىقىمنى بەرمىسەم، پادىشاھ كاللامنى ئالىدۇ. «بوپتۇ» دەپ، سېنى پادىشاھقا خوتۇنلۇققا بەرسەم، بەختسىز بولۇپ قالىسەن، بەرمەي دېسەم، مېنى ئۆلتۈرىدۇ. مانا شۇ غەم بىلەن ئولتۇرۇپ قالدىم، — دەپتۇ ۋە قىزىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. قىز ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن دادىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— بۇ ئىشنى ئۆزۈمگە قويۇپ بېرىڭ دادا، سىز-

نى ئوردىغا بارغۇزمايمەن، پادىشاھنىڭ قۇتۇلۇشىنىڭ چا-
رىسىنى قىلالايمەن، — دەپتۇ.
دېھقان قىزنىڭ سۆزىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەن-
مەي «بوپتىلا، خۇدادىن كەلگىنىنى كۆرەرمەن» دەپ
كۆتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.
ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھنىڭ ئەلچىلىرى كەپتۇ -
دە، دېھقانغا:
— ساڭا بېرىلگەن ۋاقىت توشتى، يا قىزىڭنى بې-
رىسەن، ياكى جېنىڭنى بېرىسەن، قېنى گەپ قىل! —
دەپتۇ.
— بۇنى قىزىمدىن سوراڭلار، شۇنىڭدىن تېگىشلىك
جاۋاب ئالالايسىلەر، — دەپتۇ دېھقان ۋە دەرھال قىز-
نى ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا چاقىرىپ كىرىپتۇ - دە، ئۆزى
چىقىپ كېتىپتۇ.
قىز ئەلچىلەرگە:
— پادىشاھقا خوتۇن بولۇشقا رازى بولدۇم، —
دەپتۇ.
ئەلچىلەر خۇشال بولۇشۇپ:
— قېنى، توي‌لۇق ھەققىدە بىر نەرسە دەپ بې-
رىڭ، — دېيىشىپتۇ. قىز مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ:
— ئالدى بىلەن مېنىڭ بىر سوئالىم بار، سوراش-
قا بولارمىكىن؟ شۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرىشسىلە، ئاندىن
توي‌لۇق ھەققىدە ئېغىز ئاچسام، — دەپتۇ.
ئەلچىلەر ماقۇل بولۇشۇپتۇ. قىز تەمكىن ھالدا:
— پادىشاھىمىز نەچچە ياشقا كىردىكىن؟ نەچچە

قېتىم ئۆيلەنگەنكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھىمىز 70 ياشقا كىردى، نەچچە قېتىم ئۆيلەنگىنىگە كەلسەك ... ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىنى بىلگىلى بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھىمىزنىڭ ئالغان خوتۇنلىرىنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ بىر ئەلچى ھېچبىر ئويلانماستىنلا.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ قىز، — مېنىڭ تويلۇقۇم 20 بۆرە، 30 قاپلان، 40 ئارسلان، 60 ئاختا، 70 جىمىك پاختا ۋە 80 تاختا بولسۇن، مۇشۇلار قاچان تەييارلانسا، شۇ ۋاقىتتا تويغا ئۇنۇش قىلىنسا.

ئەلچىلەر ھەيرانلىقتا، يە «ماقۇل»، يە «ياق» دەپ زۇۋان سۈرەلمەي قايتىشىپتۇ.

پادىشاھ ئەلچىلەردىن قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپتۇ ۋە دەرھال ۋەزىرلىرىنى يىغىپ:

— قىزنىڭ تويلۇقىنى قانداق تەييارلىساق بولار؟ — دەپ سوراپتۇ. ۋەزىرلەر قىزنىڭ جاۋابىدىن خەۋەر تېپىپ، مەسخىرىلىك كۈلۈشۈپ:

— «توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال» دېگەندەك، قىزدىن گەپ بوپتۇغۇ بۇ، ئېھتىمال بۇ تىجمەلنىڭ قىزى ساراڭ بولسا كېرەك، خىيالىغا كەلگىنىنى جۆيلۈپتۇ، خەير، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ بىر كىچىكلىك لەززىتى ئۈچۈن بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى. دەرھال چارۋىچىلارغا پەرمان چۈشۈرەيلى، 20 بۆرە، 30 قاپلان، 40 ئارسلاننى بەش كۈن ئىچىدە تەييار قىلىپ ئوردىغا ئاپشۇرۇشسۇن، 60 ئاختا دېگەن ئاختانىمىزدا تەييار، 70

چىلىك پاختا دېگەن نېمىدى، ئۇمۇ تەييار، 80 دانە تاخ-
تىنى ياغاچچىلارغا بۇيرۇتۇپ، دەرھال تەييار قىلىمىز، —
دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ خۇشاللىق بىلەن بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل
كۆرۈپتۇ. شۇ چاغ ئوردىنىڭ ئىچىدە تازىلىق ئىشلىرى
بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بىر مالاي ھېلىقى گەپ-
سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ ۋەزىرلەر-
نىڭ دۆت، ئەخمەقلىقىدىن ھەيرانۇ - ھەس بولۇپ،
ئاخىرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ تاشلاپتۇ. پادىشاھ
كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دېرىزىدىن قارىسا، بىر مالاي
قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقۇدەك. «توختا، بۇ ھارامزادىنىڭ كۈل-
كىسىدە بىر سىر بولۇشى كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ - دە، پا-
دىشاھ، دەرھال ھېلىقى مالاينى ئالدىغا چاقىرىپتۇ.

— نېمىگە شۇنچىۋالا كۈلىسەن؟ — دەپ سوراپ-
تۇ، پادىشاھ.

— ئۆزۈمچىلا، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مالاي.

مالايدىن ئېنىقلىق جاۋاب ئالالمىغان پادىشاھ
بىر ھازاغىچە ئۇنى ئالداپ بېقىپتۇ، قورقۇتۇپ كۆرۈپتۇ.
لېكىن يەنىلا جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن:

— جاللات، مۇنۇ ھارامزادىنىڭ كاللىسى ئېلىن-
سۇن! دەپ ۋارقىراپتۇ. ئىشنىڭ چاتاققا ئايلانغانلىقىنى
بىلگەن مالاي:

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچ-
سىلە، ئېيتىپ بېرەي، — دەپتۇ. پادىشاھ «كەچتىم» دېگەن-
دىن كېيىن كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ مۇنداق

دەپتۇ.

— قىز سالغان تويلۇقلارنى سىلەر چۈشەنمىدىڭلار. سىلەرنىڭ ئەقىلسىزلىكىڭلاردىن كۈلدۈم... قىزنىڭ 20 بۆرە دېگىنى، ئادەم 20 ياشقا تولغاندا چەبدەس، خۇددى بۆرىدەك بولىدۇ دېگەنلىكىدۇر. 30 قاپلان دېگىنى، 30 ياشقا تولغاندا قاپلاندەك كۈچلۈك بولىدۇ دېگەنلىكىدۇر. 40 ئارسلان دېگىنى، 40 ياشقا تولغاندا ئارسلاندەك ھەيۋەتلىك بولىدۇ دېگەنلىكىدۇر... 60 ئاختا، 70 جىلك پاختا، 80 تاختا دېگەنلىرى، ئادەم 60 ياشقا كىرگەندە خۇددى ئاختا ئاتقا ئوخشاش، 70 ياشقا كىرگەندە پاختىغا ئوخشاش بوشىشىپ كېتىدۇ، 80 ياشقا تولغاندا ئادەم تاختا تەلەپ قىلىدۇ، دېگەنلىكىدۇر. ھەممە گەپنىڭ خۇلاسىسىغا كەلسەك، پادىشاھىمىز 70 ياشقا كىرگەندىكىن، مەندەك قىزلارنى ئالىمەن دېمەي، قاچان جىنازا كېلەركىن دەپ، شۇنى كۈتسۇن، پادىشاھقا قىز ئەمەس، تاختا لازىم بولۇپتۇ دېمەكچىدۇر. مانا شۇنداق ئاددىي مەنىنى چۈشىنەلمەي، قالايمىقان بىر نەرسىلەرنى دەپ يۈرۈشسىلە، كۈلمەي قانداق قىلاتتىم؟

پادىشاھ مالايىنىڭ ئېيتقانلىرى ئۈستىدە ئويلاپ كۆرگەن ئىكەن. راست، توغرا گەپلەر، پادىشاھ ۋەزىرلىرىنىڭ دۆتلىكىگە، يارامسىزلىقىغا غەزىپى كېلىپ، ئۇلارنى ئورنىدىن قوغلاپتۇ. ئۆزىنىڭمۇ ئەقىلسىز، خام كاللا ئىكەنلىكىدىن نومۇسى كېلىپ، ئەل - جامائەت ئىچىگە چىقالماي، يېتىپ قاپتۇ ۋە شۇ ياتقانچە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن خەلق خۇشال بولۇپتۇ. ئەقىللىق، گۈزەل

قىزغا «دانىشمەن» دېگەن نامنى بېرىپ، ئۇنى ئۆزلىرى-
گە پادىشاھ قىلىپ تىكلىۋاپتۇ.

يۇقىرىقى چۆچەكتە، قىز يوشۇرۇن مەنىلىك سۆز-
لەرنى ئىشلەتمەي، پادىشاھقا ئوچۇق - ئاشكارا قارشى
تۇرغان بولسا، ئۆزى ھالاك بولاتتى. ئەمما ئۇ، يوشۇ-
رۇن مەنىلىك سۆزلەر ئارقىلىق پادىشاھنىڭ نۇقسانلىرى-
نى ئېچىپ تاشلىغاچقا، غەلىبە قازانغان.

يوشۇرۇن مەنىلىك سۆزلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن
سىمۋوللۇققا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى ستىلىس-
تىكىلىق ۋاستە ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. سىمۋول-
دا شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش (مۇناسىۋەت)
ئاساس قىلىنىدۇ. يوشۇرۇن مەنىلىك سۆزلەردە بولسا،
شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئاساس قىلىنماي،
بەلگىلىك كونكرېت شارائىت ئاساس قىلىنىدۇ. شۇڭا،
سىمۋول مەنىسىنى كىشىلەر پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق
قىياس قىلالايدۇ. يوشۇرۇن مەنىلىك سۆزلەردە بولسا، يوشۇ-
رۇن مەنىسىنى بەلگىلىك (مۇناسىۋەتلىك) كىشىلەردىن
باشقىلار ھەرگىز قىياس قىلالمايدۇ.

## 16. ئۆستۈرۈش

شېئىرنىڭ ئالدىنقى مىسرالىرىدا ئېيتىلغان ئوي -
پىكىرنىڭ كېيىنكى مىسرالاردا كۈچەيتىلىپ بېرىلىشى،
ياكى ئالدىنقى مىسرالاردا ئىپادىلەنگەن ۋەقە، ھادى-

سىلەرنىڭ كېيىنكى مىسرالاردا تېخىمۇ كۈچەيتىلگەن ھال-
دا بېرىلىشىدىن ئىبارەت ستىلىستىكىلىق ۋاسىتە ئۆس-
تۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

«مۇھەببەت سۆزىنى يارنى سۆيمەك،
دېيىلسە بولۇر دېڭىزدىن تامچە.
مۇھەببەت ۋەتەنىنىڭ يولىدا ئۆلمەك،
دېيىلسە قاقاقلاپ كۈلمەن شۇنچە.
(ت. ئالماس «ئىنسان خىسلىتى ھەققىدە ناخشا»)

يۇقىرىقى شېئىرنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى مىسراسىدىكى «يارنى سۆيۈش مۇھەببەت ئۈچۈن ئېيتقاندا پەقەت بىر تامچىدۇر» دېگەن پىكىر ئۈچىنچى، تۆتىنچى مىسرالاردا «ۋەتەنگە بېغىشلانغان مۇھەببەت ئەڭ يۈكسەك، تولۇق مۇھەببەتتۇر» دېگەن يۈكسەكلىككە كۈچەيتىلگەن. بۇ خىل كۈچەيتىش ئۇسۇلى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ خەلق قوشاقلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«ئەي ناۋايى ئالەم ئەھلىدىن تەمەسىز يوق كىشى،
ھەر كىشىدە بىر تۈپەيت يوقتۇر ئاڭا بولغىل شەرەپ.
مەن ئەگەر تىدرك تەمە قىلساڭ ئۇلۇغ ئىشتۇر بۇ كىم؟
ئالەم ئەھلى بارچە بولغاي بىر تەرەپ، سەن ئۇل تەرەپ.»

يەشمىسى:

«تاماسىز كىشى دۇنيادا ئەڭ توق كىشى ھېسابلىنىدۇ.
تاماسىزلىق كىمدە بولسا، ئۇ، ئۇلۇغ كىشى ھېسابلىنىدۇ.

سەن تاماگەر بولمساڭ ئەڭ ئۇلۇغ كىشى بولسەن،
ئالەم ئەھلى بىر تەرەپ بولسا، سەن بىر تەرەپتە تۇرسەن.»

(ئەلىشىر ناۋايى «خەمسە»)

يۇقىرىقى بىر كۇپلېت شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا، «تاماسىز كىشى ئەڭ توق كىشىدۇر» دېگەن پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، كېيىنكى مىسرالاردا «تاماسىز كىشى ئۇلۇغدۇر. تاماگەر بولمىغان كىشى ئاشۇ ئۇلۇغ، خىسلىتى بىلەن ئەھلى - ئالەم ئىچىدە پەرقلىق ھالدا كۆزگە كۆرۈنىدۇ» دېگەن پىكىرلەر بىلەن ئاپتورنىڭ مەقسىتى تېخىمۇ كۈچەيتىلگەن.

«يېمە نامەرد ئاشىنى،
ئاچلىق سېنى ئۆلتۈرسىمۇ،
ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكىدىن،
سۇ سېنى ئاقتۇرسىمۇ.

(ئۇيغۇر خەلق قوشىقى)

يۇقىرىقى قوشاقنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى مىسراسىدا، «نامەرد بىلەن ھەمداستىخان بولما» دېگەن پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۈچىنچى، تۆتىنچى مىسرالاردا، يۇقىرىقى پىكىرلەر تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىلىپ، «ھەتتا بېشىڭغا ئۆلۈم كەلسىمۇ، نامەردكە يالۋۇرما» دېيىلگەن.

### ئېۋفېمىزىم (سىلىقلاشتۇرۇش)

ئېۋفېمىزىم لاتىنچە «iwpimizim» سۆزىدىن ئېلىنغان،

بولۇپ، بەزىچە، «سىلىقلاشتۇرۇش» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

پىكىرنى توغرىدىنتوغرا ئېيتىشقا بولمايدىغان، توغرىدىنتوغرا ئېيتقاندا سۆزلىگۈچىگە بىئەپ تۇيۇلىدىغان، ئاڭلىغۇچىغا ئەدەبسىزلىك، قوپاللىق ھېس قىلىنىدىغان ئەھۋالدا، باشقىچە بىر خىل نەپىرەك، يېنىكرەك سۆزلەر ئارقىلىق ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەش ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسىدا ئېۋفېمىزىم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «ئۆلۈپتۇ»، «ۋاپات بولۇپتۇ»، «قازا قىپتۇ»، «كۆز يۇمۇپتۇ»، «دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ»، «مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىپتۇ»، «بەندىچىلىك قىلىپتۇ» دېگەن سۆزلەر مەنىداش سۆزلەردۇر. لېكىن ئۇقۇم جەھەتتىن بىر خىل مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما بىز كىشىلەرگە سۆزلىگەندە «بالىڭىز ئۆلۈپتۇ» دېسەك، بەكمۇ قوپال تۇيۇلىدۇ. شۇڭا «بالىڭىز قازا قىلىپ كېتىپتۇ»، «كۆز يۇمۇپتۇ» دەيمىز. شۇنىڭدەك باشقىلار بىرەر بالا - قازا، خېيىم - خەتەرگە ئۇچرىغاندا، بىرەر بەختسىزلىككە دۇچ كەلگەندە، «توكۇر بولۇپ قاپلا»، «قارىغۇ بولۇپ قاپلا» دېمەستىن «سىلىگە بىر ھادىسە كېلىپ قاپتۇ»، «كېلىشمەسلىككە ئۇچراپلا» دەيمىز. «تۇغدى» دېگەن سۆز گەرچە ئومۇمىي، كەڭ مەنىگە ئىگە سۆز بولسىمۇ، ئاياللارغا قارىتا «تۇغۇۋاپلا» دېمەستىن «يەڭگىۋاپلا»، «سالامەت بوشىنىۋاپلا» دەيمىز.

ئېۋفېمىزىم تىل سەنئىتى ۋە تىل - يېزىق مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەتلىك بولۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان «سۆزى گۈزەل بو-

لۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، بۇ ئۇسۇلنىڭ رولى چوڭ.

«... ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ قەبرىسىگە كېلىپ ياش تۆكۈش جاھاندىكى بارلىق ئاتا - ئانىلارنىڭ ئازابلىق ھوقۇقى. لېكىن مەندەك، قۇربان بولغۇچىنىڭ قەبرىسىدىن تەسەللى ئېلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىش بولسا، ناھايىتى ئاز ساندىكى ئاتا - ئانىلار بەھرىمەن بولالاي-دىغان يۈكسەك ھوقۇقتۇر.

مەن ئۆزۈم تۇغۇلغان بۇ ئانا تۇپراقنى قىزغىن سۆيىمەن. دەريالاردا مەۋج ئۇرۇۋاتقان زۇمرەت سۇلار-نىمۇ، كەڭ زېمىندىكى ھەر بىر تال گۈل - گىيالارنىمۇ سۆيىمەن. مانا مۇشۇ مۇھەببىتىمنى مەن سىزلەر بەرگەن قىزىل قېنىم بىلەن بۇ كىشىلىك دۇنياغا نەقىش قىلىپ ئويۇپ قويدۇم.

(ك. ئىرنىپ «تۇغۇلغان كۈن»)

يۇقىرىقى پارچىدا، ئاپتور «ئۆلگەن» دېگەن سۆز-نىڭ ئورنىغا «قۇربان بولغان» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. يەنە، «سەرگەردان» ھېكايە فىلىمىدا، راجى تۈرمىدىن چىقىدىغان چاغدا گۇندىپاي: «مېھمان، ئەمدى مېھمانخا-نىدىن ئازاد بولدىڭىز. قايتا جىنايەت ئۆتكۈزمەسسىز» دەيدۇ. نېمە ئۈچۈن گۇندىپاي راجىغا «جىنايەتچى، تۈر-مىدىن چىقىدىغان بولدۇڭ. قايتا جىنايەت ئۆتكۈزمە - ھە!» دېمەستىن. تۈرمىدىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان بىر مەھبۇس-قا «مېھمان» سۆزىنى، «تۈرمە» دېگەن ئىسىم ئورنىغا «مېھمانخانا» دېگەن ئىسىمنى ئىشلەتتى؟ بۇ، ئاپتورنىڭ

قامۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ سەۋەبىدىن. «ياخشى ئا
نىڭ بالىسى چوقۇم ياخشى بولىدۇ، يامان ئادەمنىـ
بالىسى جەزمەن يامان بولىدۇ» دېگەن ئەكسىيەتچـ
قاراشنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن خانىۋەيران بو
راجىغا قارىتا. گۈندىپاي تىلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىگـ
ئىچىنىش ۋە ھېسداشلىقىدۇر.

«كۆرەشچان بالىلار قوغلىشىپ يىللار،
كۆرەش نەۋرىلىرىنى چوقۇم تاپىدۇ.
ئاخشام بەخت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار،
قەبرىنى يادلاپ گۈللەر ياپىدۇ.»

لۇتپۇللا مۇتەللىپ «يىللارغا جاۋاب» دېگەن ش
ىدا «ئۆلگەنلەر» ياكى «ئۆلۈپ كەتكەنلەر» دېگـ
سۆزىنىڭ ئورنىغا «قۇربان بولغانلار» دېگەن سۆزنى
لىتىش ئارقىلىق، بەخت ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم
غانلارغا قارىتا چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ.
سۆز گۈزەللىكى ئىنسان ئۈچۈن قىممەتلىكتۇر.
لۇمكى، ئىنسانلار ئۈچۈن مۇھىم ئالاقە ۋاستىسى بو
كىبلەۋاتقان ھەر بىر سۆز قىممەتلىك مەنىلەرگە ئ
ئىنساننىڭ ياخشى ـ يامانلىقى كۆپ ھاللاردا سۆزلـ
سۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ. بەزى ھاللاردا كىشى ئەي
سۆزلەيمەن دەپ ئويلىمىسۇ، ئەمما بۇ خىل «ئەينەن
ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىغا بىھۇدە ئازار يېتىپ قېلىشىمۇ
كىن. مۇبادا، ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلىگە غەشلىك، روھ
پەرىشانلىق يېتىدىغان ئەھۋال ھېس قىلىنىدىكەن.

مەن سۆزنى مۇۋاپىق مۇلايىم تۈسكە كىرگۈزۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئاڭلىغۇچىغا ياخشى تەسىرات قالدۇرغىلى بولىدۇ. سۆزلىگۈچىمىز، كۆڭۈل ئازادىلىك بىلەن ئۆز مەقسىتىنى تولۇق چۈشەندۈرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرى تىلنى گۈزەل، ئوبرازلىق، تەسىرلىك، چۈشىنىشلىك، جەلپ قىلارلىق ھالدا ئىشلىتىشتە ئاجايىپ نەمۇنىلەرنى قالدۇردى. ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى ئەلشىر ناۋايى (1441 — 1501 — يىللار) ئېۋفېمىزىمنى بەدىئىي ئەدەبىياتتا ۋە كۈندىلىك سۆزلەردە چېۋەرلىك بىلەن قوللانغان.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھ ھۈسەيىن بايقارا ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە، خانىشى ۋاپات بولىدۇ. ئوردىدا قالغان ناۋايى ھۈسەيىن بايقارا ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندە «خانىش ئۆلدى» دەپ توغرىدىن-توغرا ئېيتماستىن، «سەرۋىنىڭ سايىسىدا سولدى گۈل، نى ئەتمەك كېرەك؟» دېگەن شېئىرىي مەكتۇپنى سۇنىدۇ. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغان شاھ ھۈسەيىن بايقارا ناۋايىغا: «سەرۋىدىن تاۋۇت ياساپ، گۈلدىن كېيىن ئەتمەك كېرەك» دېگەن شېئىرىي پىكىر بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ.

ئېۋفېمىزم ئۇسۇلى يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا. جانلىق تىلدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئېۋفېمىزم ئۇسۇلىنى خالىغانچە، كەلسە-كەلمەس قوللىنىۋېرىشكىمۇ بولمايدۇ. پەقەت بىز يۇقىرىدا ئېيتقان ئەھۋاللار ئاستىدىلا قوللىنىش كېرەك. پوپلىستىك ماقالىلەردا ئېۋفېمىزم ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

چۈنكى، بۇ خىلدىكى ماقالىلەردە، ئاپتورنىڭ مەيدانى قەتئىي، بايرىقى روشەن بولۇشى، مۇرەسسەگە ئورۇن بېرىلمەسلىكى، ھەقىقەتنى سۆزلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 18. نەقىل كەلتۈرۈش

ئەسەر يازغاندا، سۆزلىگەندە، ئىنقىلابىي داھىيلارنىڭ، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ سۆزلىرىدىن، ئەسەرلىرىدىن ئۆزۈندىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ياكى خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى نەقىل ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئۇقتۇمنەزەرنى دەلىللەشكە، شەيئىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بەزىدە قارشى تەرەپنىڭ سۆزلىرىدىن نەقىللەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

«مەشھۇر سىياسىيئون تارىخنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ. لېنىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «تارىختا ھەرقانداق بىر سىنىپ، ئەگەر ئۆزىنىڭ ھەرىكەتنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىشقا ماھىر بولغان سىياسىي داھىيسى ۋە ئىلغار ۋەكىلىنى ئوتتۇرىغا چىقارمايدىكەن، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئورۇنغا ئېرىشەلمەيدۇ.»»

(«ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئاساسىي ئۇقۇملىرى»

(مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى، 862 - بەت)

يۇقىرىقى مىسالدا، ئاپتور «مەشھۇر سىياسىيون تارىخنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە

ئىلگىرى سۈرىدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن لېنىننىڭ بىر جۈملە سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن.

«ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزئارا سىنىشىپ دوست بولغاندىن كېيىن، جەزمەن بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. بىزدە «ئىززەت قىلساڭ، ھۆرمەت تاپارسەن» دېگەن تەمسىل بار. پەقەت ئۆزئارا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ-تاشقان قىزغىنلىقلا دوستلۇقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.»

(«شىنجاڭ ياشلىرى»، 1987 - يىل، 2 - سان. مەھمۇت داۋۇتنىڭ «قانداق قىلغاندا ھەقىقىي دوستلۇققا ئېرىشكىلى بولىدۇ» دېگەن ماقالىسىدىن.)

يۇقىرىقى مىسالدا ئاپتور «دوستلار بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك» دېگەن قارىشىنى ئاساسلاش ئۈچۈن «ئىززەت قىلساڭ، ھۆرمەت تاپارسەن» دېگەن خەلق تەمسىلىنى نەقىل كەلتۈرگەن.

«فاڭ لىجى: «دېموكراتىيىنى چۈشىنىشتىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە ھەر بىر كىشىنىڭ ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت... دېموكراتىيە شەخسلەردىن باشلىنىدۇ. مەنىي ئاساس قىلىدۇ. ھۆكۈمەت مەنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ» دەپ كاپشىدى. «مەنىي ئاساس» قىلغان، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كېرەك قىلمايدىغان، ھەممە ئىشتا شەخسىي ھوقۇق ۋە مەنپەئەتنى تۇپ چىقىش نۇقتىسى قىلىدىغان مۇنداق دېموكراتىيە قارىشى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىگە تۈپتىن

قارىمۇ قارشى بولۇپ، ئۇ، ئۇچىنچى ئىققان شەخسىيەت-چىلىك دېموكراتىيىسى.»

(«فاڭلىجىنىڭ دېموكراتىيە قارىشىغا باھا» شىنجاڭ گې-زىتى 1987 - يىل، 24 - ئاپرېل سانى)

يۇقىرىقى مىسالدا، فاڭلىجى (قارشى تەرەپ) نىڭ «دېموكراتىيە» توغرىسىدىكى خاتا سەپسەتىلىرى نەقىل ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا كۈچلۈك رەددىيە بېرىلگەن.

دېمەك، ھەر خىل ئەسەرلەردە، نۇتۇقتا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان تۈپ نۇقتىنەزەرلەرنى، قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى ئىنقىلابىي داھىيلارنىڭ، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ سۆزلىرىدىن، ئەسەرلىرىدىن ئۈزۈندىلەرنى نەقىل كەلتۈ-رۈش، (ياكى قارشى تەرەپنىڭ خاتا نۇقتىنەزەرلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇنى كۈچلۈك ئاساسلار بىلەن رەت قىلىش)، ماقال - تەمسىللەرنى نەقىل ئورنىدا ئىشلىتىش ئارقىلىق تولۇق ۋە توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرىشتىن ئىبا-رەت ستىلىستىكىلىق ۋاستە — نەقىل كەلتۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېلىنغان نەقىللەر، تىنىش بەلگىلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە قوش تىرناق(« ») ئىچىگە ئېلىنىشى ۋە نەقىللەر-نىڭ قەيەردىن، كىمدىن ئېلىنغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئى-زاھات بېرىلىشى كېرەك.

نەقىل كەلتۈرۈشتىكى ئاساسىي مەقسەت مەسىلىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈش، كۆزقاراشنى پۇختا ئاسا-سلار بىلەن شەرھىلەش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈ-

ۋلگەن نەقىللەر ئەسەرلەرنىڭ، ئوتتۇرىنىڭ مەزمۇنىغا ماس كېلىشى، پۇختا تاللىنىشى لازىم. دەل، جايىدا ئېلىنغان نەقىل ئەسەرلەرنىڭ، ئوقۇتقۇچىنىڭ كۈچىگە كۈچ، جېنىغا جان قوشىدۇ. نەقىل كەلتۈرۈش ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئېلىم - پەن تەرەققىياتىدا يېڭىلىق يارىتىش مەقسىتىدە بولسا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى زور بولىدۇ. ئەكسىچە، قالايمىقان نەقىل كەلتۈرۈلسە، ھەتتا ئىنقىلابىي داھىيلارنىڭ، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ سۆزلىرى بۇرمىلىنىپ ئۇ شەخسىي غەرەزلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىنسا، ئۇنىڭ زىيىنى بەكمۇ چوڭ بولىدۇ. لىن بياۋ، جياڭچىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھلىرى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى بۇرمىلاپ، ھەقىقەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، پارتىيەمىزگە، دۆلىتىمىزگە ناھايىتى ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى. ئۇلار ماقالىلىرىدە، سۆزلىرىدە قالايمىقان نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىنقىلابىي نەزەرىيىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قارا نىيەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ دەسمايىسى قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇندى. پارتىيىمىز، خەلقىمىز بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھلىرىنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان، ئۇلارنى ئۇزۇل - كېسىل گۇمران قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆتكەندىكى بۇ ئاچچىق ساۋاقنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نەقىل كەلتۈرۈشتە، تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

(1) ئىنقىلابىي داھىيلارنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەل-

تۇرۇشتە، جىددىي ۋە ئەستايىدىل پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز، مەنە جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلاپ قېلىشقا دىققەت قىلىشىمىز، خالىغانچە ئۆزۈپ ئېلىپ ئەسلى مەنىسىگە دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىشىمىز، بولۇپمۇ قالايمىقان ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ئالاھىدە ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئېلىنغان نەقىللەر كىمنىڭ سۆزىدىن، قايسى ئەسەرلەردىن ئېلىنغانلىقى، ھەتتا نەشر يىللىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئىزاھ بېرىلىشى كېرەك.

(2) كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرى ياكى نۇتقى بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىشى، زىچ باغلىنىشچانلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك.

(3) رەددىيە بېرىش ئۈچۈن قارشى تەرەپتىن ئېلىنغان نەقىل ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى، ئەجەللىك يېرى تۇتۇلۇشى، ھەمدە ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئاساسلار بىلەن تولۇق رەددىيە بېرىلىشى كېرەك.

## 19. تەكىداش كۆچە يىتمە (قاتار قىلىش)

مەزمۇنى بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان، قۇرۇلمىسى ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپراق كەلگەن، ئىنتوناتسىيىسى بىردەك بىرنەچچە جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن قاتار ئېيتىلىشى — تەكىداش كۆچە يىتمە دەپ ئاتىلىدۇ.

تەكىداش كۆچە يىتمە ئۇسۇلى ئەسەر ۋە نۇتۇقتىكى تۇيغۇسىنى زەرىنى كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەپ بې-

رشتە، داۋلىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشتە، كۆچلۈك تەسىر پەيدا قىلىشتا، تىلنى جۇشقۇنلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

«بىزندىكى ئىستىلنى ئۆزۈڭگە قوللانساڭ، ئۆزۈڭگە زىيان يەتكۈزىسەن كىشىنى تەربىيلەشتە قوللانساڭ، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىسەن، ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىشتا قوللانساڭ، ئىنقىلابقا زىيان يەتكۈزىسەن، قىسقىسى بەنگە قارشى، ماركسىزم - لېنىنىزمغا قارشى بۇندىق سۇبيېكتىپچىلىق ئۇسۇلى كومپارتىيىنىڭ چوڭ دۈشمىنى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ چوڭ دۈشمىنى، خەلقنىڭ چوڭ دۈشمىنى، مىللەتنىڭ چوڭ دۈشمىنى، پارتىيىۋىلىك ساپ بولمىغانلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئالدىمىزدا چوڭ دۈشمەن تۇرۇپتۇ، ئۇنى يوقىتىشىمىز لازىم.»

(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 - توم، 1451—1452 - بەت)

«پارتىيىمىزنىڭ ئۆتكەن 19 يىللىق تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىمىزنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرى بىزگە قانچىلىك ئۆچمەنلىك قىلسۇن، بىزنى قانچە قاغىسۇن، بىزگە قانچىلىك بۆھتان چاپلىسۇن، بىزنى قانچىلىك قىرسۇن ۋە بىزگە قورشاپ ھۇجۇم قىلسۇن، بىزگە مۇئامىلە قىلىشتا ھەرقانداق زوراۋانلىق ۋاسىتىلىرى قوللانسۇن، ئۇلار بەربىر پارتىيىمىزنى يوقىتىۋېتەلمەيلا قالماستىن، ھەتتا پارتىيىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىنى توسۇپمۇ قالالمىدى.»

(ليۇشاۋچى «پارتىيىمىزنىڭ ياخشى ئەزاسى بولايلى، پارتىيە-

مىزنى ياخشى پارتىيە قىلىپ قۇرايلى»)

«... ئۆتمۈش — زۇلمەتنىڭ، قايغۇنىڭ، ھەسرەتنىڭ، ئەلەمنىڭ مەنبەسى ئىدى. ئۆتمۈش جەمئىيەت ئەمگەكچى خەلق مەيدانىدا تۇرغان يازغۇچىلار ئۈچۈن زىندان ئىدى. ئۆتمۈش جەمئىيەتتە يازغۇچىلار خار ئىدى، غېرىب ئىدى، مىسكىن ئىدى، بىچارە ئىدى. ئەنە شۇ ئۆتمۈشنىڭ دەھشەتلىك كۈنلىرىدە، ئېيتقۇسىز قىستاڭلىقلىرىدا، خار - زارلىق ئىچىدە ئەزىز دوستىمىز ل. مۇتەللىپ جادۇدا توغرالغان ئىدى...»

(«شىنجاڭ گېزىتى» دىن)

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بەزىدە تەكرارلاش بىلەن تەگداش كۈچەيتمە ئوخشاپراق قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس: تەكرارلاشنىڭ رولى مەلۇم نۇقتىنى تەكىتلەش ۋە گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولسا، تەگداش كۈچەيتمىنىڭ رولى ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەتتۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، تەگداش كۈچەيتمىدە جۈملە قۇرۇلمىلىرى ئوخشاش ياكى ئوخشاپراق كېلىدۇ. تەكرارلاشتا بولسا، پەقەت سۆز - ئىبارىلار تەكرارلىنىدۇ، خالاس.

## 20. تەقلىد قىلىش

نۇتۇقتا ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە، ئەمەلىي ئېھتىياجقا ئاساسەن، ئادەم ۋە جانلىق، جانسىز نەرسىلەرنىڭ

ئاۋازىنى، ھالىتىنى ئۆز پېتىچە ئىپادىلەپ بېرىشكە توغ-
را كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا، كىتابخانلار، تىڭشىغۇچىلار
شۇ ئادەم ۋە شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندەك، ئۇلار-
نىڭ ئۆز ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولىدۇ. يەنى شۇ ئا-
دەم شۇ نەرسە، كىتابخانلار ۋە تىڭشىغۇچىلارنىڭ كۆز
ئالدىدا تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ ئېنىق نامايان بولىدۇ.
بۇ ئۇسۇل ستىلىستىكىدا تەقلىد قىلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

«— كۆرۈپ باقسىلا. خويمۇ ياراشتى. خۇددى تە-
تىللاغا گۈل تىككەندەك ... ھا - ھا - ھا... مۇبارەك بولسۇن.
— ھى - ھى - ھى .... — ماھىنۇر تېز قوڭغۇ-
راقتەك ئۈن قويۇپ كۈلۈۋەتتى ۋە ئۆزىنى ئويىنىتىپ،
بويىندا جىلۋىلىنىپ تۇرغان گۈلاپكىنى سىيلاپ تۇرۇپ
سورىدى. — ئۇستام، باھاسى قانچە؟»

(سېيىت زۇنۇن «ئاخىرقى قارار»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»
1982 - يىل، 1 - سان)

«خاپا بولما قىزىم، — دېدىم مەن يېلىنىپ، —
سەل ساقلاپ تۇرسامۇ بوپتىكەن. ئارامىڭنى ئېلىپ تۇر-
غىچە «غاچ - غۇچ» لا باشقا تاماق قىلىپ بېرەي»

(قادىر ئارسلان، «مېنى ئايىغىن، قىزىم» «تارىم» ژۇر-
نىلى 1987 - يىل، 1 - سان)

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «ھا - ھا - ھا»، «ھى-
ھى - ھى»، «غاچ - غۇچ» دېگەنلەر تەقلىد قىلىنغان
ئاۋازلاردۇر.

تەقلىد قىلىش ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق ۋە توغرا قوللىنىش، ئوچۇن چوقۇم ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل ئاۋاز، ھالەتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش، ئۇلارنى ئېنىق پەرق ئېتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن شۇ خىل ئاۋاز، ھالەتلەرنى ئەينەن خاتىرىلەش، ئەينەن ئىپادىلەپ بېرىش كېرەك.

تەقلىد قىلىش، ئاۋازغا تەقلىد قىلىش ۋە ھالەتكە تەقلىد قىلىش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

ئاۋازغا تەقلىد قىلىش — ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئاۋازىغا ئاساسەن تەقلىد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

«... كەينىدىنلا «پاك - پۇك» قىلىپ پوجاڭزىلار ئېتىلاتتى، لوسى تائىنىڭ ئۆي ئىچى «بەخت تىلەۋېتىپتۇ.» ۋاقتىنىڭمۇ خېلى بولۇپ قالغانلىقىنى پەملىدىم. يىراقلاردا «پاراس - پۇرۇس» قىلىپ ئېتىلىۋاتقان پوجاڭزا ئاۋازى سۈس ئاڭلىنىپ تۇراتتى.»

(لۇشۈن، «بەخت تىلەش»)

ھالەتكە تەقلىد قىلىش ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەرىكەت ھالىتىگە تەقلىد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

«ۋاڭ دارىن ئىسەنكىرەپ «غال - غال» تىترەپ كەتكەن ئىدى...»

(تېيىپجان ھادى «پالۋان كەلدى»)

تەقلىد قىلىش كۆپىنچە ئىملىق سۆزلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئاۋازغا تەقلىد قىلىشتا ئاساسەن «شىلدىر - شىلدىر»، «دۇپپىر - دۇپپۇر»، «ۋاژ -

ۋۇژ»، «مە - مە»، «قاق - قاق»، «ها - ها»، «قى - قى»، «قاراس - قۇرۇس» قاتارلىق ئىملىق سۆزلەر، ھالەتكە تەقلىد قىلىشتا «ۋال - ۋۇل»، «يالت-يۇلت»، «لەپ - لەپ»، «پال - پىل»، «پار - پۇر»، «غىپ - غىپ»، «چىم - چىم»، «لىڭ - لىڭ»، «لۆم - لۆم» قاتارلىق ئىملىق سۆزلەر قوللىنىلىدۇ. ئەسەر ئوقۇ-غاندا، ياكى دراما، كىنولارغا تەقلىدىي ئاۋاز بەرگەن-دە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش، توغرا ئىپادىلەش كېرەك. تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر بىر-دەك قوشتىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. قوش كەلگەنلىرى-نىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ.

## 21. تەنە (كىنايە)

ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇن ئېھتىياجىغا ئاسا-سەن، سەلبىي مەنىدىكى سۆز بىلەن ئىجابىي مەنىنى، ئىجابىي مەنىدىكى سۆز بىلەن سەلبىي مەنىنى ئىپادىلەش-تىن ئىبارەت ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە تەنە (كىنايە) دەپ ئاتىلىدۇ.

تەنە لاتىنچە «ئاللېگورىيە» («Allegoria») دەپ ئاتىلىپ، بىرەر مەۋھۇم چۈشەنچىنى كونكرېت نەرسە ياكى ھادىسە ئارقىلىق ئىپادىلەش دېگەن مەنى-نى بىلدۈرىدۇ. قىسقىسى تەنە ئۆز مەنىسىدىن باشقا مەنى-

گە كۆچۈرۈلگەن سۆز ـ ئىبارىلەردۇر.

تىلىمىزدىكى ھەر قانداق سۆز مۇئەييەن لېكسىك-لىق مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. بىز «توغرا» دېگەن سۆزنى «خاتا» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا قوللانساق ھەق ـ ناھەقنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتكەن، ياخشى بىلەن يامانىنى پەرقلەندۈرمىگەن بولىمىز. شۇڭلاشقا بىز ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەشتە، شۇ ئوي ـ پىكىرنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان مۇۋاپىق سۆزلەرنى قوللىنىمىز. يەنە بەزى چاغلاردا بىزنىڭ تەتۈرىسىچە، سەلبىي سۆز بىلەن ئىجابىي مەنىنى، ئىجابىي سۆز بىلەن سەلبىي مەنىنى ئىپادىلەشكىمۇ توغرا كېلىدۇ. يەنى سۆزنى ئەسلى مەنىسى بويىچە ئىشلەتمەي، ئەكسى مەنىدە، يەنى تەنە (كىنايە) مەنىسىدە قوللىنىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ. تەنە خاراكتېرىدىكى سۆز سىرتتىن قاراشتا توغرىدەك، ماقۇللاش ھالىتىدىكىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىچكى جەھەتتىن «ياخشى باھا» يوققا چىقىرىلىدۇ.

تەنە ئۇسۇلى ھەر خىل ئەسەرلەردە، نۇتۇقتا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئىشلىتىلىدۇ. جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئاتاقلىق سۆز سەنئەتكارلىرىمىز بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىشتا قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ياراتقان. بىز بۇ يەردە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنىڭ 17 ـ بابىدىن («كۈن تۇغدى ئىلىگنىڭ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپەتلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى») مىسال كەلتۈرىمىز:

765. ئېنىڭ ئۆلتۈرۈپ يالغۇز بىر كۈنى،
زېرىكتى ۋە قىلدى خالى ئۆيىمنى.

766. بۇ ئايتولدىنى قىچقىرىپ بەردى يېل،
بۇ ئايتولدى كىردى، قوۋۇشتۇردى قول.

770. ئېنىڭ يۈگۈرتتى يوشۇرۇنچە كۆز،
تۇرۇلگەن قاش ـ قاپاق، پۈرۈشتۈرمە يۈز.

771. كۈمۈش كۈرسى ئۈستىدە جىم ئولتۇرۇر،
بۇ كۈرسىنىڭ پۇتى چېتىلمىز تۇرۇر.

772. قولىدا تۇتۇغلۇق يوغان بىر پىچاق،
شېكەر ئوڭدا، سولدا ئوراغۇن(زەھەر) بىراق.

773. كۆرۈپ قورقتى ئايتولدى، ئاشتى غېمى،
ئۆنى باستى تىترەك، كېسىلدى دېمى.

774. ئېلىگباش كۆتۈردى بىر ئازدىن كېيىن،
دېدى ئايتولدىغا: قېنى سۆزلىگىن.

775. نېچۈن سۆزلىمەيسەن گاچادەك بولۇپ،
مېنى مۇنداق يالغۇز بۇ ياڭلىغ كۆرۈپ؟

776. بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ساھىپقىران،
سۆزلەشكە مادار يوق، مەندە بۇ زامان.

778. بىر ئالىم خەلققە بېرىپ بىر ساۋاق،
دەپتۇ بەگ غەزەپلىك چاغدا يول يىراق.

775. ئىلىمگ ئېيتتى: كەلگىن ماڭا ئېيت سۆزۈڭ،
نېمىشقا تېگىمرقاپ تۇرۇرسەن ئۆزۈڭ؟

786. بىز ئۆ يىتولدى ئېيتتىكى، ھەيرىىم مېنىڭ،
نېچۈندۇر كۈمۈش كۈرس ئۇرنىڭ سېنىڭ؟

787. بۇ كۈرستا ئولتۇرۇش نالايىق ساڭا؛
ئۇنىڭ مەنىسىنى دېگىن سەن ماڭا.

788. ئىككىنچى، قولۇڭدا پىچاق نەدېمەك،
بۇنى ھەم ياخشىراق بىلىشىم كېرەك.

789. ئۈچىنچى، ئوڭۇڭدا نېمىشقا شېكەر،
سولۇڭدا ئوراغۇن نە مەنا بېرەر؟

792. ئىلىمگ ئېيتتى: ئۇقتۇم سۆزۈڭ بىر-بىرلەپ،
ئاچايمەن سۆزۈمنى ساڭا شەرھىلەپ.

800. ئادالەت ۋە قانۇن ئۆزۈمەن قارا،
قانۇننىڭ ۋەسپىنى بۇلاردىن سورا.

801. مۇنۇمەن ئولتۇرغان بۇ كۈرسقا باق،
ئەي كۆڭلۈم شوقى، با ئۇندا ئۈچ ئاياق.

802. پۈتۈن ئۈچ ئاياقلىق قىڭغايماس بولۇر،
تۇرۇر ئۈچ پۇتى تۈز ھەم قايماس بولۇر.

803. قىڭغايسا بىرى ئۈچ ئاياقنىڭ ئەگەر،
قايار ئىككىسى، ئۆلتۈرغۇچى چۈشەر.

804. پۈتۈن ئۈچ ئاياقلىق تۇرار تۈز تۇرۇر،
ئەگەر بولسا تۆت، كۆر بىرى ئەگرى بولۇر.

805. بىمىكى تۈز ئولسا، پۈتۈن ئۆز بولۇر،
نىمىكى ئۆز ئولسا، دىمەك تۈز بولۇر.

809. قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

810. بۇ خەنجەر پىچاقىم قولۇمدا تۇرۇر،
پىچارەم كىبىر بىر قورال ئەي غەيۇر.

811. پىچاقتەك كېسەرمەن، پىچىپ ئىشىنى،
ساقلاتماي داۋاغا كەلگەن كىشىنى.

812. شىكەر شۇكى: بىركىم زۇلۇم يەتتى دەپ،
ئىشىكىمگە كەلسە ئادالەت تىلەپ.

813. شىكەردەك لەززەتتە يانۇر ئۇ كىشى،
سۆيۈنۈپ ئىچىلۇر يۈزى ھەم قېشى.

.814 بىز تۇرغان ئۇراغۇن شىزندالار ئىچەر،
كى زورلۇق ئىشلىتىپ، ئەدىلدىن كېچەر.

.815 تىزتىنىپ ماڭا كەلسە، قىلسام ھىزكۈم،
ئۇراغۇن ئىچكىنىدەك بولىۋىلەر چىرقۇم.

.816 بىز قاشىم تۇرۇگى، بۇ كۆرۈكسىزلىكىم،
زىزلىۋم ئىلغىرچىغى بۇ يىۋزسىزلىكىم.

.817 كىبىرەك ئوغلىۋم ئولسىۋن، يىپەن تىۋغىنىم،
يولىۋچى، دىرتكىۋنچى، بىرە فونغىم.

.818 ماڭا تىك ئىككىسى قانىۋن ئالدىدا،
بىۋلىكچە بولماسمەن قانىۋن ئالدىدا.

.821 ئادالەت ئۇستىدە بىۋ بەگلىك ئۇلى،
بىۋ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، «قۇتادغۇ بىلىك» دىكى تۆت پېرسوناژنىڭ بىرى بولغان كۈن تۇغدىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئۇسۇلى، نەسىردە مۇتەييەنلەشتۇرۇلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۈن تۇغدىغا يوشۇرۇن سىڭلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئەينى زامانىدىكى بىلىمسىز، چارە-تەدبىرسىز، ئىنتىدارى يوق پادىشاھ، بەگلەر دارىتىملىنىپ تەنە ئاستىغا ئېلىنغان ۋە ئۇلار كۈن تۇغدىدەك ھا-

كىمىيەت باشقۇرۇشقا دەۋەت قىلىنغان.

تەنە (كىنايە) ئۇسۇلى سىياسىي نەزەرىيىۋى ماقالىلەردە مۇۋاپىق، توغرا قوللىنىلسا، ماقالىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاشىدۇ. مەسىلەن:

«... زادى خەلقنى قۇتقۇزۇش ئالدىنقى شەرت قىلىنىۋاتامدۇ، ياكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى قۇتقۇزۇش ئالدىنقى شەرت قىلىنىۋاتامدۇ؟ گومىنداڭنىڭ باتۇر نوچىلىرىنىڭ «ئالاھىدە تەشۋىقات بۆلۈمى» غا قارىغاندا، كېيىنكىسى تاللاپ ئېلىنغان ... سىلەر خەلقنى قۇتقۇزۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭلار...»

(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 4-توم، 2440-بەت).

«... پارتىيە باگۇسى، چەتئەل باگۇسى، بۇچەتئەل باگۇسىغا لۇشۈن بۇرۇنلا قارشى چىققان ئىدى. بىز نېمە ئۈچۈن يەنە ئۇنى پارتىيە باگۇسى دەپ ئاتايمىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭدا چەتئەل پۇرىقىدىن باشقا بىر ئاز يەرلىك پۇراقمۇ بار. بۇمۇ بىر ئىجادىيەت ھېسابلىنار. كىم بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنى بىر ئازمۇ ئىجادىيىتى يوق دەيدىكەن؟ مانا بىر تۇرۇپتۇ.»

(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3-توم، 1503-بەت).

يۇقىرىقى مىساللاردا «باتۇر نوچىلار» دېگەن كىنايە سۆز بەكمۇ جايىدا قوللىنىلغاچقا، يالغاندىن «خەلقنى قۇتقۇزۇش» شوئارىنى كۆتۈرۈۋالغان گومىنداڭ

ئەكسىيەتچىلىرى راسا دۇمبالانغان. يەنە «ئىنجادىيىتى» دېگەن تەنە سۆز ئارقىلىق «پارتىيە باگۇسى» بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار قامچىلانغان.

تەنە ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ قوللىنىلىپ كەلگەن. مەسىلەن:

«قارا قاشىم بار مېنىڭ،
كۆيدۈرمە قاش لازىم ئەمەس.
بىر ئاداشىم بار مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس»

«قاشىڭ ئەسلى قارادۇر،
ئۇسما قويغىنىڭ يالغان.
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۇم،
سېنىڭ كۆيگىنىڭ يالغان.»

بىرىنچى قوشاقتىكى «كۆيدۈرمە قاش» پەردازخورلۇقنىڭ كىنايىلىك تەسۋىرى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق «ياسالما گۈزەللىككە مەپتۇن بولماسلىق»، «يار ئۈستىگە يار تۇتۇش ھەقىقىي مۇھەببەتكە زىت» دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىككىنچى قوشاقتىكى «ئۇسما قويغىنىڭ يالغان»، «سېنىڭ كۆيگىنىڭ يالغان» دېگەن كىنايىلەر ئارقىلىق ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدىغان، ۋەدىسىدە تۇرمىغان يالغان سۆيگۈ ئىگىسى تەنە ئاستىغا ئېلىنغان.

تەنە مۇۋاپىق جايدا قوللىنىلسا، ئۇنىڭ سىياسىي،

ئىجتىمائىي رولى چوڭ بولىدۇ. ئەدىبىۋى ھىسسىياتنى كۈچ-
لۈك ئىپادىلىگىلى، دۈشمەنلەرنى كۈچلۈك مەسخىرە قى-
رالى ئارقىلىق پاش قىلغىلى، ئېغىز ۋە يازما نۇتۇق-
نىڭ يۇمۇرلۇقىنى ئاشۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى بەزى
يارىماس قىلىقلارنى تەنقىد قىلىپ تۈزەتكىلى بولىدۇ.
بۇنىڭ ئۈچۈن تەنە قورالىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا
تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش زۆرۈر.

(1) توغرا مەيدان، توغرا پوزىتسىيە بولۇش كې-
رەك. يەنى تەنە ئۇسۇلى خەلق مەنپەئەتىگە، ئىنقىلابىي
ئىشلار مەنپەئەتىگە زىت بولماسلىقى كېرەك. تەنىنى ئىش-
لىتىشتە ھەق بىلەن ناھەقنى، دوست بىلەن دۈشمەننى
ئېنىق ئايرىش، ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتقا قاراپ،
ئوخشاشمىغان شەكىلدە قوللىنىش لازىم. تەنە، ھەجۋى-
نىڭ دۈشمەنگە قارىتىلىدىغىنىمۇ، ئىتتىپاقچىلارغا قارىتىل-
دىغىنىمۇ، ئۆز قوشۇنىمىزغا قارىتىلىدىغىنىمۇ بولىدۇ، بۇ-
لارنى ئېنىق ئايرىش كېرەك. دوستلارنى ئازابلاپ،
دۈشمەننى خۇشال قىلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش
لازىم.

(2) روشەن بولۇش كېرەك. يەنى بىر كۆرۈپلا،
كىشىلەر ئۇنىڭ كىنايە ئىكەنلىكىنى بىلەلىشى لازىم.
ئىمكان قەدەر كىنايە قىلىنىدىغان مەزمۇنلار ئەسەر ۋە نۇ-
تۇقنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن بولۇشى،
ياكى ھەقىقىي مەنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئىش-
لار كىنايە بىلەن بىرلىكتە بايان قىلىنىشى لازىم.

(3) كىنايە قوللىنىشتا، مەقسەت روشەن بولۇشى

كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بەلگىلىك چەك - چېگرى-
سى بولۇشى، كىشىلەرنىڭ يېزىش، سۆزلەش ئادەتلى-
رىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

(4) تەنە مەلۇم شەرتلىك بەلگىلەر، سۆز ۋە قو-
شۇمچىلار ئارقىلىق كۆرسىتىلسە، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.
مەسىلەن، بىر قىسىم تەنە سۆزلەرنى تۇش تىرناق (« »)
ئىچىگە ئېلىش زۆرۈر. يەنە بەزى تەنە سۆزلەرنىڭ
كەينىگە «بولسا كېرەك»، «تىلار»، «كىبەر»، «ئار»،
«ئەر» قاتارلىق سۆز ۋە قوشۇمچىلارنى ئىشلىتىشكىمۇ
بولىدۇ.

(5) تەنە بىلەن مەسخىرىنى مۇۋاپىق ئايرىپ قول-
لىنىش كېرەك. تەنىلەرنىڭ بەزىسى مەسخىرە ئارقىلىق
ئىپادىلىنىدۇ. مەسخىرىلەرنىڭ بەزىلىرى تەنە ئارقىلىق
ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارنى قوللىنىشتا دىققەت قى-
لىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار بار. بولۇپمۇ، مەسخىرىنىڭ قىممى-
تى يوق، ئەقلىگە سىغمايدىغان، خاتا، ھەتتا چىرىك،
ئەكسىيەتچى نەرسىلەرنى چۆۋۈپ، ئۇلارنىڭ چاۋىسىنى
چىقتا يايدىغان كۈچلۈك ئوت كۈچىگە ئىگە ئىكەن-
لىكىدەك خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ئۆز كى-
شىلىرىمىزگە، ئۆز ئىشلىرىمىزغا قاراتماسلىقىمىز لازىم.

## 22. ماقال - تەمسىللەر

ماقال - تەمسىللەر خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەت-
لىك تۇرمۇش بىلىملىرى ئارقىلىق شەكىللەنگەن قىممەت-

لىنىڭ ئوي ـ پىكىرىنىڭ تۇراقلىق سۆز ۋە تۇراقلىق جۈملە شەكلىدە ئىپادىلىنىشىدۇر. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا، ماقال ـ تەمسىللەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەرنى جايىدا ئىشلىتىش، ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك ھالدا پايدىلىنىش ستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى توغرا ئىگىلەشتىكى مۇھىم مەسىلىدۇر. ماھارەتلىك ئاپتورلار، ناتىقلار ماقال ـ تەمسىللەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىپ، ئەسەرلىرىگە، نۇتۇقلىرىغا كىتابخانلارنى، ئاڭلىغۇچىلارنى ھەقىقىي قايىل قىلالايدىغان، جەلپ قىلالايدىغان جانلىق تۈس بېرەلەيدۇ.

ماقال ـ تەمسىللەر كىشىلەرنىڭ قۇرۇق خىيالى ئىزلىنىشى بىلەنلا توقۇپ چىقىرىلغان نەرسە ئەمەس. بەلكى ئۇ، كىشىلەرنىڭ خىلمۇ خىل، مۇرەككەپ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنىڭ ئىلمىي خۇلاسىلىرىدىن يەكۈنلەنگەن ئەقلىيە جەۋھەرلىرىدۇر. ئاز بىر قىسىم ماقال ـ تەمسىللەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپلىگەن ماقال ـ تەمسىللەردە بىز خەلقىنىڭ قىممەتلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى مول بىلىملىرىنىڭ، ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرىنىڭ، خەلق دانىشمەنلىكىنىڭ مەزمۇن قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ قاچان، قايسى دەۋىردە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلىش ناھايىتى تەس. بىز تۆۋەندە بىر نەچچە مىسال كەلتۈرىمىز:

ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى — ئىلىم بىلەن.

ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە،
ئەلنىڭ بالىسى بول.

يىتىنە قايافقا ماڭسا، يىپمۇ شۇ ياققا ماڭار.

دوستۇڭ ئامانلىق تىلەر،
دۈشمىنىڭ يامانلىق (تىلەر).

دوست يىغلىتىپ ئېيتار،
دۈشمەن كۈلدۈرۈپ (ئېيتار).

كۆپ ئاتقان بىلەن مەرگەن بولماس،
كۆپ سۆزلىگەن بىلەن چېچەن (بولماس).

قورقۇنچاقتا نومۇس يوق.

بىلگەندىن ئۆگەن،
بىلمىگەنگە ئۆگەت.

بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس،
باش تارىغان بىلەن خوتۇن (ئەمەس).

داپ داراڭلىغان يەردە يۈرۈپتۇ،
ئېشەك ھاڭرىغان يەردە.

ئىككى تاۋۇزنى بىر قولتۇققا قىسقىلى بولماس.

ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق،
ھۇرۇننىڭ جېنى (تاتلىق).

دېھقانچىلىق چىلىق - چالىق،
بولمىسا غېرىبچىلىق.

ياغاچ قازاندا ئاش بىر پىشار، ئىككى پىشماس.

يامان ئاتاق بىلەن يۈرگەندىن،
ياخشى ئاتاق بىلەن ئۆلگەن ئەۋزەل.

خېنىمنىڭ قېشىنى كۆرۈڭ،
تاۋۇقنىڭ تېشىنى (كۆرۈڭ).

گوركىي ماقال - تەمسىللەر ئۈستىدە توختىلىپ «ئومۇمەن ماقال - تەمسىللەر ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ پۈتۈن تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي تارىخىنى، تەجرىبىلىرىنى نەمۇنىلىك سۈرەتتە شەكىللەندۈرىدۇ. يازغۇچى سۆزلىرىنى خۇددى مۇشتۇمنى تۈگكەندەك ئىخچام قىلىشقا ئۆگىتىدىغان مۇنداق ماتېرىيال بىلەن تونۇشۇشى كېرەك» دېگەن ئىدى.

ماقال - تەمسىللەر ئەسەر تىلىنىڭ، نۇتۇقىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئابستراكت چۈشەنچىلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇپ كىشىگە مول بىلىم بەخش

ئېيتىدۇ. سۆز، جۈملىلەرگە كۈچ ـ تىزۋۇەت بېغىشلايدۇ.

ماقال ـ تەمسىللەر ئەسەردە، نۇتۇقتا دەل جايىدا، تورۇزلۇق، مەقسەتلىك ھالدا ئىشلىتىلسە، ئۈنۈمى زور بولىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللارغا قارايلى:

«شامەخسۇت «باغلاقتىكى ئىت ئوۋغا يارىماپتۇ» دېگەن شۇ دەپ، ئەسەبىيلىك بىلەن ساقاللىرىنى يۇلۇپ قاتتىق كايىدى ۋە دەرھال ئۈرۈمچىدىكى جاڭجۈڭشىن يارەمگە چېرىك سورىدى.»

«... مەن خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ قېلىشىدىن ناھايىتى قورقىمەن. مىللەتلەر ئاڭ ـ سەۋىيىلىك بولۇپ، ئىتتىپاقلىشالىسا، ئۇلارنى باشقۇرماق تەس. نادان ھالەتتە بولۇنۇپ تۇرسا، ئىدارە قىلماق ئاسان. شۇڭا قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن، كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش مۇۋاپىق. ئۇلارنى ھەرگىزمۇ چوڭ ئىتتىپاقلىققا ئىگە قىلدۇرماسلىق لازىم. شۇنداق بولغاندا، ھەر قايسىسى ئۆز غېمىسى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئىسيان قىلالمايدىغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلاردا «ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغى بىلەن قورۇش» دېگەن گەپنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىم. دەرۋەقە قوينىڭ گۆشىنى ئۆزىنىڭ يېغى بىلەن قورۇسا، ھەم تاتلىق، ھەم تېجەشلىك بولىدىكەن. ئۇيغۇرلاردا يەنە «سېپى ئۆزىدىن» دېگەن گەپمۇ بار ئىكەن. بۇنىڭ مەنىسى ئادەتتە پالتىنىڭ سېپى ياغاچتىن بولىدۇ. پالتا بىرىپ ياغاچنى كېسىدۇ دېگەن بولىدىكەن. دەرۋەقە پال-

ـتىنىڭ سېپى تۆمۈر ياكى باشقا مېتالدىن بولسا، قولنى قېقىپ ئاغرىتىدۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئەگەر ئۇيـغۇر مۇسۇلمان پۇقرالار ئىسيان كۆتۈرسە، مەسىلەن، قومۇلدىكى تۆمۈر بىلەن تۇرپاندىكى مويدىنگە ئوخشاش، ئۇلارنى ئۆز كىشىلىرىنىڭ قولى بىلەن باستۇرغاندا. بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقىسەن. يەنى ئۆلگۈچىمۇ، ئۆلـتۈرگۈچىمۇ. شۇلارنىڭ ئۆزى بولىدۇ. سېنىڭ قولۇڭغا قان يۇقمايدۇ. بۇ قەدىمكى دانىشمەنلەرنىڭ «ياتنى ياتـنىڭ قولى بىلەن ئىدارە قىلىش، دېگەن سۆزىنىڭ دەل ئۆزى...»

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز»)

يۇقىرىقى بىرىنچى مىسالدا «باغلاقتىكى ئىت ئوۋغا يارىماپتۇ» دېگەن ماقال ئارقىلىق، قومۇلدىكى زالىم ۋاڭ شاھمەخسۇتنىڭ قول چوماقچىلىرىنىڭ قورقۇنچ ۋە سارا-سىمە ئىچىدە قالغان «يوغان بىر پىلنى قاۋاپ تۇتـماقچى بولغان كۆكا ئىتلاردەك. چاڭ - توزان ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالغان» ھالىتى ئېچىپ بېرىلگەن. ئىككىنچى مىسالدا، «ئۆز كۆشنى ئۆز يېغى بىلەن قورۇش»، «سىـپى ئۆزىدىن»، «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش» قا-تارلىق ماقال - تەمسىللەر ئىشلىتىلىش ئارقىلىق، ئەكسـيەتچىلىك، مىللەتچىلىك، ھىيلىگەرلىك، ياۋۇزلۇقتا ئۇچىـغا چىققان ياڭ جاڭجۇڭنىڭ (ياڭ زېڭشىن) يېرگىنىشـلىك روھىي ھالىتى دەل جايىدا ئېچىپ بېرىلگەن.

..............................

«چىراي كۆرۈپ ھال سورا»
دېگەن ئىكەن كونىلار.
نېم بىرلغاندۇ توختاخۇن،
خۇشال ئىدى بايىلا.
يېپىشىپتۇ پىشكەللىك،
ئەس ـ ھوشىنى گاڭگىرىتىپ،
«قازا كەلمەس كۆرۈنۈپ،
پۇت قولىنى ساڭگىلىتىپ،»
...

(ت. ئېلىيوپ «ساڭ مۇدىرىنىڭ زىياندا شقا قارشى، ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق»)

يۇقىرىقى شېئىرىي پارچىدا «چىراي كۆرۈپ ھال سورا»، «قازا كەلمەس كۆرۈنۈپ، پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەن ماقال ـ تەمسىللەر ئىشلىتىلىپ، ئاشلىق سېنى خادىمى توختاخۇندىكى روھىي چىدىلىك ئېچىپ بېرىلگەن، شائىر يەنە شۇ شېئىرىنىڭ باش قىسمىغا «ئېشەككە كۆچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەن ماقالنى ئېلىپ كىرىپ ئورنىدا بېرىپ، ساڭ باشلىقى ئادىلچوگىنىڭ يارىماس «تەدبىرى»نى كۆچلۈك ھەجۋىي ئوتقا ئالغان.

دېمەك، ماقال ـ تەمسىللەر ھەقىقەتەن ئوي ـ پىكىرنى ئىخچام، ئوبرازلىق، قايىل قىلارلىق ھالدا ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا «ئەرنىڭ كۆركى ساقال، سۆزنىڭ كۆركى ماقال» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان.

ماقال بىلەن تەمسىل مەلۇم جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ.

ماقالدا ئوي ـ پىكىر مەنىلىك سۆز، جۈملىلەر ئار-
قىلىق بىۋاسىتە، ئۇدۇل ئىپادىلىنىدۇ. تەمسىلدە بولسا،
تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر، كىشىلەردىكى ياخشى ـ
يامان خۇسۇسىيەتلەر ھايۋان، ئۇچار قاناتلار ۋە باشقا
نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە، تىلىملىرىغا تەقلىد قىلى-
نىش، ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كۆچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە (ماقال)

يەر ھەيدىسەڭ كۆزدە ھەيدە، كۆزدە ھەيدىمىسەڭ
يۈز ھەيدە (ماقال)

پالتا چۈشكىچە، كۆتەك ئارام ئاپتۇ. (تەمسىل)

توخۇ داڭگال چۈشەر، ئۆچكە جاڭگال (تەمسىل)

تەمسىلگە قارىغاندا، ماقاللاردا شېئىرىي خۇسۇسىيەت،
كۆپرەك بولۇپ، قاپىيە، ۋەزىن، رىتىم، تۇراقلارغا ئىگە.
مەسىلەن:

ئەل ـ يۇرتۇڭ بولسا ئامان،
رەڭگى روھىڭ بولماس سامان (ماقال)

قارىمۇقنىڭ دانىسى بولغۇچە،
بۇغدايىنىڭ سامىنى بول (تەمسىل)

ئادەتتىكى تەمسىللەرنىڭ ھەممىسى ئىككى قىسىم-
دىن تەركىب تاپىدۇ. ئالدىنقى (يېرىم) قىسمى ئوبرازلى-
لىق، جانلىق ئوخشىتىش، كېيىنكى (يېرىم) قىسمى تەمسىلنىڭ
چۈشەندۈرۈلۈشى (يېشىلىشى) دىن ئىبارەت. كىشىلەر

ئوخشىتىش ئارقىلىق تەمسىلنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنەلەيدۇ. تەمسىللەرگە ئوخشىتىش قوشۇمچىلىرىنى قوللىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

پۈتى كۆيگەن توخۇدەك.

موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە.

قاغىلار قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىدۇ.

ھاي قاچىسى سىرتىدىن مەلۇم.

ئىپادىلىنىش شەكلى جەھەتتىنمۇ ماقال - تەمسىللەر پەرقلىنىدۇ؛ ماقاللار بىر جۈملىدىنمۇ، كۆپ جۈملىدىنمۇ تۈزۈلۈپ كېلىپ، تولۇق ئاخىرلاشقان ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى ماقال تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن خۇلاسىلەنگەن ئوي - پىكىرنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەر ئارقىلىق ئىنچام كۆرسىتىلىشىدۇر.

تەمسىللەر بولسا، كۆپ ھاللاردا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر جۈملە بولالمايدۇ؟ يەنى جۈملىنىڭ بۆلىكى بولىدۇ. شۇڭلاشقا تەمسىللەردە ئوي - پىكىر تولۇق ئاياغلاشمىغان بولىدۇ. تەمسىل مۇئەييەن بىر خىل ئوي - پىكىرنىڭ ئۇدۇل مەنە بېرىدىغان جۈملىلەر ئارقىلىق كۆرسىتىلىشى بولماستىن، بەلكى شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىگە سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش ئارقىلىق بىر خىل ئايلانما ئۇسۇل بىلەن كۆرسىتىلىشىدۇر. مەسىلەن:

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

ئادەمنىڭ ئادەملىكى ئاچچىقى كەلگەندە بىلىنەر.

نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن.
سۇ كەلگىچە تولغان سال.

يوقىرىقىلار ماقال بولۇپ، ئۇلاردا ئوي - پىكىر تولۇق ئىپادىلەنگەن.
پۇتى كۆيگەن توخۇدەك...
ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يې-گەندەك...
پايپاقىغا نال قاققاندەك...
قاغا بالىسىنى ئاپئاق، كىرپە بالىسىنى يۇمشاق دېگەندەك...

يوقىرىقىلار مەسەل بولۇپ، ئۇلاردا ئوي- پىكىرنىڭ تولۇق ئىپادىلىنىشىغا ئىبارىلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.
ماقال - تەمسىللەرنىڭ تەتبىق قىلىنىشى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرى ئۆزى ئىپادىلىگەن مەزمۇن ياكى ھادىسىگە تەتبىق قىلىنىپ، شۇ مەزمۇن، شۇ ھادىسە ئۈ-چۈنلا قوللىنىلىدۇ. يەنە بەزىلىرى بۇنىڭ بىلەنلا قال-ماي، يەنە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان مەزمۇن ياكى ھادى-سە ئۈچۈنمۇ تەتبىق قىلىنىدۇ. يەنە بەزىلىرى ئۆزى ئىپادىلىگەن مەزمۇن ياكى ھادىسىدىن باشقا مەزمۇن، ھادىسىلەرگىلا تەتبىق قىلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق، ئۆزى ئىپادىلىگەن مەزمۇن ۋە ھادىسىدىن باشقا مەزمۇن يا-كى ھادىسىلەرگە تەتبىق قىلىنىدىغانلىرى مەسەلدۇر.
ماقال - تەمسىللەرنىڭ بەزىلىرى ھەر خىل سە-

تىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىلەن كىرەلىشىپ، ئارىلىشىپمۇ كېتىدۇ. مەسىلەن:

ئالەمدىكى قاغىلارنىڭ ھەممىسى قارا.

يوقىرىقى، ئوخشىتىش بىلەن كىرەلىشىپ كەلگەن مەسەلدۇر. يەنى «قاغىلار» ۋەكىللىك ئوخشىتىش بولۇپ، ئەكسىيەتچىلەر قاغىغا ئوخشىتىلغان.

تۇمىقىنى ئال دېسە، بېشىنى ئاپتۇ.

يوقىرىقى تەمسىل مۇبالىغە بىلەن كىرەلىشىپ كەلگەن.

ماقال - تەمسىللەرنى قوللانغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر سىنىپىي خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك. مەلۇمكى، ئەمگەكچى خەلقىمىز ئېكسپلاتاتور سىنىپلارغا، ئادالەتسىز ئىجتىمائىي تۈزۈمگە بولغان غەزىپىنى كۆپىنچە ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق ئەزگۈچىلەرنى پاش قىلغان، مەسخىرە قىلغان، قامچىلىغان. مەسىلەن:

بېرىشتە توققۇز،
ئېلىشتا ئوتتۇز.

ئوڭدا ياتقان كىردە يەپتۇ،
كەتمەن چاپقان جىگدە (يەپتۇ).

كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ،
قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ.

## تەييارغا ھەييار

يەنە بەزى ماقال - تەمسىللەرنى ئېكسپىلاتاتسى-
يە قىلغۇچى سىنىپلار ئەمگەكچى خەلق ئۈستىدىن يۈر-
گۈزۈۋاتقان زۇلمىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش، ئەمگەكچى خەلق-
نىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرەش روھىنى سۇسلاشتۇرۇش، ئۇلار-
نى كەمسىتىش، تەقدىرگە تەن بەرگۈزۈش مەقسىتىدە قول-
لىنىپ كەلگەن. مەسىلەن:

خوتۇن كىشى تۆت تامنىڭ قولى.

ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا.

ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ.

بوزەكنى بوزەك قىلمىساڭ ئۇۋالىغا قالىسەن.

.....................................

بىز خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، يۇقىرىقىدەك ئەكسى-
يەتچىل، خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن
ماقال - تەمسىللەرنى ئۈزۈل - كېسىل رەت قىلىشىمىز،
ئۇلارنىڭ زەھەرلىرىنى تازىلىشىمىز لازىم.

يەنە شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇشىمىز كېرەككى، ماقال - تەم-
سىللەر چوڭقۇر سىنىپىلىققا ئىگە بولغاندىن سىرت، مە-
لۇم جەھەتلەردە يەنە قويۇق مىللىي خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە.

ئالايىلى، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، شۇ مىللەتنىڭ ئوي - پىكرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە شەكلى باشقا بىر مىللەتتىن ئالاھىدە پەرقلىق بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى يالغۇز بىر مىللەتنىڭ تىل ئادىتىلا ئەمەس، يەنە مىللىي تۇرمۇش ئادەتلىرىمۇ بەلگىلەيدۇ. شۇڭا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ماقال - تەمسىللىرىنى ئۆگىنىش، قوللىنىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە، ئېھتىياتچان بولۇش، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش كېرەك.

## 23. ئىدىئوملار

ئىدىئوم («IdiOM») گرېكچە سۆز بولۇپ، بىزچە «ئالاھىدە سۆز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تەركىبىدىكى سۆزلەر ئۆزىنىڭ ئايرىم تۇرغان چاغدىكى مەنىلىرىدىن باشقىچە مەنىنى بىلدۈرىدىغان، لېكسىكا ۋە گراماتىكا جەھەتتىن تۇراقلاشقان سۆز بىرىكمىلىرى ئىدىئوملار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «تېرىسىگە پاتماي كەتمەك» دېگەن بىرىكمىدە ئۈچ سۆز بولۇپ، بۇ سۆزلەر ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسىدىن باشقا مەنىدە (كۆچمە مەنىدە) كەلگەن. يەنى كىشىدىكى كىبىرنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئىدىئوملار تۇراقلىق ھالدا بىرىكىپ شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى

خالىغانچە ئالماشتۇرۇشقا، ياكى بىرەر سۆزنى قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ئىدىئوملار بىر مىللەت تىلىغا خاس تەييار تىل ماتېرىيالى بولغاچقا، ئۇنى باشقا بىر مىللەت تىلىغا سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. پەقەت مەزمۇنەن تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. ئىدىئوملاردىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەت ماقال - تەمسىللەرگىمۇ ئورتاق.

ئىدىئوملار مەنە جەھەتتىن مۇكەممەللىككە ئىگە بولغاچقا، بىر ئىدىئومنى پۈتۈن بىر گەۋدە سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرگە قاراپلا تەبىرلىگەندە، چۈشەنمەسلىك، ھەتتا خاتا چۈشىنىپ قېلىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىدۇ.

ئىدىئوملار تەركىبىدە بىر قانچە سۆز بولغان بىلەن، ئۇلار بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئومۇمىي بىرلا مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، «تومۇرىنى تۇتۇش» دېگەندە، بىراۋنىڭ مەلۇم بىر ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى بىلىشنى، «ئاغزىنى تاتلىق قىلىش» دېيىلگەندە، ئىشقا ئاشمايدىغان قۇرۇق خىياللار بىلەن ئۆز - ئۆزىنى خۇشال قىلىشنى، «گۆرنىڭ ئاغزىدىن قايتىش» دېيىلگەندە، ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، ئىدىئوملارنىڭ قانداق مەنە ئاڭلاتقانلىقىنى بىلىشتە، ئۇلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە (تۇراقلاشقان سۆز بىرىكمىلىرى) سۈپىتىدە چۈشىنىش كېرەك. دېمەك، مەنە جەھەتتىن مۇكەممەل بولۇش، قۇرۇلما جەھەتتە تۇراقلىق بولۇش ئىدىئوملارنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى.

يەنە شۇنى: ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىدىئوم-
لارنىڭ كۆچمە مەنىسىنى ئەسلىدىكى بىۋاستە مەنىسىدىن
كېلىپ چىققان. ئۇ، ئەسلى مەنىنىڭ كېڭىيىشى، ئابس-
تراكتلىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قا-
رىغاندا، ئەسلى مەنە بىلەن كۆچمە مەنە تىزلىمۇ مۇنا-
سىۋەتلىك.

خۇلاسىلىگەندە، ئىدىئوملارنىڭ تۆۋەندىكىدەك خۇسۇ-
سىيىتى بار.

(1) ئىدىئوملار يىغىنچاقلىق، جانلىقلىق، ئوبراز-
چانلىق ۋە مەنە جەھەتتىن چوڭقۇرلۇققا ئىگە.

(2) ئىدىئوملار تىلدا بىر سۆز بىرىكمىسى ھالى-
تىدە، بىرلا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ ۋە بىرلا ئۇ-
قۇمنى بىلدۈرىدۇ.

(3) ئىدىئوملارمۇ، سۆزلەرگە ئوخشاش گرامماتى-
كىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، يەنى، ئىدىئوملار شەخ-
لەر بىلەن تۈرلىنىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ھەر ئۈچ شەختە ئىش-
لەتكىلى، بەزىلىرىنىڭ مەلۇم شەختىلا ئىشلەتكىلى بو-
لىدۇ. ئۇلار زامان بىلەنمۇ تۈرلىنىدۇ. بەزىلىرى ھەر
ئۈچ زاماندا كەلسە، بەزىلىرى مەلۇم زاماندىلا كېلىدۇ.
يەنە بەزىلىرى بولۇشسىز شەكلىدىلا كېلىدۇ. مەسىلەن:
«قىردىن ئاشالمىدى»، «چاپىنى تىزدىن ئاشمى-
دى» دېگەن ئىدىئوملارنى «قىردىن ئاشالىدى»، دېگەن
بولۇشلۇق شەكلىدە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

(4) ئىدىئوملاردىمۇ مەنىداشلىق خۇسۇسىيەتلەر بار.
مەسىلەن، «ئاغزى قۇلىقىغا يېتىش»، «بېشى ئاسمانغا

قاقاشماق»، «ئاغزى يالاقتەك بولۇپ كەتمەك»، «ئاغزى كەشتەك بولۇپ كەتمەك» دېگەن ئىدىئوملار مەنىداشلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

(5) ئىدىئوملار شەكىلداشلىق خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە. مەسىلەن، «قول قوشتۇرۇپ تۇرماق» دېگەن ئىدىئومنى ئالساق، ئۇنىڭدا خاتالىقنى بوينىغا ئېلىپ ئەپۇ سوراش مەنىسىنىمۇ، بىراۋنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئەدەب ساقلاپ تۇرۇش مەنىسىنىمۇ، بىراۋنىڭ ئىشىغا نىسبەتەن ھېچقانداق پوزىتسىيە بىلدۈرمەي بىر چەتتە تۇرۇش مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

(6) ئىدىئوملارنىڭ زىت مەنىدىكىلىرىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، «بەل باغلىماق»، «بېلى باغلاغلىق» دېگەن ئىدىئوملار ئادەتتە بىرەر كىشىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىنىڭ چىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، يەنە مۇشۇ ئىدىئوملارغا قارىمۇ قارشى مەنىنى ئىپادىلەيدىغان «بېلى بوشاپ كەتمەك»، «بەل قويۇۋېتىش»، «بېلى چىقىپ كېتىش» ئوخشاش ئىدىئوملارمۇ بار.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەنداش ئىدىئوملارنى ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى، ئوبيېكتى، تۇس قاتارلىق تەرەپلەرگە دىققەت قىلىش لازىم.مەسىلەن، «ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك» دېگەن ئىدىئوم بىلەن «ئاغزى يالاقتەك بولۇپ كەتمەك» دېگەن ئىدىئوم گەرچە ئوخشاشلا خۇشاللىق، ھاياجاننى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئىشلىتىلىش ئورنى، ئوبيېكتى ئوخشاش ئەمەس. ئالدىنقىسى كۆپىنچە ئىجابىي شەخسلەرنىڭ خۇ-

خاللىق، ھاياجانلىنىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، كېيىنكىسى سەلبىي شەخسلەرنىڭ باشقا كىشىلەر (ئىجابىي شەخسلەر) بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا خۇشاللىقىنى باسالماي قالغان ھالىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. شەكىلداش ئىدىئوملاردىن پايدىلىنىشتىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاڭلاتقان مەنىلىرىنى ئوبدان پەرق ئېتىش كېرەك. مەسىلەن، «قانات ئاستىغا ئالماق» دېگەن ئىدىئوم ئىجابىي جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىش، ئاسرارچىلىق قىلىش مەنىسىگىمۇ ئىگە. ئالايلى، «پارتىيە بىزنى قانات ئاستىغا ئالدى. شۇكۈندىن باشلاپ كۆڭلىمىز كۆلدى، دىلىمىز يورۇدى» دېگەنگە ئوخشاش. يەنە بىر تەرەپتىن، سەلبىي جەھەتتە بىراۋنىڭ پرىنسىپسىز ھالدا باشقا بىرسىنى ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىپ، قوغداپ قالغانلىقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

ئىدىئوملار تىلىمىزغا باي مەزمۇن، گۈزەللىك ۋە ئوبرازلىق خۇسۇسىيەت بېرىدۇ. ئوي - پىكىرنى ئېنىق، توغرا، روشەن، گەۋدىلىك، تەسىرلىك ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىز تۆۋەندە بىر نەچچە مىسال ئېلىپ، كۆرۈپ باقايلى.

«سۇبيېكتىۋىزمغا، مەزھەپچىلىككە ۋە پارتىيە باگۇسىغا قارشى تۇرۇشتا، مۇنۇ ئىككى مەقسەتنى كۆزدە تۇتۇشىمىز زۆرۈر: بىرىنچى، «ئۆتمۈشتىكىدىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش»، ئىككىنچى، «كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇش»، كېيىنكى خىزمەتلەردە ئېھتىياتلىقراق بولۇش، ياخشىراق ئىشلەش ئۈچۈن ئىلگىرىكى خاتالىقلارنى چىقىم ئېچىپ تاشلاش، يۈزخاتىرە قىلا-

ماسلىق، ئۆتمۈشتىكى ناچار نەرسىلەرنى ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن تەھلىل ۋە تەنقىد قىلىش كېرەك. «ئۆتمۈشتىكىدىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش»نىڭ مەنىسى ئەنە شۇ. لېكىن خاتالىقلارنى ئېچىپ تاشلىشىمىز، كەمچىلىكلەرنى تەنقىد قىلىشىمىزدىن مەقسەت ئادەمنى نابۇت قىلىش ئەمەس، بەلكى دوختۇرنىڭ كېسەلنى داۋالىغىنىدەك، پۈتۈنلەي ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش. بىر كىشى سوقۇر ئۈچەي بولۇپ قالسا، دوختۇر سوقۇر ئۈچەينى كېسىپ تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم قۇتۇلدۇرۇپ قېلىنىدۇ. خاتالاشقان ھەر قانداق كىشى ئاغرىقىنى يوشۇرماي، داۋالىنىشتىن قاچماي، خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ساقايتقىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالماي، سەمىمىي بولۇپ، داۋالىنىشنى، تۈزىلىشنى ھەقىقىي خالىسىلا بىز ئۇنى قارشى ئېلىشىمىز، كېسىلىنى داۋالاپ ياخشى يولداش قىلىپ چىقىشىمىز لازىم. بۇ خىزمەت ھەرگىز بىردەملىك پوخادىن چىقىۋېلىش بىلەن، قالايمىقان زەربە بېرىۋېلىش بىلەن ئۈنۈملۈك بولۇپ چىقىدىغان خىزمەت ئەمەس. ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى كېسەللەرگە قارىتا ھەرگىز قوپال پوزىتسىيە تۇتۇشقا بولمايدۇ. «كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇش» پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش كېرەك. مۇشۇ ئۇسۇللا توغرا ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل.»

(ماۋزېدۇڭ «پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتەيلى»)

يۇقىرىقى مىسالدا، كىشىلەردىكى خاتالىق ۋە كەمـ

چاملىقلارغا قارىتا تەنقىد، تەربىيە بېرىپ تۈزىتىپ، خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىنى يېڭى ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش-تەك مەقسەتنى «كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇلدۇرۇش» دېگەن ئىدىيەم بىلەن ئىپادىلىگەن.

«دەريانىڭ قىيانى بار،
چۆلنىڭ قۇم بورانى بار.
بىز باسقان ئۇزۇن يولنىڭ،
سانسىز تاغ - داۋانى بار.

يولدىن توختىماس كارۋان،
دىلدا بىر بۈيۈك ئارمان.
نىگارى ۋەسلىگە يەتكەي،
بېلىنى يەشمىگەن پالۋان.»

(مۇھەممەت ئېلى زۇنۇن «كارۋان ناخشىسى»)

يېقىرىقى مىسالدا، «ئىرادىسىدىن قايتمىغان كىشى مۇرادىغا يېتەلەيدۇ.» دېگەن چۈشەنچە «بېلىنى يەشمىگەن» دېگەن ئىدىيەم بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

## 24. تەسەۋۋۇر

ئاپتور بىۋاستە كۆرمىگەن ياكى ئادەملىمىغان بولسىمۇ، پەقەت ئوبيېكتىپ دۇنيادىن ۋاستىلىك ھالدا ئىگە بولغان تەسىراتلىرىغا ئاساسەن ۋاقىئە، ھادىسە

لەرنى گويا ئۆزى كۆرگەندەك، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭـ
لىغاندەك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت ستىلىسـ
تىكىلىق ۋاستە تەسەۋۋۇر دېيىلىدۇ.

تەسەۋۋۇرنىڭ ئاساسى ئوبيېكتىپ رېئاللىقتۇر. يەنى،
تەسەۋۋۇر رېئاللىقنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئاپتور
قەلبىدە پەرۋاز قىلغان يۈكسەك غايىۋى ئىستەك ۋە
تىلەكلەردىن ئىبارەتتۇر.

تەسەۋۋۇرنى ئەمەلىيەتتە بىر خىل يېزىش ئۇسۇلى
دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بەزى مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ،
يەنى ئەسەر ۋە نۇتۇق تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى
يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، كۈچلۈك تەسىرچانلىق ئارقىلىق
كىتابخان ياكى ئاڭلىغۇچىنى گۈزەل تۇيغۇ گۈلزارلىقىـ
غا باشلاپ كىرىپ، ستىلىستىك زوققا ئىگە قىلىشىغا قاـ
راپ، تەسەۋۋۇرنى بىر خىل بەدىئىي ۋاستە دېيىشكىمۇ
بولىدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت تەسەۋۋۇرنىڭ ستىلىستىكـ
لىق ئىپادىلەش رولى ھەققىدىلا توختىلىمىز.

ھەر خىل ئەسەرلەردە تەسەۋۋۇردىن مۇۋاپىق پايـ
دىلىنىلىدۇ. بولۇپمۇ شېئىرىيەتتە تەسەۋۋۇر مۇھىم رول
ئوينايدۇ. ئېنىقراق ئېيتقاندا، شېئىردا مەزمۇن جان،
تىل قان بولسا، تەسەۋۋۇر قاناتتۇر. تەپەككۇرنى شائىرـ
نىڭ رېئال تۇرمۇشنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئەكس ئەتتۈـ
رۈشتىكى ئوي - پىكرى دېيىلسە، تەسەۋۋۇرنى شەيئى
ۋە ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈنۈش ھالەتلىرى ئۈستىدە ئويـ
لىنىپ، ئۇلارنى زېھنىدە گەۋدىلەندۈرۈش ياكى خىيالـ
غا كەلتۈرۈش دېيىشكە بولىدۇ. شېئىردىكى تولۇپ - تاشـ

تمان ھېسسىياتنى شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ئايرىپ قاراش-
قا بولمايدۇ. چۈنكى، شائىردىكى كۈچلۈك ھېسسىياتچان-
لىق خۇسۇسىيەت ئۇنىڭدىكى باي تەسەۋۋۇر بىلەن زىچ
بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ
جوش ئۇرۇپ تۇرغان ھېسسىياتى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىنى
قوزغايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن شائىر تەسەۋۋۇر ياردىمى
بىلەن ھېسسىياتىنى چۇڭقۇرلاشتۇرۇپ كېتەلەيدۇ. شۇڭ-
لاشقا، تەسەۋۋۇرنى ھېسسىياتنىڭ قانىتى دېيىشكە بولىدۇ.

شېئىرىي تەسەۋۋۇرنى چۈشىنىشتە ئىدېئالىستلار بىلەن
دىئالېكتىك ماتېرىيالىستلار ئوتتۇرىسىدا پرىنسىپال
ئىختىلاپلار مەۋجۇت. ئىدېئالىستلار تەسەۋۋۇرنى «گۇمانى
خىيال»، «ئىنتايىن سىرلىق نەرسە» دەپ قارىشىپ،
تەسەۋۋۇرنىڭ رېئاللىق ئاساسىنى يوققا چىقىرىدۇ. دىئا-
لېكتىك ماتېرىيالىزمچىلار تەسەۋۋۇرنى «ھېچقانداق ئاسا-
سىز قۇرۇق خىيال ئەمەس، ئۇ ئەمگەك جەريانىدا مەي-
دانغا كەلگەن ھەم راۋاجلانغان» دەپ قارايدۇ. پاكىت-
لار شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، توغرا تەسەۋۋۇر ئاپتورنىڭ
ئوبيېكتىپ دۇنيانى توغرا كۆزىتىشى، توغرا چۈشىنى-
شى ۋە شۇ ئاساستىكى ئىلمىي كۆرەلمىكىنىڭ مەھ-
سۇلىدۇر.

تەسەۋۋۇر ئارقىلىق يازغۇچى، شائىرلار ئۆتمۈشكە
ۋە كەلگۈسىگە ئېنىق كۆز يۈگۈرتەلەيدۇ.

«ئالتە كۈنلۈك ئالتۇن ئاي،
ئالتۇن تاغىقىم بولسا،

رەڭگارەڭ ھەسەن - ھۈسەن،
شايى ياغلىقىم بولسا،
زەر ھالقامغا چولپاننى،
ياقۇت كۆز قىلىپ ئالسام،
يۇلتۇزنى قىلىپ مارجان،
بوينۇمغا ئېسىپ ئالسام.»

شائىر مۇھەممەت ئېلى زۇنۇننىڭ يۇقىرىقى شېئىرىدا كۈچلۈك تەسەۋۋۇر گاھ ئايغا، گاھ ھەسەن - ھۈسەنگە، گاھ چولپان، يۇلتۇزلارغا پەرۋاز قىلىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى تەسەۋۋۇر شەكىللىرى ئاساسەن ئۈچ خىل بولىدۇ:

(1) ئۆتكەن زامان تەسەۋۋۇرى: بۇ تارىختا ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى گويا ھازىر بولغاندەك، ياكى شۇ ئىشلار جەريانىدا ئاپتور ئۆزى تۇرغاندەك ئىپادىلەپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، رافائىللو جوۋەنئولىنىڭ «سپارتاك» رومانى، ياۋشۈيىگىنىڭ «باھادىر شاھ لى زىچېڭ» رومانى، ئابدۇللا قادىرىنىڭ «مېھراپتىن چايان» رومانى، سەدىردىن ئەينىنىڭ «قۇللار» رومانى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانى ئەنە شۇ خىلدىكى تەسەۋۋۇرلار ئاساسىدا يېزىلغان.

(2) كەلگۈسى زامان تەسەۋۋۇرى: بۇ خىل تەسەۋۋۇر شەكلى ئارقىلىق كەلگۈسىدە بولىدىغان، ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولغان ئىشلار ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن:

«... ئېھ، زەرەپشان — دولقۇنلۇق دەريا! مەڭگۈلۈك يېزا - كەنتلەرنىڭ ھاياتلىق مەنبەسىسەن؛ سەن يەنە دەھشەتلىك ئاپەتكە ھامىسەن ... سېنىڭ تېزگىنسىز دەۋرىڭ تۈگەيدۇ. پات ئارىدا قىممەتلىك، ئەزىز بولۇپ قالىسەن ...»

«... ئېھ، تۇرمۇش، رەھىمسىز ئىجتىمائىي شارائىت ئۇلارنى قاتتىق قوللۇق، بىر سۆزلۈك، ئىرادىلىك قىلىپ، چېنىقتۇرماقتا ۋە ئويغاتماقتا ئىدى. بىزنىڭ ئادەملەر جەزمەن ئۆز رەقىبى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. ئۆز ئۈستىدىكى تاغنى غۇلىتىپ تاشلاشقا قادىر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پات ئارىدا زەرەپشاننىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى چوقۇم ...»

(قېيۇم تۇردى «كۆرەشچان يىللار»)

(3) فانتازىستىك تەسەۋۋۇر: بۇ — ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ئاساسلىنىپ، ئەمەلدە ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن بولغان ياكى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى گويا ھازىر بولۇپ ئۆتكەندەك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئاساسىدىكى بىر خىل تەسەۋۋۇر شەكلىدۇر. مەسىلەن، لۇشۈن «AQ نىڭ ھەقىقىي تەرجىمھالى» دېگەن ئەسىرىدە AQ نىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمىغان بىر خىيالىنى مۇنداق فانتازىستىك تەسەۋۋۇر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

«ئۇ خۇشاللىقىدا سۆزمۇ قىلالمايتتى، شام يېقىلغۇچە كېچىسى دېگۈدەك يېتىپ تۇراتتى، AQ نىڭ خىيال-

لىرىمىز ھەر تەرەپكە چېپىشاتتى ئىدى، — دېمىسيان تېزىتو... ئاق تۆمۈر قالپاق كىيگەن ئىنقىلابچىلار كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا قىلىچ، بومبىلار، قامچىلار، چەتئەل زەمبىرەكلىرى، ئۈچ ئۇچلۇق قوش تىغلىقچىلار، ئىلمەك نەيزىلەر. ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹ AQ، يۈر بىز بىلەن › دەپ ۋارقىرىدۇ. مەن ئۇلار بىلەن بىللە كېتىمەن.»

يۇقىرىقىلار AQ نىڭ فانتازىيىسىگە ئاساسەن بېرىلگەن تەسۋىردۇر. ئۇ AQ نىڭ «كەلگۈسى ئارزۇسى» بولسىمۇ، لېكىن بىز باشتا دېگەن كەلگۈسى زامان تەسۋىرىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى كەلگۈسى زامان تەسۋىرى كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولغان، رېئاللىقتا ئاساسلانغان تەسۋىردۇر. ئەمما AQ نىڭ روھىي ھالىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن يۇقىرىدىكى فانتازىيىلىك تەسۋىر كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمايدىغان (چۈنكى بۇ خىل تەسۋىرنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنى چەك قويغان) تەسۋىردۇر. دېمەك، فانتازىيىلىك تەسۋىر ئاپتور قەھرىمانىنىڭ فانتازىيىلىك خىيالى ئاساسىغا قۇرۇلغان تەسۋىر بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى ئارزۇلارنىڭ يۈزدە يۈز شۇنداق بولۇشى، كەلگۈسىدە رېئاللىققا ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

تەسۋىردىن پايدىلىنىشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

(1) تەسەۋۋۇر جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ-
ئەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى، ئەمەلىيەتنى توغرا ئەكس ئەت-
تۈرۈپ بەرگەن بولۇشى، كەلگۈسى ھەققىدىكى ئىلمىي
قاراشقا ئاساسلانغان بولۇشى كېرەك.

(2) تەسەۋۋۇر مول تۇرمۇش بىلىمى ۋە تەجرىبە-
سىگە ئاساسلانغان بولۇشى، ھەرگىز قۇرۇق ئويدۇرما
بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

## 25. يېپىشتۇرۇش

ھەر خىل ئەسەرلەردە، ئوتتۇرىدا بىر - بىرىگە يان-
دىشىپ كەلگەن جۈملىلەرنىڭ باش - ئاخىرىنى ئۆزئارا
يېپىشتۇرۇشتىن ئىبارەت ستىلىستىكىلىق ۋاستە — يېپىش-
تۇرۇش (ئۇلاش) دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«قوماندانىنىڭ توغرا ئورۇنلاشتۇرۇشى توغرا قارار-
غا كېلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. توغرا قارارغا كېلىش
توغرا ھۆكۈم قىلىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. توغرا ھۆكۈم
قىلىش ئەتراپلىق ۋە زۆرۈر چارلاشلاردىن، شۇنىڭدەك
چارلاشلاردىن ھاسىل قىلىنغان تۈرلۈك ماتېرىياللارنى
بىر - بىرىگە باغلاپ پىكىر يۈرگۈزۈشتىن كېلىپ
چىقىدۇ.»

(ماۋزېدۇڭ «مۇھىم مەسىلە ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش»)

يۇقىرىقى مىسالدا، يولداش ماۋزېدۇڭ يېپىشتۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىنىڭ ياردىمى بىلەن، «توغرا ئورۇنلاشتۇرۇش» بىلەن «توغرا قارار»، «توغرا قارار» بىلەن «توغرا ھۆكۈم»، «توغرا ھۆكۈم» بىلەن «كۆزىتىش»تىن ئىبارەت بىر خىل پىكىر يۈرگۈزۈش، ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن.

يېپىشتۇرۇش — ئاددىي شەكىللىك يېپىشتۇرۇش ۋە مۇرەككەپ شەكىللىك يېپىشتۇرۇش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

بىر - بىرىگە ياندىشىپ كەلگەن ئىككى جۈملىنىڭ باش - ئاخىرىنى ئۆزئارا يېپىشتۇرۇش ئاددىي شەكىللىك يېپىشتۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«ھەر كىشى ئاتا - ئانىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھۈنەر قابىلىيىتى بىلەن تونۇلىدۇ.»

(«كەلىلە ۋە دىمنە»دىن)

«ئىنسان بەدىنى بىلەن ئەمەس، قەلبى بىلەن قەدىرلىك.»

(زوردۇن سابىر «ئارچا ياپرىقى»)

«بارلىق كىمسەللەرگە شىپا بولالايدىغان ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ قىممەتلىك دورا — ئەمگەك.»

(ن. ئوستروۋىسكىي «پولات قانداق تاۋلاندى»)

يۇقىرىقى مىساللاردا، ئىككى ئاددىي جۈملە ئۆزئارا

ياندىشتۇرۇلۇپ، جۈملىلەرنىڭ بېش - ئاخىرى يېپىشتۇرۇلۇپ، ئوي - پىكىر تەسىرلىك، روشەن ئىپادىلەنگەن.

بىر - بىرىگە ياندىشىپ كەلگەن ئۈچ، ياكى ئۈچ-دىن ئارتۇق جۈملىلەرنىڭ باش - ئاخىرىنى ئۆزئارا زىچ يېپىشتۇرۇش ئارقىلىق ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەپ بېرىش شەكلى مۇرەككەپ شەكىللىك يېپىشتۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«... ئەگەر چوڭقۇرراق ئويلاپ باقىدىغان بولسا، كىشى ئىنساننىڭ شاراپىتى ئەپۇ ۋە ئىھسان بىلەن ئاشىدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. شۇڭا ئاشۇ ئىككى سۈپەتنى تېپىشقا ھەرىكەت قىلماق كېرەك. ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەسكى، ئادەم گۇناھ ۋە غەپلەت، سەۋەنلىك، خاتالىقتىن خالى بولالمايدۇ. ئەگەر ھەر بىر گۇناھقا ئازاب - ئوقۇبەت، ھەر بىر سەۋەنلىككە بىر سىياسەت قىلىپ بېرىدىغان بولسا، تېز ئارىدا پادىشاھلىقنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا توسالغۇ ۋە نۇقسانلار پەيدا بولىدۇ.»

(«كەلىلە ۋە دىمنە»دىن)

«... ئالەم ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى ۋە خاي-پەيلىگە قاراپ تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى، دەيدۇ، قىلىدۇ، بۇ — تىرىكچىلىك يولىنى بىلمىدىغانلارنىڭ قائىدىسىدۇر. ئىككىنچىسى، دېمەيدۇ، قىلىدۇ، بۇ — مەردلەرنىڭ ئادىتىدۇر. ئۈچىنچىسى، دەيدۇ، قىلمايدۇ. بۇ — مۇناپىقلارنىڭ ئۇسۇلىدۇر، تۆتىنچىسى، دېمەيدۇ، قىلمايدۇ. بۇ — بېخىل ۋە ھىممىتى پەسلەرنىڭ خىسلىتىدۇر.»؟

(«كەلىلە ۋە دىمنە» دىن)

يۇقىرىقى بىرىنچى مىسالدا، يەتتە ئاددىي جۈملە بىر-بىرىگە يانداشتۇرۇلۇپ، جۈملىلەرنىڭ باش - ئاخىرى يىپىشتۇرۇلۇپ «ئىنساننىڭ شاراپىتى ئەرزى-ئىھسان بىلەن بولىدۇ. شۇڭا خاتالىق، سەۋەنلىكلەرگە قارىتا ئىمكان قەدەر تەربىيىنى ئاساس قىلىش كېرەك...» دېگەن نۇقتىنەزەر چۈشەندۈرۈلگەن. ئىككىنچى مىسالدا بەش ئاددىي جۈملە يانداشتۇرۇش، يىپىشتۇرۇش يولى بىلەن تۆت پەسىل، خۇي - پەيلىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ تۈپتىن پەرقلىق بولغان خاراكتېرلىرى قاتلاممۇ قاتلام چۈشەندۈرۈلگەن.

يىپىشتۇرۇشتىن ئىبارەت ستىلىستىكىلىق ۋاسىتە ماقال - تەمسىللەردىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«سەللە يوغان، ئىمان يوق،
داستىخان يوغان، بىر نان يوق.»

«مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ،
كىشىلەر شۇڭا تىرەك قويىدۇ.
مېۋىسىز دەرەخ غادىيىپ تۇرىدۇ،
كىشىلەر ئۇنى پۇتاپ تۇرىدۇ.»

يىپىشتۇرۇشنىڭ ئاساسى — شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەبلىك نەتىجە، زەنجىرسىمان باغلىنىش، تەدرىجىي ئۆرلەش قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئىچكى مۇناسىۋەتلەردىن ئىبارەت بولىدۇ.

يىپىشتۇرۇش شەيئىلەرنىڭ ئالدىن، كېيىنلىك مۇنا-

سۆيتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شەيئىلەرنىڭ بارلىقتا كېلىش جەريانىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ئۇسۇل مۇۋاپىق قوللىنىلسا، شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىش باغلىنىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرگىلى، ئەسەر ۋە نۇتۇقنىڭ مەزمۇن قۇرۇلۇشىنى زىچ مۇكەممەللەشتۈرگىلى، تىلنىڭ مۇزىكىلىقىنى ئاشۇرغىلى، نۇقتىسىنەزەرنى توغرا، ئېنىق شەرھلەپ بەرگىلى بولىدۇ. يېپىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتا، جەزمەن ئىپادىلەپ بەرمەكچى بولغان مەزمۇننىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. نوقۇل ھالدا، شەكىل جەھەتتىكى «قىزىقارلىق بولۇش» نىلا قوغلاشماسلىق كېرەك.

## 26. ئىملەپىس

ئەسەرنىڭ چوڭقۇر خۇشاللىق ياكى قايغۇرۇشىنى ئىپادىلەيدىغان قىسمىغا كەلگەندە، ئاپتورنىڭ قەلىمى ھاياجانلىنىش ياكى قايغۇلۇق كەيپىيات ئىچىدە ئىختىيارسىز توختاپ قالىدۇ. نەتىجىدە يېزىشقا تېگىشلىك بەزى تەرەپلەرنى قالدۇرۇپ، ئورنىغا نۇرغۇن چېكىتلەرنى قويغاندىن كېيىن، باشقا ۋەقەلەر تەسۋىرىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئىملەپىس دەپ ئاتىلىدۇ. ئىملەپىس ۋەقەلىك شېئىرلاردا، داستانلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

..............................................

«كېيىن ئورنىدا تولغىنىپ ئايال،
ئازابلاندى - دە ئالالمىدى دەم.
ئاندىن سوزۇلۇپ كېرىلگەندە بىر،
ئېقىپ كۆز يېشى كۆكسى بولدى نەم.
ياتقاندا شىرىنداق ئايال جىم بولۇپ،
ئاغزى - بۇرنىدىن يەنە كەلدى قان.
كەمپىر بېشىدىن كېلىپ تۇتتى دا،
ئايال كۆز يۇمۇپ ئۈزۈپ كەتتى جان...
كەمپىر تەمتىرەپ ئۆينىڭ ئىچىدە،
يۈردى ئامالسىز، بولدى بىچارە.
...

(ئەلتەم ئەختەم «سائادەتخان»)

يۇقىرىقى پارچىدا، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى زالىم ئەرنىڭ قولىدا ئېچىنىشلىق ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتقان سائادەتخاننىڭ جان ئۈزگەن يېرىگە كەلگەندە، ئاپتورنىڭ نۇرغۇن چېكىتلەرنى قويۇۋېتىپ، بىردىنلا ئۆي خىزمەتكارى موماينىڭ ھەرىكىتىگە كۆچكەنلىكىنى كۆرىمىز. نۇرغۇن چېكىت ئورنىغا، ئەمەلىيەتتە شائىرنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتكە، «ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار» دەپ قارىلىدىغان كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمگە، زالىملىققا بولغان قەھرى - غەزىپى، ئېزىلگەن، دەپسەندە قىلىنغان مەزلۇمەگە بولغان ھېسداشلىقى يوشۇرۇنغان.

«بۇ كەڭ دۇنيا مەن ئۈچۈن بولدى دوزاخ،
ياش گۈلۈمنى خازان قىلدى قانخور ئەبلەخ...»

(ل. مۇتەللىپ «ئاخىرقى سىر»)

يۇقىرىقى مىسرادىكى كۆپ چېكىتنىڭ ئورنىدىمۇ، شائىرنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، خىتىن، ساتقىنلارغا، زالىم پەلەككە بولغان غەزەپ - نەپرىتى ئەكس ئېتىدۇ.

«ياڭرىدى سىگنالنىڭ ئۈنى جاراڭلاپ،
تەۋرىدى پاراخوت ئۆشتەك قوزغىلىپ.
قىرغاقمۇ بارغانچە قالدى يىراقلاپ،
قالدىمۇ كۆتكەن قىز بەلكى مۆڭلىنىپ...

ئاي قاراڭغۇ كۆكۈش تۇمان كېچىسى،
كەلمەكتە دەل بىر ئارالغا يېقىنلاپ،
ئاپئاق يەلكەن بىلىقچىلار كېمىسى.
.................................
(ت. ئالماس «قىز ۋە شامال»)

يۇقىرىقى مىسرالدا ئاپتور ئىنقىلابىي جەڭچى ئۇزاقتىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن قىزى پىشلەندىن خەت تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنكى ئاجايىپ زور خۇشاللىقنى ئەڭ قايناق ھېسسىيات بىلەن يېزىپ كېلىۋېتىپ، جەڭچى بىلەن تەڭ زور خۇشاللىققا تولغان خۇشاللىق ھېسسىياتىنى باسالماي قەلىمى ئىختىيارسىز توختاپ نۇرغۇن چېكىت قويۇش ئارقىلىق ھېسسىياتىنى يوشۇرغاندىن كېيىن باشقا ئىشقا يەنى پاراخۇتنىڭ ئارالغا يېقىنلاشقانلىقى، ئاي قاراڭغۇسىدا ئاسماننى كۆكۈش تۇمان قاپلىغانلىقى، سانسىز يەلكەنلەر، بېلىقچى

كېمىلەرنىڭ ئارالغا يېقىنلىشىپ كېلىشىدەك مەنزىرىنى تەسۋىرلەشكە ئۆتتۇپ كەتكەن. بىراق ئاپتور بۇ مەنزىرىنى يېزىش بىلەن پەيگىلەن قىزنىڭ مۇشۇ كېمىلەردە ئۆز دادىسى ئالدىغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلىش ئالدىدا تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بىر كۆپلىت شېئىردىكى 4 - مىسرانى قالدۇرۇپ نۇرغۇن چېكىت قويغان. كىتابخانلار ئويلاش ئارقىلىق نۇرغۇن چېكىتلەر ئاستىدا ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئاتا بىلەن قىزنىڭ كۆرۈشكەن چاغدىكى كەيپىياتىنىڭ يېزىش ئارقىلىق ئۇلار قەلبىدىكى ئاجايىپ زور، تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلىدىغان ھېسسىياتنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى بايقاپ ئالالايدۇ.

## 27. مېتافورا ئوخشاشلىق كۆچۈم

مېتافورا گىرېكچە «MetaPhora» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۇ، «ئىستائارە» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

ئىككى شەيئى ياكى ھادىسىدىكى بەلگىلەرنىڭ ئوخشاشلىقى سەۋەبىدىن، بىر شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ ئىككىنچى بىر شەيئى، ھادىسىگە كۆچۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىشى مېتافورا دېيىلىدۇ. يەنى مېتافورا ئىككى نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىققا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، كۆچمە مەنىدە ئىشلى-

تىلگەن سۆزدىن ئىبارەت. مېتافورا ئۇسۇلىدا، ئۇقۇمدا ئوخشى- غان نەرسە چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلىدۇ -دە، ئوخشىتىلغان نەر- سە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىنىڭ سۈپىتى ساقلاپ قېلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئاق كۆڭۈل ئادەم» دېسەك، «ئاق» سۆزى ئادەم كۆڭ- لىنىڭ رەڭگىنى ئەمەس، بەلكى خىسلىتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئادەمنىڭ سەمىمىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە «ئاق» سۆزى ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ يەردە «ئاق» پەقەت كۆڭۈلگىلا قارىتىلغان. شۇ سەۋەبلىك مېتافورىنى قىسقارتىلغان ئىخچام ئوخشىتىش دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەگەردە مەجازى مەنىدە ئىشلىتىل- گەن سۆز سۈپەتلىگۈچى ۋەزىپىسىدە كەلسە، ئۇ مېتا- فورىلىك سۈپەتلەش دەپ ئاتىلىدۇ. ئالايلى، «شۇم خە- ۋەر»، «قارا نىيەت» مېتافورىلىرىدىكى «شۇم»، «قارا» سۆزلىرى مېتافورىلىك سۈپەتلەشتۇر.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە مېتافورىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش ئارقىلىق، كىتابخانلارنىڭ ھەۋىسىنى زور دەرىجىدە قوزغىغىلى، ئەسەرنىڭ تۈپ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىشقا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ.

«لېنىن تىرىكلەرنىڭ ئەڭ تىرىكى،
بەس ئۇ جەڭلەردە يېڭىپ ئۆگەنگەن،
مىسلىسىز چوڭ تاغ ئۇنىڭ يۈرىكى،
ئۇ كۈرەشلەردە يېڭىشكە ئۆگەتكەن.»
(ل. مۇتەللىپ «لېنىن شۇنداق ئۆگەنگەن»)

«ئاقىۋەت دولقۇنلار پۈكۈپ قامەتنى،
بىزنىڭ يەلكەنگە ئېگىپ قالدى باش.

دەل شۇ چاغ تىپتىنچ دېڭىز ئۈستىنى،
قىزىتاتتى تاۋلانغان شۇ ئالتۇن قۇياش.»
(ئابلىز نازىرى «چېچەك پەسلى»)

يۇقىرىقى مىساللاردىكى «چوڭ تاغ ئۇنىڭ يۈرىكى»، «ئالتۇن قۇياش» دېگەنلەر مېتافورىدۇر.

مېتافورا ئەدەبىي ئەسەرلەر، سىياسىي نەزەرىيىۋى ماقالىلەر ۋە جانلىق نۇتۇقلىرىمىزدا ئېھتىياجغا ئاساسەن ئوخشاشمىغان دەرىجىدە قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، مېتافورا سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئۆز مەنىسىنى ئەمەس، بەلكى كۆچمە مەنىسىنى ئوبيېكت قىلغانلىقى ئۈچۈن، مېتافورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۇلارنىڭ جۈملىدە ئۆتىگەن ۋەزىپىسىگە قاراپ قوللىنىش ۋە پەرق ئېتىش كېرەك. ئالايلى، «ئۆتكۈر پىچاق»، «ئەقلى ئۆتكۈر»، «كاللىسى ئۆتكۈر»، «كۆزى ئۆتكۈر»، دېگەن سۆز بىرىكمىلىرىدىكى «ئۆتكۈر» سۆزى پەقەت بىرىنچى سۆز بىرىكمىسىدە، «قارا سىيا»، «قارا نىيەت»، «قارا كۆڭۈل»، «ئاق ـ قارىنى ئايرىش»، «قارا ئىشچى»، «قارا ساۋات»، «قاراڭغۇ بازار»، «قارا ئاشلىق»، «قارا يىغىن»، «قارا قورساق»، «قارا ماتېرىيال»، «قارا نوپۇس»، «قارا يىپ» دېگەن سۆز بىرىكمىسىدىكى «قارا» سۆزى پەقەت بىرىنچى سۆز بىرىكمىلىرىدە ئۆز مەنىسىدە كەلگەن بولسا، قالغانلىرىدا كۆچمە مەنىدە كەلگەن. دېمەك، مېتافورا رولىنى ئوينىغان سۆزلەرنىڭ

كونكرېت مەنىسىنى شۇ جۈملىدە ئۆتكەن ۋەزىپىسىگە قاراپ روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. ئەكسىچە، سۆز يەككە ھالدا تۇرغاندا، پەقەت ئۇنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى (ئۇقۇمىنى) بىلگىلى بولىدۇ، ياكى تەخمىنەن مەنىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «ئېچىلدى» دېگەن سۆز يەككە ھالدا تۇرغاندا، پەقەت ئىشىكنىڭ ئېچىلغانلىقىنىلا بىلدۈرسە، تۆۋەندىكىدەك جۈملىلەردە كەلگەندە، ھەر خىل كۆچمە مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

كۆڭلۈم ئېچىلدى، يۈزى ئېچىلدى، سىر ئېچىلدى، گۈل ئېچىلدى، ھاۋا ئېچىلدى، چىراي ئېچىلدى، يول ئېچىلدى، ئەپتى - بەشىرىسى ئېچىلدى، چېچەك ئېچىلدى، كۆرگەزمە ئېچىلدى.

كۆچمە مەنىگە ئىگە سۆزلەرنى مۇۋاپىق قوللانغاندا، تىلنىڭ مەزمۇندارلىقىنى، تەسىرچانلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «بىزنىڭ قولىمىز ئۇزاردى» دېگەن جۈملىدىكى «ئۇزاردى» سۆزى «قولىمىز ئۇزاردى» دېگەن كۆچمە مەنىگە ئىگە بولۇپ، كەگەچكە. «تۇرمۇشىمىز ياخشىلاندى، ھەممە نەرسىمىز تەل بولدى، خالىغان نەرسىلەرنى سېتىپ ئالالايمىز» دېگەن ئەتراپلىق ئوي - پىكىرلەرنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

مېتافورا ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋە جانلىق تىلدا بەزىدە باشقا ستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر بىلەن، بولۇپمۇ سۈپەتلەشتىن ئىبارەت ۋاستە بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

«غەربكە سوزۇلغان ھىدسەن ـ ھۆسەنگە،
مىنىپ دەل شۇ چاغ كەلدى بىر جانىۋار.
كۆمۈشرەڭ كۆكىلىنى كۆكتە ئويىنىتار.
كۆزى نۇر، كۆكسى ساپ ياسالغان گاۋدا.»
(ئا. خوجايېۋ «بۇ قانداق مۆجىزە»)

يۇقىرىقى مىسالدا، «جانىۋار» مېتافورىسى «كۆمۈشرەڭ كوكۇلا»، «كۆزى نۇر»، «كۆكسى ساپ ياسالغان گاۋدا» دېگەندەك سۈپەتلەشلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەلگەن.

## 28. رىتورىك سوراق

ئاپتورلار ئەسەرلىرىدە مەلۇم بىر مەزمۇننى تەكىتلەش يۈزىسىدىن، ئەسلى مۇددىئاسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى سوئال قويۇپ، كىتابخانلارنى ئويلاندۇرىدۇ. بۇ خىل سوئال قويۇش يولى بىلەن ئۆز پىكرىنى تەستىقلاش ياكى سوئال جۈملە شەكلى بىلەن مەزمۇننى تەكىتلەش ــ رىتورىك سوراق دەپ ئاتىلىدۇ.

رىتورىك سوراق، ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسىدا ئاپتورنىڭ ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزى سوئال قويۇپ، ئۆزى جاۋاب بېرىش شەكلى بىلەن دېمەكچى بولغان ئوي ـ پىكرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشتىكى ياخشى ۋاسىتىدۇر. يەنە بەزى ھاللاردا سوراق قويۇلىدۇ، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىلمەيدۇ. بۇنداق ھاللاردا، گەرچە

جاۋاب بېرىلمىگەندەك كۆرۈنىمۇ، ئەمەلىيەتتە تېگىشلىك جاۋاب سوئالنىڭ ئىچىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل شەكىلنى قوللىنىشتىن مەقسەت كىتابخانىلارغا تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانىيىتى قالدۇرۇش. ئەسەر ۋە نۇتۇقنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەھۋالغا قاراپ، رىتورىك سوراق بىلەن ھاياجانلىق سوراقنى بىر نەرسە دەپ قاراشقا، ياكى بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

رىتورىك سوراق — كىتابخانىلار بىلەن تىڭشىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا جەلپ قىلىش، ئۇلارغا مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش، ئۇلارنى چوڭقۇر ئويغا سېلىش رولىغا ئىگە. ئاپتور بىرەر مەسىلىنى بايان قىلغاندا، كىتابخانىلار ياكى تىڭشىغۇچىلارنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈش يا بولمىسا ئۇلارنىڭ خاتا، مۇجمەل چۈشىنىپ قېلىش ئېھتىمالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزى سوئال قويۇپ، ئۆزى جاۋاب بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. مەسىلەن، ستالىن «لېنىنىزم مەسىلىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە، ئالدى بىلەن «لېنىنىزم دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالنى قويىدۇ. كېيىن ئاپتور بىۋاسىتە جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا، بۇ ھەقتىكى خىلمۇ خىل خاتا چۈشەنچىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ ۋە بۇ خىل خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى رەت قىلىپ كېلىپ، «شۇنداق ئىكەن، لېنىنىزم دېگەن نېمە ئاخىر؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ، «لېنىنىزم — جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات دەۋرىنىڭ

ماركسىزمدۇر» دېگەن ئېنىق ۋە توغرا خۇلاسىنى بېرىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «بېتيوننى خاتىرىلەيمىز» دېگەن ئەسىرىدە، ئىنتېرناتسىئونالىزم جەڭچىسى بېتيون-نىڭ ئۇلۇغۋار خىسلىتى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ: «بىر چەت ئەللىك قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەي، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشىنى ئۆز ئىشىم دەپ بىلدى. بۇ قانداق روھ؟» دېگەن سوئالنى قويىدۇ. ئار-قىسىدىنلا ئۆزى يەنە: «بۇ ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھ، بۇ كوممۇنىستىك روھ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-نىڭ ھەر بىر ئەزاسى مۇشۇنداق روھنى ئۆگىنىشى كېرەك» دېگەن جاۋابنى بېرىدۇ. يۇقىرىقى مىساللاردا رېتورىك سوراق ناھايىتى مۇۋاپىق قوللىنىلغان. بۇ ئۇسۇل خەلق قوشاقلىرى ۋە شېئىرلاردىمۇ قوللىنىلىدۇ.

«سېنىڭ جېنىڭ، مېنىڭ جېنىم بىرجان ئەمەسمۇ؟
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جېنىم قۇربان ئەمەسمۇ؟،
قەلبىم مېنىڭ خۇددى يالقۇن، باغرىڭ سېنىڭ ئوت،
ئىككىمىزنىڭ قەلبى ئوخشاش گۈلخان ئەمەسمۇ؟»
(مۇھەممەت ئېلى زۇنۇن)

رېتورىك سوراق ھەر خىل ئەسەرلەردە، نۇتۇقتا ئېھتىياجقا قاراپ مۇۋاپىق قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسەرنىڭ، پاراگرافنىڭ ياكى ئابزاسنىڭ بېشىدا، بەزىدە ئوتتۇرىدا كېلىدۇ. يەنە بەزى چاغلاردا بىر مۇستەقىل سوئال جۈملە شەكلىدە بىر ئابزاسنى ھاسىل قىلىپ، ئۆتۈشۈش، باغلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

رېتورىك سوراقنى قوللىنىشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

(1) رېتورىك سوراق بىلەن ئادەتتىكى سوئال جۈملىلەرنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك. تۆۋەندىكى ئىككى مىسالنى كۆرۈپ باقايلى:

«... قۇربان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قەلبى يايراپ ھەيران بولۇپ سورىدى:

— كومپارتىيە، ماۋجۇشى ھازىر قەيەردە؟ بىز ئۇلارنى كۆرەلەيمىزمۇ؟

— ماۋجۇشى ھازىر يەنئەندە 8 - ئارمىيە ۋە 4 - ئارمىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ، خەلقنى قوزغاپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، — دېدى لىن جىلۇ.»

(«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» 1978 - يىل، 11 - سان)

«مەسىلە دېگەن نېمە؟ مەسىلە — شەيئىلەرنىڭ زىددىيىتى.»

(ماۋزېدۇڭ، «پارتىيە باگوسىغا قارشى تۇرايلى»)

يۇقىرىقى ئىككى مىسالنىڭ بىرىنچىسىدە، سوئال قويغۇچى كىشى ئۆزى بىلىۋالماقچى بولغان مەسىلە توغرىسىدا ئىككىنچى كىشىگە سوئال قويغان ۋە ئىككىنچى كىشىنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتكەن. بۇ، سوئال جۈملىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئىككىنچى مىسالدا، ئاپتور

كىتابخانىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش مەقسىتىدە، ئۆزى سوئال قويغان ۋە ئۆزى جاۋاب بەرگەن. بۇ رىتورىك سوراقتۇر. دېمەك، ئۇنى دېئالوگلار شەكلىدىكى سوئال - جاۋابلار رىتورىك سوراق بولمايدۇ.

(2) رىتورىك سوراق قاراتمىلىقتا، قوزغىتىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى لازىم، قالايمىقان، كەلسە - كەلمەس جايلاردا سوئال قويۇۋېرىلسە، ئۇ رىتورىك سوراق بولمايدۇ. ئەسەرنىڭ ئۇتۇقىنىڭ قىممىتىگە دەخلى يېتىدۇ. پەقەت مەزمۇن تۇيغۇنى تەكىتلەش يۈزىسىدىنلا، مۇۋاپىق جايلاردا رىتورىك سوراقنى پايدىلىنىش كېرەك. بەزى كىشىلەر ئۇتۇقلىرىدا ئورۇنسىز ۋە مەقسەتسىز ھالدا «ھە، نېمىشقا؟»، «نېمە ئۈچۈن؟»، «بۇ، نېمىشقا» دېگەندەك سوئاللارنى تولا قويىدۇ، بۇلار رىتورىك سوراق بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇتۇقنى تولىمۇ لاۋزا، كۈچسىز قىلىپ قويىدۇ. بۇ خىل ئورۇنسىز سوئاللار ئىشلىتىلمەسلىكى كېرەك.

## 29. رىتورىك مۇراجىئەت

ئاپتور ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ھاياجىنىنى، مۇھەببەت، نەپرىتىنى، خۇشاللىق ياكى غەزىپىنى ئىپادىلەشتە، بەزىدە ئۆز ئەسىرىدە تەسۋىرلىنىۋاتقان پېرسوناژغا، شەيئىگە خىتاب قىلىدۇ، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىدۇ. بۇ خىل ستىلىستىكىلىق ۋاستە رىتورىك مۇراجىئەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئەي شوخ مارت شامىلى، توختا!

ئىجىلى!

ئەركىلەپ يېنىمدىن يەلپۈپ ئۆت!

بۇيرۇقىمنى ئاڭلا!

دۇنياغا،

ياۋروپا،

ئامېرىكا،

خوتۇن-قىزلىرىغا

ئاپىرىپ تۇت!

چۈشەنسۇن ئۇلار،

قاشىمىزغا ئېچىپ ئەجەللىك ئوت!

مارت شامىلى،

ئازاد خوتۇن-قىزلار شەۋكىتىنى،

ئۈچمەس تارىخ ۋاراقلىرىغا پۈت!»

(ل. مۇتەللىپ «جۇڭگو قىزى رەيھانىنىڭ مارت

شامىلىغا بۇيرۇقى»)

يۇقىرىقى شېئىردا ئاپتورنىڭ كۈچلۈك ھاياجىنى (پۈتكۈل دۇنيا ئاياللىرىغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى) مارت شامىلىغا قىلغان مۇراجىئىتى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىز يەنە ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە سەئىدىن» داستانىدىن تۆۋەندىكى پارچىنى كۆرۈپ باقايلى:

«دىيازەتتە ئۆتكەن باشىمغا دەرىخ،

قىزىل قانلار ئاققان ياشىمغا دەرىخ،

كى تۇپراققا تولغان كۆزۈمگە دەرىخ،

سېرىق گۈلدەك سولغان يۈزۈڭگە دەرىخ.
شېكەر ۋارشېرىن سۆزۈڭگە دەرىخ،
سۆزۈڭگە دەرىخ ھەم ئۆزۈڭگە دەرىخ.
قاراتىغى تۆككەن قانىڭغا دەرىخ،
پىراق ئىچرە كۆيگەن جانىڭغا دەرىخ.
چۈمەنەتتە كەزگەن يولۇڭغا دەرىخ،
ئاچىلماي ساچىلغان گۈلۈڭگە دەرىخ.»

ئىبراھىمنىڭ ئوغلى سەئىدنىڭ قەبرىسى بېشىدا تۇرۇپ ئوقۇغان بۇ مەرسىيە، ئاپتورنىڭ ئەنتايىن غەزەپلىك ھېسسىيات بىلەن فېئودالىلىق كونا جەمئىيەت ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتىدۇر.

رېتورىك مۇراجىئەت ئادەمگە مۇراجىئەت ۋە نەرسىگە مۇراجىئەت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە، (نۇتقىدا) ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان، بايان قىلىپ بەرمەكچى بولغان قەھرىمانى بىلەن سۆزلىشىش، مۇنازىرىلىشىش، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىش ئادەمگە مۇراجىئەت قىلىش بولىدۇ. ئايرىم ھاللاردا ئاپتور ئەسەر پېرسوناژلىرىدىن سىرت. كىتابخانلار بىلەنمۇ سۆزلىشىدۇ. ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە «مونولوگ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

«تىنچ يېتىڭلار يولداشلار! بىز سىلەر ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمىز!»

(ليۇگۇاڭچۈ. ياڭ يىيەن «قىزىل قىيا»).

«ئوغلۇم يۈئەر، ساڭا ئۇۋال قىلدى ... ئۇلار ساڭا قەست قىلدى ... ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇلار قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ. خۇدا ئۆزى ھەممىنى كۆرگۈچى، سەن خاتىرجەم يېتەۋەر.»

(لۇشۈن «دورا»)

يۇقىرىقى مىساللاردا پېرسوناژ ئۆز يېنىدا بولمىغان شەخسلەر بىلەن سۆزلەشكەن.

376. ئويغان ئەي بوز چاچلىق، ئۆلۈمگە ئىشەن،
بۇ كەچمىش كۈنۈڭگە يىغلا ھەم ئۆكەن.
377. ئۆتۈپ كۈن بىكارغا تۈگىدى ھايات،
بۇ قالمىش كۈنۈڭنى تەۋبىلە ئۆزات.
378. ئەي ئىگەم سەنلا مەڭگۈ، مۇڭسىز تىرىك،
يارانتىڭ ئۆلۈمگە بۇ سانسىز تىرىك.

..............................................

6627 يۈسۈپ سەن يارامىلىق، دۇرۇس سۆزنى ئېيت،
يارامسىزنى يوشۇر، زەرەرلىك قارا.
6628 تولا سۆزلىدىڭ سۆز، سۆيى كەتمىسۇن،
تولا سۆزدىن ئىنسان زېرىكىپ بارا.

(يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»)

«مەرىپەت ئىزلە ئېرىنمە،
سەرپ ئەتكىن كۈچۈڭنى.

بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىگىنى،
بىلىم بىلەن زىنەتلىگىن ئىچىگىنى.»
(ل. مۇتەللىپ)

يۇقىرىقى مىساللاردا، ئاپتور ئادەمگە خىتاب قىلغان. بۇ ئۇسۇل ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ باشقا ژانىرلىرىدىمۇ ئۇخشاشمىغان دەرىجىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«... رەھمەتلىك ئاپا، شۇم پېشانە قىزىڭنى نېمىشقىمۇ تۇغقان بولغىيتتىڭ! قىزىم مۇشۇنداق قاراڭغۇ كۈنلەرگە قالار دەپ ئويلىمىغان بولغىيتتىڭ! ئويلىغان بولساڭ، نۇرۇم بىلەن ئىككىمىزنىڭ بەختىنى چوڭ توي قىلىمەن دەپ توختىتىپ قويمىغان بولاتتىڭ. خەير، ئاپا، قورۇنما. يەرلىكىڭدە تىنچ يات!»

(زۇنۇن قادىرى «غۇنچەم»)

ئاپتور ياكى ئەسەردىكى پېرسوناژنىڭ ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان شەيئىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا خىتاب قىلىشى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشى نەرسىگە مۇراجىئەت قىلىش دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئاھ! قىسقا باھار كېچىسى! مۇھەببەتكە مەپتۇن بولغان كەيشيا ئۈچۈن نېمە ئانچە ئۇزۇنسەن، نېھا!.. باھار شامىلى، ئارام ئالساڭچۇ...»

(لىۋچىڭنىڭ «ئىگىلىك تىكلەش ھەققىدە قىسسە»)

«... ھە، بورانلىق يامغۇر، شىددىتىڭنى تېز كۆرسەت!

ھە قېنى گۈلدۈرماما. جاھاننى زىلزىلىگە سېلىپ
تېز گۈلدۈرلە!»

(لىۋگۇاڭخۇ، ياڭ يىيەن، «قىزىل قىيا»)

يۇقىرىقى مىساللاردا، ئاپتور ۋە ئەسەردىكى پېرسو-ناژ ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان شەيئىگە (باھار كېچىسى، باھار شامىلى، بورانلىق يامغۇر، گۈلدۈرماما قاتارلىقلارغا) مۇراجىئەت قىلىنغان. نەرسىگە خىتاب قىلىش (مۇراجىئەت قىلىش) شېئىرلاردا ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلسا، شېئىرنىڭ لىرىكىلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ل. مۇتەللىپنىڭ «جۇڭگو» دېگەن شېئىرىدا بۇ خىل ماھارەتنى ئېنىق كۆرەلەيمىز:

«جۇڭگو!...
جۇڭگو...
ئانا يۇرتىمىز سەندۇ،
چۈنكى بىز مىليونلىغان خەلق،
سېنىڭ ئوماق،
ساپ ھاۋاڭدا چوڭ بولغان.
ئېھ!
شۇڭلاشقا جۇڭگو،
بىزنىڭ بويىنىمىزدا تۈگىمەس قەرزىڭ بار،
ئۇنى بىز قىلىمىز ئادا،
بۇ توغرىلىق جېنىمىز پىدا...»

رېتورىك مۇراجىئەت توغرا، ماھىرلىق بىلەن قول-

لىنىلسا، ئەسەرنىڭ (ژىتوقىنىڭ) جەڭگىۋارلىقى ئاشىدۇ. كىتابخانلار، تىڭشىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى زور دەرىجىدە قوزغىغىلى بولىدۇ. تىلنىڭ تەرغىباتچىلىق ۋە جەڭگىۋارلىق رولىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

رىتورىك مۇراجىئەتنىڭ نەرسىگە مۇراجىئەت قىلىش شەكلىنى قوللانغاندا، ستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش شەكىللىرىنىڭ بىرسى بولغان جانلاندۇرۇشتىن پەرقلەندۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

## 30. ھاياجانلىق سوراق

تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، كۆڭۈلدە ئېنىق بولغان كۆزقاراشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن سوراق جۈملە شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئىنتوناتسىيە كۈچەيتىلىدىغان ستىلىستىكىلىق ۋاستە ھاياجانلىق سوراق دېيىلىدۇ.

كۆڭۈلدە ئېنىق بولغان مەنىنىڭ بەزىسى تەستىقى، بەزىسى ئىنكار بولىدۇ. سوئال قويۇش شەكلىدىن پايدىلىنىپ، تەستىقى مەنىنى ئىپادىلىگەن چاغدا ئىنكار سۆز، ئىنكار مەنىنى ئىپادىلىگەن چاغدا تەستىقى سۆز ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە، ھاياجانلىق سوراق مەنىسىدىكى سوراق ماھىيەتتە سوراق ھېسابلانمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ھاجەتسىز. بەزى ھاللاردا، كۆرۈنۈشتە سوئالغا جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنغاندەك، ھەتتا جاۋاب بېرىلگەندەك بىلىنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ تەكىتلەش مەقسىتىدە (مەنىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاش

مەقسىتىدە) ھاياجانلىق سوراقنىڭ قوللىنىلغان يەنە بىر خىل شەكلىدۇر. مەسىلەن، «تارىخنى خەلق ياراتقان، بۇنىڭدىنمۇ گۇمانلىنىشقا بولامدۇ؟ ياق، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ.» دېگەن جۈملىلەردىكى «ياق، بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ» دېگەن قىسىم كۆرۈنۈشتە ئالدىنقى قىسىمنىڭ جاۋابىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ جاۋاب بەرگەنلىك بولماستىن بەلكى مەنىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىغانلىقتۇر. چۈنكى، «ياق، گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ» دېگەن قىسىم بولمىسىمۇ، ئالدىنقى قىسىمدىن ئاشۇ مەزمۇننى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ھاياجانلىق سوراقنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈش شەكلى ئاساسەن تەستىقى شەكىل ئارقىلىق سوئال قويۇلۇپ، ئىنكار قىلىنىدىغان شەكىلدۇر. يەنى، مۇئەييەنلەشتۈرۈش شەكلىدىكى ھاياجانلىق سوراق ئىنكار مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ۋېيتنام تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ تېررىتورىيىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. بۇنىڭغا جۇڭگو خەلقى قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟!

يۇقىرىقى مىسالدىكى ھاياجانلىق سوراقتا «چىداپ تۇرالمايدۇ» دېگەن ئىنكار جاۋاب (ئىنكار مەزمۇن) ئىپادىلىنىدۇ.

ھاياجانلىق سوراقنىڭ ئىنكار شەكلىدە، ئىنكار قىلىش شەكلىدىكى سوئال قويۇلۇپ، دېمەكچى بولغان مەقسەت مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

يولداش لې فېڭ ھەممىلا جايدا خەلققە ياخشى

ئىش قىلىپ بەرگەن، ئۇنىڭ بۇ خىل كوممۇنىستىك رو-
ھىدىن، ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن كىممۇ تەسىرلەنمەسۇن؟!
يۇقىرىدىكى مىسالدىكى ئىنكار سوئالدىن، «ھەممە
كىشى تەسىرلىنىدۇ» دېگەن تەستىقى جاۋاب
ئىپادىلىنىدۇ.

دېمەك، ھاياجانلىق سوراقتا، ئىككىنچى بىر تەرەپ
سوراقنىڭ ئۆزىدىنلا جاۋابنى چۈشىنەلەيدۇ. ھاياجان-
لىق سوراقنى قوللىنىشتىكى مەقسەت — تىلنىڭ ئىپادى-
لەش كۈچىنى ئاشۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئەسلىدە ئېنىق
بولغان مەنىنى تېخىمۇ روشەن، مۇنازىرە تەلەپ قىلى-
مايدىغان ھالدا ئىپادىلەپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. ھايا-
جانلىق سوراقنىڭ ئاساسىي ستىلىستىكىلىق رولى — ئىنتو-
ناتسىيىنى كۈچەيتىپ، تىلنىڭ كۆرۈنۈشىنى (قىياپىتىنى)
ھەيۋەتلىك قىلىش، تىلغا جانلىقلىق بەخش ئېتىش،
ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى باشقا كىشىلەر رەددىيە بېرەل-
مەيدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

بىز تۆۋەندە، بىرنەچچە مىسال كەلتۈرىمىز:

«... يولداشلار، ئويلاپ بېقىڭلار، ئەگەر يولداش
ماۋزېدۇڭ 1927 - يىلدىكى چوڭ ئىنقىلاب مەغلۇپ
بولغاندىن كېيىن ۋە زۇنيى يىغىنىدىن كېيىن، جۇڭگو-
نىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتمىغان بولسا،
كىتابپازلىقتا ۋە ئەقىدىچىلىككە قارشى تۇرمىغان بولسا،
كىتابتا قانداق دېيىلگەن بولسا شۇنداق قىلغان بولسا،
جۇڭگو ئىنقىلابى غەلىبە قىلالامتى؟... ماۋزېدۇڭ ئىدې-
يىسى بارلىققا كېلەلەمتى؟»

(يې جيەنيىڭ)

«دوستلار، سىلەر بۇ قەھرىمانلىقلارنى ئاڭلىغاندا، قانداق تەسىرات ئالدىڭلار؟ سىلەر جەڭچىلىرىمىزنى سۆيۈملۈك ئەمەس دەپ ئېيتالامسىلەر؟ سىلەر ۋەتىنىمىزدە پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئەنە شۇنداق قەھرىمانلار يوق دەپ ئېيتالامسىلەر؟»

(ۋېي ۋېي «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز كىم»)

«قېنى سەندىكى ياشلىق ئىرادە؟!
قېنى سەندىكى ئاداققى ۋەدە؟!
قېنى كۈرەشتە باتۇر بولغىنىڭ؟!
دۈشمەننى سۈرۈپ تارمار قىلغىنىڭ؟!
قېنى مۇشەققەت، جاپاغا تۆزگىنىڭ؟!
قېنى يېڭىشىنىڭ سۆيىدە ئۆزگىنىڭ؟!
قېنى ۋەتەنگە چىنىڭ بەرگىنىڭ؟!
قېنى ئېيتقىنا، چىن مۇھەببىتىڭ؟!
ۋەدىلەر بېرىپ يازغان ئۇ خېتىڭ؟!»

(ل. مۇتەللىپ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت»)

«بىزنىڭ سېپىمىز ئۇنتۇپ قالمىدى،
لەنەتى ئۆتمۈشنىڭ قانلىق دېغىنى،
بىز شۇمپەندىن شەپقەت تىلەمدۇق؟
يىرتقۇچلارغا تاشلاپ بېرەمدۇق؟
ۋەيران قىلىپ بەخت بېغىنى؟!

(ت. ئېلىيوپ)

«مىنچاق ـ مىنچاق سۇ چاچرىتىپ ئۆركەشلىگەن،
بويلىرىدا لالە رەيھان چېچەكلىگەن،
مېنىڭسىز ئاققان شۇ تارىمنى كۆرگەن چاغدا،
تېپچەكلىمەي، ئۇرالامدۇ يۈرەك دېگەن؟»
(ئە. تاتلىق)

ھاياجانلىق سوراق بىلەن رىتورىك سوراقنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى زىچ، ھەر ئىككىسى ئادەتتىكى سوئال جۈملىلەرگە ئوخشىمايدۇ. بەزى جۈملىلەردە ھاياجانلىق سوراقنىڭمۇ، رىتورىك سوراقنىڭمۇ ئالاھىدىلىكى كۆرۈنىدۇ. بەزىدە رىتورىك سوراق ھېسابلانغان جۈملىلەردە مەلۇم دەرىجىدە ھاياجانلىق سوراقنىڭ ئىنتوناتسىيە ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. بەزى ھاياجانلىق سوراق ھېسابلىنىدىغان جۈملىلەردە رىتورىك سوراقنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى خىل ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنداق زىچ بولسىمۇ، ئۇلار ئىرماش-چىرماش مۇناسىۋەتتە بولسىمۇ، توپ ئالاھىدىلىكى ۋە رولى جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ.

رىتورىك سوراقتا ئاپتور ئۆزى سوئال قويۇپ، ئۆزى جاۋاب بېرىدۇ، ھاياجانلىق سوراقتا بولسا، ئاپتور سوئال قويىدۇ، ئەمما جاۋاب بەرمەيدۇ. جاۋاب سوراق ئىچىدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، رىتورىك سوراق كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشنى، كىشىلەرنى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەشنى مەقسەت قىلسا، ھاياجانلىق سوراق ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت

قىلىدۇ.

بەزىدە بۇ ئىككى خىل ۋاستە بىرلەشتۈرۈپمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«... بىر چېلەك سۈنى يەردىن كۆتۈرمەي، كۆكتىن كۆتۈرۈش كېرەكمۇ؟! (ھاياجانلىق سوراق) ئۇنداق بولسا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش دېگەندە قايسى ئاساستىن يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك؟ (رىتورىك سوراق) فېئوداللىق سىنىپنى ئاساسىدىمۇ؟ (ھاياجانلىق سوراق) ئوششاق بۇرژۇئازىيە ئاساسىدىمۇ؟! (ھاياجانلىق سوراق)

(ماۋزېدۇڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»)

## 31. ئىموتسىئونال (ھاياجانلىق) نۇتۇق

شائىرنىڭ ئۆز شېئىرىدا ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي ـ پىكرى، روھى ـ ھالىتى ۋە كەچۈرمىشلىرىگە قارىتا كىتابخانلارنىمۇ ئىشتىراك قىلغۇچى (تەڭ شېرىك، ھەمدەم قىلغۇچى) ستىلىستىكىلىق ۋاستە ئىموتسىئونال (ھاياجانلىق) نۇتۇق دېيىلىدۇ. ئىموتسىئونال نۇتۇق ئىنۋېرسىيە، تەكرارلاش، رىتورىك سوراق، رىتورىك مۇراجىئەت ھاياجانلىق سوراق قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئىنۋېرسىيە

شېئىر مىسرالىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئادەتتىكىدىن

ئاشقىرى، باشقىچە تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت سىتىلىستىكىلىق ۋاستە ئىنۋېرسىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

سۆزلەرنىڭ ئىپادىلىك بولۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن شائىر شېئىر مىسرالىرىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ تەرتىپىنى باشقىچە ئۆزگەرتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىتابخانلارمۇ ئاشۇ سۆزلەر ئۈستىدە ئالاھىدە ئويلىنىدۇ، ئىزلىنىدۇ. شېئىرىي نۇتۇق كۈچلۈك مەزمۇندارلىق، جاراڭلىق، ئاھاڭدارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

«ئاستا ئۆتۈپ كۆك پەردىنىڭ كەينىگە،
يەڭگۈشلىدى كۈن ئۆزىنىڭ ئەڭلىنى.
چۈچىنچىدىن كۆڭلەك كىيىپ چىقتى ئۇ،
چەت - چېتىگە تۇتۇپ تىللا تەڭگىنى.»
(ئابدۇكېرىم خوجا «ئايدىڭ كېچە»)

«كۈن كۆك پەردىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ئەڭلىنى ئاستا ئۆزگەرتتى. ئۇ، چەت - چېتىگە تىللا تەڭگىلەر تۇتۇلغان چۈچىنچە كۆڭلەك كىيىپ چىقتى» دېگەن بۇ جۈملىلەردىكى سۆزلەر شائىر تەرىپىدىن يۇقىرىقىدەك مىسرالار تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، شېئىرىي ئىنتوناتسىيە ھاسىل قىلىنغان. سۆزلەرنىڭ تەسىرچانلىقى كىتابخانلار قەلبىنى چوڭقۇر ھېس - ھاياجان قوزغىيالايدىغان دەرىجىدە كۈچەيتىلگەن.

### تەكرارلاش

ھەر خىل ئەسەرلەرنىڭ، نۇتۇقنىڭ تەسىرچانلىقى-

ـنى. تىلدىكى ئاھاڭدارلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بەزىدە بىر سۆز ياكى بىرەر سۆز بىرىكمىسى قايتا - قايتا تەكرارلىنىدۇ. بۇ خىل ستىلىستىكىلىق ۋاستە تەكرار- لاش دەپ ئاتىلىدۇ. تەكرارلاش ئانافورا، ئاللىتراتسىيە، پاراللېلىزم، ئاددىي تەكرارلاش، كۈچەيتىپ تەكرارلاش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

شېئىر مىسرالىرىنىڭ بېشىدا كەلگەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى تەكرارلاشتىن ئىبارەت ستىلىستىكىلىق ۋاستە ئانافورا دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

«بېيجىڭ جان دىلىم،
بېيجىڭ كۆز نۇرۇم،
بېيجىڭ مۇقەددەس،
بىزنىڭ تەختىمىز،
بېيجىڭدە سۆزۈم،
بېيجىڭدە كۆڭلۈم،
بېيجىڭدە دوستۇم،
بىزنىڭ بەختىمىز،
بېيجىڭ دىلىدىن،
ئېيتىلغاندا سۆز،
تاپقان ئىلىمىز،
شۇ چاغدا دەرمان،
بېيجىڭ قەلبىدىن،
چېچىلغاندا نۇر،
يۈرەكلەر قېنىپ،
چىققان ھەم ئارمان.

بېيجىڭ ئۈستىگە،
تىكلەنگەندە تۇغ.
ۋەتەن تېنىگە،
شۇ چاغ كىرگەن جان.
يەڭىلىك يۈز ئېچىپ،
تاپقاندا شۆھرەت.
كۆتۈرگەن نامنى،
ئالقىشلاپ جاھان.
بېيجىڭ شەرەپلىك،
بېيجىڭ مۇقەددەس.
ئانا ۋەتەننىڭ،
ئاشۇ يۈرىكى.
ئۇلۇغ پارتىيە،
ئۇنىڭ قەلبىدە،
ھاياتىمىزنىڭ،
ئاشۇ تۈۋرىكى.
بېيجىڭ قەدىرلىك،
بېيجىڭ سۆيۈملۈك.
ھېچبىر دۇنياغا،
شۇ جاي سالغان ئىز.
بېيجىڭ دىگەندە،
بەخت ياغدۇ.
ئېلىمگە ئۇ جاي،
جاندىنمۇ ئەزىز.
ئەنە شۇ جايدا —

پايتەختىمىزدە.
ئۇلۇغ پارتىيە،
ئېلىمىزگە باش.
كوممۇنىزمغا،
باشلايدۇ ئەلنى.
كومپارتىيىمىز،
بىزگە بولۇپ باش.»
(ئەلقەم ئەختەم «بېيجىڭ»)

يۇقىرىقى شېئىردا شائىر «بېيجىڭ» دېگەن ئىسمىنى 15 ئورۇندا تەكرارلىغان.

ئانافورىدا، بىر خىل سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىش جەريانىدىكى ئاھاڭداشلىقىغا، جۈملىلەر تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ سىنتاكتىك جەھەتتىن زىچ باغلىنىپ كېلىشىگە دىققەت قىلىش لازىم.

«قايسى بىر ئازارىڭ ئەيتاي جانى ئەغيارىنىڭ،
قايسى بىر ئاغرىتقانىن كۆڭلۈمنى دەي دىلدارىنىڭ.»
(بابىر)

«كۆرمىگىل قەشقەرنى كەم، بۇ جايدا مەردانىلار ياتۇر،
ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق - بۇغرايى خاقانلار ياتۇر.
خەلق ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، دۈشمەن بىلەن قىلغان كۆرەش،
ئول شەھىدۇ قەھرىمان ئالىپ ئارسلانلار ياتۇر.»
(قۇتلۇق شەۋقى)

ئانافورا يالغۇز شېئىرلاردىلا قوللىنىلىپ قالماستىن چەلكى باشقا سىياسىي ـ ئىدىيەۋىي ماقالىلەردىمۇ، ئېپىك ئەسەرلەر ۋە نەسرىي ئەسەرلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«... خوش ئاتا... خوش گۈلسۈم... خوش ئاكا، ھەممىگە خوش. خوش ئەي ۋاپاسىز ئالەم، خوش، ئەي زالىم زامان، ئاھ قىبلەم سەن، ئىرختا، مەن باراي، خوش، ئاي، خوش يۇلتۇزلار... (تۇيان ـ بۇيان يۈگۈرۈپ، قەبرىنى قۇچاقلاپ، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر نەرسە ئاڭلىغاندەك بولۇپ، ئاخىرى بويىندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن رومالنى كۆرۈپ قالىدۇ ـ دە، رومالنى ئېلىپ، دەررۇ قارىياغاچقا باغلايدۇ.) خوش ئەمسە، خوش ئاتا، نەدە سەن، مەن كەتتىم يارىم قېشىغا، مۇرادىمغا يەتتىم!...»

(ل. مۇتەللىپ «چىن مۇدەن»)

يۇقىرىدىكى پارچىدا «خوش» سۆزى ئون يەردە تەكرارلانغان.

ئانافورىلىق تەكرارلاش، قۇرۇلۇشىغا ئاساسەن ئۇدا تەكرارلاش ۋە ئارىلاپ تەكرارلاش دېگەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

بىر سۆز بىر جۈملە، بىر سۆز بىرىكمىسى ياكى بىرەر ئابزاسنىڭ ئارىسىغا باشقا سۆز ـ ئىبارىلەر قىستۇرۇلماستىن كەينى ـ كەيندىن تەكرارلاش ئۇدا تەكرارلاش دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

«— سەلزە! سەنزە! سەنزە!... سەلزە، مېنى پارتىيىگە تونۇشتۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن مەندىن مىننەتدارچىلىق تەلەپ قىلامسەن؟... پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئۆگىنىشىدە ساڭا بېرىلگەن پىكىر، تەربىيىنىڭ رولى چوڭ بولمىغان ئوخشايدۇ ـ دە! هەي...»

(ليوچىڭ «ئىگىلىك تىكلەش ھەققىدە نەسە»)

يۇقىرىقى مىسالدا، «سەنزە» سۆزى ئارىسىغا باشقا سۆزلەر قىستۇرۇلمىغان ھالدا تۆت قېتىم تەكرارلانغان.

سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى، جۈملە ۋە ئابزاسلارنىڭ ئارىسىغا باشقا سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېلىشى ئارقىلىق تەكرارلىنىش ئارىلاش تەكرارلاش دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئاشلىقنى چىڭ تۇتۇش، پاختىنى چىڭ تۇتۇش، رەختنى چىڭ تۇتۇش لازىم.»

(ماۋزېدۇڭ)

«جىمجىتلىق! ئاھ، جىمجىتلىق! ئەگەر بۇ جىمجىتلىق پارتلىمايدىغان بولسا، پەقەت ھالاك بولۇش قالدى. خالاس.»

(لۇشۈن «ليۇخېجېننى ئەسلەش»)

ئانافورىلىق تەكرارلاشنى قوللىنىشتا، تەكرارلىنىدىغان سۆزلەرنىڭ تەبئىيلىكىگە، مەزمۇننى دەل جايىدا، تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

بەدىئىي ئەسەرلەر ۋە ئۇتۇقنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى، تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەزىدە بىر خىل ئاھاڭداش سۆزلەر ياكى ئوخشاش تاۋۇشلۇق سۆزلەرنى تەكرارلاشقا توغرا كېلىدۇ. تەكرارلاشنىڭ بۇ خىل تۈرى ئاللىتراتسىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

«پاك ئىنسانلار، ساپ ۋىجدانلار، ھېچ ئۆلمەيدۇ.

قەدىردانلار، مېھرىبانلار، ھېچ ئۆلمەيدۇ.

چاقنان - چاقنان، ئالغا ئاققان، ئەلنى باققان،

دىلغا ياققان، غەيۇرانلار ھېچ ئۆلمەيدۇ.»

(بىلال ئەزىزى)

يۇقىرىقى مىسرالاردىكى ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەر ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر بولۇپ، شېئىرىي پىكىر بۇ سۆزلەر ئارقىلىق ياڭراق تۈسكە كىرگۈزۈلگەن.

جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتىن، شېئىر مىسرالىرىدا كېيىنكى مىسرالارنىڭ ئوخشاش بولۇپ تەكرارلىنىپ كېلىشى پاراللېلىزم دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

«كۆرەش - كۆرەش دەپ دائىما تىرىشىپ تۇرساق،

بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

ھەر قەدەمدە كونا تۈزۈمۈش بىلەن قىرىشىپ تۇرساق،

بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى

(ل.مۇتەللىپ «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»)

يۇقىرىقى بىر كۇپلېت شېئىردىكى 2 -- 4 - مىسرالار پاراللېلىزملىق تەكرارلىنىش ھالىتىدە كەلگەن.

ۋەقە. ھادىسىلەرگە يەكى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش مەقسىتىدە تەكرار كەلتۈرۈلگەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ئاددىي تەكرارلاش دېيىلىدۇ. ئاددىي تەكرارلاش ھەرقايسى يېزىقچىلىق تۈرلىرىدە، ئۇتتۇقتا تەلەپكە ئاساسەن ئوخشاشمىغان دەرىجىدە قوللىنىلىپ، مەزمۇن گۈچەيتىلىدۇ. ئوي - پىكىر جانلاندۇرۇلىدۇ. بولۇۋاتقان ئىش-ھەرىكەتنىڭ جەريانى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بىز تۆۋەندە، ئاددىي تەكرارلاشقا ھەرخىل ئەسەرلەر بويىچە بىرنەچچە مىسال كەلتۈرىمىز.

«... ھۆكۈمەت مۇئەللىملەرگە بەلگىلىك كىتابلارنى («تۆت كىتاب» ۋە «بەشنامە»نى ئوقۇشنى؛ بەلگىلىك تېپىرلەرگە رىئايە قىلىشنى؛ بەلگىلىك ماقالە، يەنى ئاتالمىش باگۇ ماقالىلىرى يېزىشنى ھەمدە بەلگىلىك نىزام بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى پەرز قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن ئىكەن.»

(لۇشۈن «ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدىكى كۇڭفۇزى»)

«بەزى يولداشلار ئوقنى قولىغا ئېلىپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرىدۇ - دە، «ياخشى ئوق ئىكەن، ياخشى ئوق ئىكەن»، دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختايدۇ. ئەمما ھېچ ئاتتۇسى كەلمەيدۇ.»

(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3- توم، 1485- بەت)

«مەن ئانامدىن مىننەتدارمەن، ئۇ ماڭا قىيىنچىلىق بىلەن كۈرەش قىلىش تەجرىبىسىنى ئۆگەتكەن... مەن

ئانامدىن مىننەتدارمەن، ئۇ ماڭا ئىشلەپچىقىرىش ساۋاتى بىلەن ئىنتىلابىي ئىرادىنى ئۆگەتكەن...»

(جۇدې. «ئانا خاتىرىسى»)

«— ئۆزۈم بەخۇدلۇق قىلغان،— دېدى شياڭلىن ھەدە نۇرسىز كۆزلىرىنى ئېچىپ،— قار ياغقاندا ياۋايى ھايۋانلار تاغ ئىچىدىن يەم تاپالماي كەنت ئىچىگە كېلىدۇ، دەپلا ئويلايتتىم. ئەتىياز كۈنلىرىمۇ كېلىشىنى ئويلىمىپتىكەنمەن... دەرۋەقە ئۇ، ئوت ئىچىدە يېتىپتۇ. ئۇچەي - باغرىنى يەپ بوپتۇ، ھېلىقى سېۋەت قولىدا مەھكەم تۇتۇقلۇق تۇرۇپتۇ...— ئۇ، بوغۇلۇپ، يىغلاپ سۆزىنى داۋام ئەتتۈرەلمىدى.»

...

«— ئۆزۈم بەخۇدلۇق قىلغان،— دەيتتى ئۇ،— قار ياغقاندا ياۋايى ھايۋانلار تاغ ئىچىدىن يەم تاپالماي كەنتكە كېلىدۇ، دەپلا ئويلايتتىم. ئۇنىڭ ئەتىياز كۈنلىرىمۇ كېلىشىنى ئويلىماپتىكەنمەن.... ئۇ بىر ئۆۋىدا يېتىپتۇ.... ئۇچەي باغرىنى يەپ بوپتۇ.... ھېلىقى سېۋەت بالامنىڭ قولىدا مەھكەم تۇتۇقلۇق تۇرۇپتۇ...

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاتتى. ئاۋازىمۇ بوغۇلغان ئىدى.

(لۇشۈن «بەخت تىلەش»)

«كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلاشتى. ھەتتا ئايالىم بىلەن ئوغلۇممۇ ئۇخلاپ ياتاتتى. مەن شۇ چاغدا ئەڭ

ياخشى دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا، چۈشەنگىنىمگە ئەڭ ياخشى ياشلاردىن ئايرىلغىنىمغا ئېچىندىم. ئىچىمەدىن مۇڭغا چۆكتۈم. لېكىن ئۇزاق يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئادىتىم بويىچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم - دە، تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازدىم.»

...

«كىشىلەرنىڭ دەممىسى ئۇيقۇدا ئىدى. ئەتتا ئايالىم بىلەن ئوغلۇمنى ئۇخلاپ ياتاتتى. مەن ياخشى دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا، چۈشەنگۈنىڭ ئەڭ ياخشى ياشلاردىن ئايرىلغىنىمغا قاتتىق ئېچىنىپ، غەزەپ-نەپرەت ئىچىدە مۇڭغا چۆكتۈم. لېكىن ئۇزاق يىلدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئادىتىم بويىچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم - دە يۇقىرىقىلارنى يازدىم.

(لۇشۈن «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش»)

«... يېتىم بالا ئۇندا ئىشلەپتۇ، بۇندا كەچلەپتۇ. يۇرت ئارىلاپتۇ، ئارىلاپتۇ، قارىسا دەممە يەردە «قازاننىڭ قۇلىقى تۆت»، ئاخىرى يەنە سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ماڭغاندىمۇ مول يۇرۇپتۇ. ئاردىن بىر نەچچە كۈنلەر ئۆتكەندە، ھالسىزلىنىپ ماغدىرىدىن كەتكەندە، بىر بولاقنىڭ بېشىغا كېلىپ قاپتۇ...»

(خەلق چۆچىكى «ساپ كۆڭۈل يىگىت»تىن)

«— ھەي يوغان تاش،
ھەي يوغان تاش،

خۇشاللىقتىن كۆزۈمدە ياش!
يېپىل تېشىم، يېپىل تېشىم،
قۇتۇلۇپ قالدى ئەزىز بېشىم.

......................

يېرىلما تېشىم، يېرىلما،
مەن دادامنى كۆرمەيمەن،
دىدارغا باقمايمەن،
ئاۋۋال ئىدى ئۆز دادام،
ئەمدى بولدى قېيىن ئاتام.

......................

— ئەللەي بالام، ئەللەي،
كېچىلىرى چىراغىم،
ئوڭ يېنىمدا ئالتۇن بولۇك،
سول يېنىمدا كۈمۈش بولۇك.
ئەللەي بالام، ئەللەي.
(خەلق چۆچىكى «يېرىل تېشىم، يېرىل»دىن)

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

مەن ئۆلەرمەن، مەن ئۆرلەرمەن،
يولدا قويماڭلار مېنى.
يولدا قويساڭلار قويۇڭلار،
چۆلدە قويماڭلار مېنى.

ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدا چىراغ كۆيەدۇر،
چىراغ ئەمەس يارنىڭ ئوتى، يۈرەك كۆيەدۇر.

ئوي ئويلايسىز، ئوي ئويلايسىز،
ئويچىمىدىڭىز سىز.
يان باغرىدا يېتىۋاپسىز،
قويچىمىدىڭىز سىز.

(«ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى»دىن)

ئېگىز ـ ئېگىز تاغ باشىدىن سىرىلدىم سىزگە،
قارلىغاچنىڭ بالىسىدەك ئېگىلدىم سىزگە.
بىلەمسىزكى، بىلمەمسىزكى خۇشتارمەن سىزگە،
ئوشبۇ ئوتتا ئۆلۈپ كەتسەم ئۇۋالىم سىزگە.

(«ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى» دىن)

«... بالا يىغلىدى، قاقشىدى. ئاپىسىنىڭ قەبرىسىگە باردى. ئۇ، پارقىراپ تۇرغان سېرىق توپا ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ، باغرىنى يېقىپ، قەبرىنى چىڭ قۇچاقلاپ، زار ـ زار يىغلايتتى. «ئاپا... ئاپا... جېنىم ئاپا! نەدىسەن؟ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟... مەن كەلدىم، سەن نەگە كەتتىڭ ئاپا؟... مېنى نېمىشقا تاشلاپ كەتتىڭ ئاپا... مەن ئەمدى كىمنى ئاپا دەيمەن؟ ئاپا دېگەننىڭ ئاغزىغا قارايمۇ؟... مېنى مۇشۇنداق كۈنگە ئاتاپ تۇغقانمىدىڭ؟ مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ جېنىم ئاپا... ئەمدى مېنى قېشىڭغا ئالساڭچۇ»، دەپ زارلايتتى.»

(تۇردى سامساق، «تىميانشان باغرىدا»)

«قانلىق يىللار، قانلىق ئايلار، قانلىق ھەپتە،
ئەنە شۇنداق قاقىرلاردەك تىزىلىپ ئۆتتى.
قانلىق چامدام، قانلىق قامچا، قانلىق نەشتەر،
كۆپلىگەن ئەل ھاياتىنىڭ رىشتىنى ئۈزدى.»

(ئۇربوساقوپ)

يۇقىرىقى مىساللاردىن، ئاددىي تەكرارلاشنىڭ ھەر خىل ئەسەرلەردىكى شەكىللىرىنى: بەزىدە بىر سۆز ياكى بىر سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەكرارلىنىشىنى، بەزىدە بىر جۈملىنىڭ تەكرارلىنىشىنى، ھەتتا بەزىدە پۈتۈن بىر ئابزاسنىڭ تەكرارلىنىشىنى، ئېھتىياجقا ئاساسەن ئۇدا تەكرارلاشنى، ئارىلاش تەكرارلاشنىمۇ ئايرىم ياكى ئارىلىشىپ كېلىشىنىمۇ كۆرۈپ ئالالايمىز.

تەكرارلاشنىڭ يەنە بىر خىل تۈرى كۆچە يىتىپ تەكرارلاشتۇر.

شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا ئىپتىلغان ئوي ـ پىكىرنىڭ كېيىنكى مىسرالاردا ئۇلاشتۇرۇپ تەكرارلىنىشى ـــ كۆچە يىتىپ تەكرارلاش دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ، قارا مەندە يوق،
قارامۇقنىڭ قاسرىقىدەك گۇناھ مەندە يوق.

قارا ـ قارا قاشلارىڭغا قاتساڭچۇ مېنى،
قارا قاشنىڭ بازارىدا ساتساڭچۇ مېنى.

قارا قاشنىڭ بازاردا ئۆتمىسەم ئەگەر،
كىرپىكىڭنى ئوقيا قىلىپ ئاتسائچۇ مېنى.

(خەلق قوشىقى)

بىز يۇقىرىدا تەكرارلاشنىڭ بىرنەچچە خىل تۈرلىرى ھەققىدە توختالدۇق. خۇلاسىلىگەندە، تەكرارلاش ئۇسۇلى مۇۋاپىق قوللىنىلغاندا، ھەر خىل ئەسەرلەر ۋە نۇتۇقتا ئىپادىلەنمەكچى بولغان ئوي - پىكىرنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ھېسسىياتنى كۈچەيتىدۇ. تىلنىڭ مۇزىكچانلىقىنى، ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

تەكرارلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

(1) تەكرارلاش ئۇسۇلى ئەسەر ۋە نۇتۇقنىڭ مەزمۇنىنى، ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشنى چىقىش قىلىش كېرەك. قالايمىقان قوللىنىلسا، ئەسەر ۋە نۇتۇقنى تېتىقسىز، چاكىنىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى، شېئىرلاردا تەكرارلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتا، نوقۇل قاپىيە كەلتۈرۈش، بوغۇم تولدۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىۋالماسلىق كېرەك. بەلكى كىتابخانلارنى شائىرغا ئەرتاش شېئىرنى ھېس - تۇيغۇغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىش كېرەك. شائىر كى يەن «جۇ زۇڭلى، سىز نەدە» دېگەن شېئىرىدا مۇشۇ تەلەپنى ئورۇنلىغان.

مەسىلەن:

مەشەدە!
مەشەدە!
سىز مەڭگۈ بىز بىلەن بىللە.
بىللە ھەرقاچان...
كۈن چىقار جايدا تۇرىسىز مەڭگۈ،
خەلقنىڭ قەلبىدە ياشايسىز مەڭگۈ،
ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆزمەي ھەر قاچان،(ھەر زامان!)
ئەسلەيدۇ خەلق،
ئەسلەيدۇ سىزنى،
ئەسلەيدۇ ھامان.»

(كى يەن «جۇزۇڭلى، سىز نەدە؟»)

(2) تەكرارلاشنى مۇۋاپىق، مەقسەتلىك، نىشانلىق ئىشلىتىش كېرەك. ھەرگىز سۆز تاپالمىغاندا بىر سۆزنى قايتا - قايتا تەكرارلاۋېرىشتەك تېتىقسىزلىقنى قىلماسلىق كېرەك.

(3) تەكرارلاشقا تېگىشلىك سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى، جۈملە، ئابزاسلار مەنە جەھەتتە، شەكىل جەھەتتە بىردەك بولۇشى، بىر خىل سۆز تۈركۈمى ۋە جۈملە تۈرىگە مەنسۇپ بولۇشى، ئوينايدىغان رولى ئوخشاش بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئەسەر ۋە نۇتۇقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا زىچ چېتىلىشىپ كېلىشى كېرەك.

## 32. سىنكدوخا

شېئىرىيەتتە پۈتۈن نەرسىلەر ئورنىغا پار-

چە، پارچە ئورنىغا پۈتۈن، كۆپلۈك ئورنىغا بىرلىك، بىرلىك ئورنىغا كۆپلۈكنى ئىپادىلىدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ھېسسىياتنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت ستىلىستىكىلىق ۋاستە سىنېكدوخا دەپ ئاتىلىدۇ.

سىنېكدوخا مېتونومىيىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسىدىكى جۈملىنىڭ بىر خىل بۆلەكلىرىگە يېتىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

«نەقىشلىك ئۈپۈققا تىزىلغان ئانار،
تىزىلغان كۆك ئامۇت، بېھى ۋە ياڭاق.
بۇغدايغا لىق توشقان ئۇن نەچچە تاغار،
تۇراتتى بولۇڭدا سورتلۇق باش قوناق.

مېھماننىڭ داستىخان ئۈستىدە مەزە،
تۈرلۈك ئوخشىغان قاتلىما، ئاق نان.
بەھۇزۇر يېتىپتىمەن قوغۇن ئۈزۈمگە،
ئۈپۈرۈلغان تېنىمگە كىردى كۈچ - قۇۋۋەت.»
(مىرزاھىد كېرىمى «دېھقاننىڭ سوۋغىسى»)

يۇقىرىقى شېئىردا ئاپتور ئانارلار، ئامۇتلار، بېھىلەر، ياڭاقلار، بۇغدايلار، قوناقلار، قاتلىمىلار، ئاق نانلار دېگەن كۆپلۈك سانىدىكى ئىسىملار ئورنىغا، بىرلىك سان (بىرلىك) مەنىسىدىكى ئىسىملارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، شېئىردىكى رېتىم ۋە ئاھاڭدارلىقنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىپ، شېئىر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن.

«يۇرتۇم بېغى يەنە بۇ ياز زىننەتكە تولۇپتۇ،
زىننەتتىن ئېسىل مەھسۇلى بەرىكەتكە تولۇپتۇ.
شاخلارنى ئېگىپ ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇللار ۋە ئەنجۈر،
تەكلەردە ئۈزۈم باشچە شەربەتكە تولۇپتۇ.»
(ت. ئېلىيېۋ «يۇرتۇم بېغى»)

يۇقىرىقى شېئىردىن، ئاپتور جۈملە بۆلەكلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، كۆپلۈك مەنىدىكى ئالمىلار، ئۆرۈكلەر، شاپتۇللار، ئەنجۈرلەر، ئۈزۈملەر دېگەن ئىسىم ئورنىغا، بىرلىك مەنىدىكى ئىسىملارنى ئىشلىتىپ، شېئىر مەزمۇنىنى ھېسسىياتلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

سىنكدوخادىن ئىبارەت ستىلىستىكىلىق ۋاسىتىدىن پايدىلانغاندا، ئاپتور تاللىۋالغان ئوبيېكت يەنى ماتېرىيال (تىلغا ئېلىنغان شەيئى) نامى بىۋاسىتە تىلغا ئېلىنىدىغان بولغاچقا، كۆپىنچە ئىسىملارنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. كۆپ ھاللاردا كۆپلۈك ئورنىغا بىرلىك، بىر توپ شەيئى ئورنىغا يەككە (ئايرىم) شەيئى قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن كۆپلۈك سان قوشۇمچىلىرىمۇ كەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، بىرلىك مەنىدە ئېلىنغان شەيئىلەرنىڭ نامى ئوخشاشلا كۆپلۈك، پۈتۈنلۈكنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ئۆتىگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىدۇ.
مەسىلەن:

«ئەنە لەيلى، ئەنە ئەتىر، مىسالى گۈل بازارى بۇ،
گۈزەللىكتە تېڭى يوق باغ بېھىشنىڭ ئىنتىزارى بۇ.»
(ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «قەشقەر باغچىسى»)

يۇقىرىقى مىسالدىكى «لەيلى»، «ئەتىر» ئىسىملىرى بىرلىك مەنىدە كەلگەن بىلەن مەنە جەھەتتە كۆپلۈك مەنىنى، (لەيلىلەر، ئەتىرلەر... دېگەن ئومۇمىي ئىسىمنى) ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

## 33. ئىرونىيە (دارىتما)

فورما جەھەتتىن ئىجابىي باھانى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەر ئارقىلىق، ئەمەلىيەتتە دارىتمىلاش ۋە مەسخىرىلەش مەنىلىرىنى ئاڭلىتىدىغان ئىبارە ئىرونىيە دېيىلىدۇ. ئىرونىيە كىنايىنىڭ بىر شەكلى بولۇپ، كۆپىنچە شېئىرىيەتتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

«ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا»، دەپتىكەن بىر ساددا،
تىترەك قارا يىللارنىڭ بىر دانىشمەنى (؟!)»
(ل. مۇتەللىپ)

بۇ مىسالدىكى «دانىشمەن» دېگەن سۆز قارىماققا ئىجابىي مەنىگە ئىگىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز كۈچلۈك مەسخىرە مەنىسىگە ئىگە.

本书维语中多采用的修词产语是以例子说明…


# 维吾尔语修词学 （维吾尔文）

作者：胡吉·阿布都拉
艾麦提·尼牙孜

责任编辑：阿布里米提·吾斯满

责在校对：白合提亚尔·阿布里米提

喀什维吾尔文出版社出版

新疆新华书店发行

喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷

787×1092毫米 32开本 9.5印张

1987年11月第1版 1988年6月第1次印刷

印数：1—5550

*ISBN7—5373—0058—5/H·2*

统一书号：*M9264—5* 定价：0.75元

# «ئۇيغۇر تىلى ستىلىستىكىسى»گە تۈزىتىش

| بەت | قۇر: يۇقىرىدىن | قۇر: تۆۋەندىن | خاتاسى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 156 | | 2 | مېتونومىيە ئوخشاشسىز كۆچۈم | مېتونومىيە (ئوخشاشسىز كۆچۈم) |
| 2!0 | | 10 | مەكتۇبنىملىك | مەكتۇپنىملىك |
| 260 | | 10 | مېتافورا ئوخشاشلىق كۆچۈم | مېتافورا (ئوخشاشلىق كۆچۈم) |

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غەيرەت خالىق

ISBN7 — 5373 — 0058 — 5/I·2

نومۇرى: 5 — 9264 باھاسى: 0.75 يۈەن